SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG
ОБЩЕСТВЕННЫЕ НАУКИ В СИНЬЦЗЯНЕ

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى



1

2012

ISSN 1002-9052
03>
9 771002 905006

«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» گە كىرگەن ژۇرنال
7- نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ژۇرنال
入选“中国期刊方阵”
荣获第七届“新疆期刊奖”

# ئاكادېمىيەمىزدىكى نوپۇزلۇق ئاز سانلىق مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى



ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئۇقۇمۇشلۇق ژۇرنالىست، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولىدىغان مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچى.

ئۇ 1936-يىلى غۇلجا شەھرىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1945-يىلىدىن 1956-يىلىغىچە «ئۈمىد» مەكتىپى، غۇلجا بىلىم يۇرتى ۋە غۇلجا ئوغۇللار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1956-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتى، پارس، تاجىك كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە رۇس كىلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە بىلىم تەھسىل قىلغان. 1961-يىلى 8 -ئايدا ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە خىزمەت قىلىپ، 1981-يىلىغىچە «تارىم» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر، ئەدەبىيات تەتقىقات ئىشخانىسىدا تەتقىقاتچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1981- يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە يۆتكىلىپ، مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئابدۇشۈكۈر تۇردى 1950-يىللارنىڭ دەسلەپىدىلا ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، «غوپۇر غۇلامنىڭ 30-يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە شەرق تېمىسى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان داستانچىلىقى ۋە ‹چولپان› داستانى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. يەنە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە ئوچېرىكى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى يېزىشقا قاتناشتى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. يەنە «جۇڭگو ئىنسكلوپېدىيەسى»نىڭ «جۇڭگو ئەدەبىياتى» تومىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرىنى يېزىشقا قاتناشتى ھەم مەزكۇر تومنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولدى. «تارىم » ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە، نىزارىنىڭ «لەيلى-مەجنۇن» داستانىنى، موللا بىلال نازىمنىڭ «غەزەلىيات» ناملىق ئەسىرى بىلەن گۇمنامنىڭ غەزەللىرىنى، «ئوغۇزنامە» داستانىنى نەشرگە تەييارلىدى.

3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ئابدۇشۈكۈر تۇردى كۆندىلىك ئەسەر تەھرىرلەش ۋە تەرجىمە ئىشلىرىدىن باشقا، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تونۇشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، موللا بىلالنىڭ «غەزەلىيات»، «گۇمنام غەزەللىرى»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلىدى. ئۇ خاۋ گۇەنجۇڭ بىلەن بىللە «لياۋجەي رىۋايەتلىرىدىن تاللانما» نى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. 1980-يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تەشكىللىگەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە كاندىدات تەتقىقاتچى ئۇنۋانى بىلەن تاللىنىپ كىردى. شۇ يىلى يەنە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قىسقىچە ئوچېرىكى» نى يېزىشقا قاتنىشىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىلاسسىك ئەدەبىيات قىسمىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئەسەر 1982-يىلى خۇنەن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ناملىق خەنزۇچە توپلامغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ 1980-يىلى زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە» ناملىق داستانىنى تەييارلاپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلدى. ئۇ 1981-يىلى 3-ئايدا مەكىت ناھىيەسىدە تەكشۈرۈش ئاساسىدا، «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى – ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى» ناملىق ماقالىنى يازدى. بۇ ماقالە 1981-يىلى تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «2- قېتىملىق خەلقئارا تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەزمىي نۇسخىسىنى ئىشلەشكە قاتنىشىپ، ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيەلىك تولۇق مەتىنىنى ئىشلەشكە مەسئۇل بولدى ھەم باشقىلار بىلەن بىللە مەزكۇر ئەسەرنىڭ نەسرىي يەشمە نۇسخىسىنى ئىشلەپ نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتاب دۆلەتلىك كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1981-يىلى نىزارىنىڭ «لەيلى-مەجنۇن»، 1982-يىلى ئاياز شېكەستىنىڭ «جاھاننامە» ناملىق داستانىنى نەشرگە تەييارلىدى. 1983-يىلى «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي بايان»نى يېزىپ ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 5-ئايدا يەنە تۈركىيەنىڭ ئېسكى شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 1-نۆۋەتلىك خەلقئارا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ۋە يىغىندا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى ماقال-تەمسىللەر بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ماقال-تەمسىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي ماقالىسنى ئوقۇپ، يىغىن ئەھلىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. 1984-يىلى «جۇڭگو ئېنىشكلوپېدىيەسى» «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» تومىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قىسمىنى يېزىش ۋە تەھرىرلەشكە قاتناشتى، شۇنداقلا مەزكۇر تومنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولدى. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇ تەھرىرلىكتىن باشقا تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. رۇسچىدىن چېخوپنىڭ «بالىخانلىق ئۆي» ناملىق پوۋېستىنى، «ئۈچىنىڭ بىرى»، «يېزا دوختۇرى» ناملىق ھېكايىلىرىنى، سېتىندالنىڭ «ۋانىنا ۋانىنىي» ناملىق پوۋېستىنى، گوركىينىڭ «بوران قۇشى ھەققىدە قوشاق»، «لاچىن قۇش ھەققىدە قوشاق» ناملىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى، يەنە ماياكوۋسكىنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىلەن «لېنىن» پوئېمىسىنى تەرجىمە قىلدى. نىزارىنىڭ «فەرھاد-شىرىن» داستانىنىڭ، «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ ۋە تۈركچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ياشار كامالنىڭ «مەمەت ئاۋاق» رومانىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىدى. ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئىشلەشكە قاتناشقان « ‹قۇتادغۇ بىلىك» داستانى، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخي ئوچېرىكلىرى» ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە ۋە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيەسىنىڭ نەشر ئەپكارى

# شىنجاڭ
# ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

2012 - يىللىق 1 - سان
( ئومۇمىي 122 - سان )

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال
ئىلمىي ژۇرنال
2012ـ يىللىق 1ـ سان
(ئومۇمىي 122ـ سان)

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 30ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

## بۇ ساندا

### نەزەرىيە، پەلسەپە تەتقىقاتى

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەدىن بىر گەۋدە
تۈزۈلۈشىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى.......................... بەي مو 1
ئورخۇن ئابىدىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى دۇنيا قاراش توغرىسىدا............ ئابدۇمىجىت مۇھەممەت 8

### جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىساد تەتقىقاتى

ئىناق ئائىلە مۇھىتىنىڭ ئاياللار ساغلاملىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى.......... گۈلزەپەر مۇھەممەت 17
شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى
يېڭى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە................. ئۆمەر بەكرى، ئۆمەر يۈسۈپ 22

### قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلاردىكى سودا ـ تىجارەت پائالىيىتىنىڭ ئادەت قانۇنى تەرىپىدىن
قېلىپلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى................... رىشات ھەسەن 27
جۇڭگو بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ توختامغا خىلاپلىق قىلىش
تۆلەم پۇلى تۈزۈمى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات........................ ئادىل ئايۇپ 32

### مەدەنىيەت، يەر نامى تەتقىقاتى

چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق توغرىسىدا بىرقانچە مەسىلە......... غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر 36
شەھەر مەدەنىيىتى بىلەن رايون مەدەنىيىتى.......................... بيەن مىن 47
ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ئېتنولوگىيەلىك
ۋە فولكلورلۇق خۇسۇسىيىتى............................. ئابلىز مۇھەممەد سايرامى 53
ئۇيغۇرلاردىكى كۆپ تىللىق مەدەنىيەت ھادىسىسى توغرىسىدا................ ئەزىز ھەسەن 65

باش مۇھەررىر : ئابدۇرازاق تۆمۈر

ۋاقىتلىق مەسئۇل مۇھەررىر : مۇھەممەدجان مۆمىن

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىي مۇھەررىرى: ماھىنۇر يۇنۇس

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك» نامى توغرىسىدا .............. ئابلىكىم ئابدۇرەشىد 72

**ئارخېئولوگىيە، دىن تەتقىقاتى**

قۇمدەريا قەبرىستانلىقىنىڭ قايتا بايقىلىشى ۋە قېزىلىشىنىڭ تاماملىنىشى (داۋامى) .... ئەنۋەر ھەسەن 84

ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بوگۇنكى دەۋردىكى ئۆزگىرىشى........... مۇتەللىپ ئىقبال 90

«ھىزبۇت» توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات...................... ئەخمەتجان ھەسەن 101

**تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى**

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تىكى قۇش ناملىرى

توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش.......................... قەدىردىن نۇرئەخمەت 108

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەگداش

بىرىكمىلەرنىڭ قاتلىمى توغرىسىدا............................ ئابدۇرېھىم راخمان 115

تەجنىسنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭغا تاللىنىدىغان سۆزلەر توغرىسىدا............ رۇقىيە ئۇسمان 121

**ئەدەبىيات تەتقىقاتى**

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئېكولوگىيە

پىروزىچىلىقىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى........................ ئابلاجان مەھەممەت ئۈمىديار 128

يازغۇچىنىڭ ھايات كەچۈرمىشى نۇقتىسىدىن زوردۇن

سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىغا نەزەر............................ ئابدۇۋەلى كېرەم 134

«ئىز» رومانىدا ئەكس ئەتكەن فولكلور ئامىللىرى توغرىسىدا............ زۇمرەت ئالىم 143

«كرورەنلىك باللار» رومانىنىڭ تەربىيەۋى قىممىتى توغرىسىدا.......... شەرىپە ئابدۇغوپۇر 151

تەھرىر ھەيئەتلىرى:

ئابدۇرازاق تۆمۈر، ئابدۇرازاق سايىم، ئاۋۇت توختى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇكېرىم رەھمان بوجى، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئىمىن ئەھمىدى، تاھىرجان مۇھەممەد، ئارسلان ئابدۇللا، قاسىمجان ئەھمىدى، ئابلىكىم ھەسەن، ئادىل خالىق، ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى بارات، ئىسلامجان شېرىپ بەشكىرەمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 《新疆社会科学》维吾尔文版

## 目　录

总编：阿不都热扎克・铁木尔
临时负责人：买买提・莫明


### 理论、哲学研究

中华民族多元一体格局的历史特征……白漠　1
关于鄂尔浑—叶尼塞碑文中反映的世界观……阿不都米吉提・买买提　8

### 社会学、经济研究

和谐家庭环境对妇女健康的影响……古丽扎帕尔・买买提　17
初探新疆清真食品产业发展中的新变化……吾马尔・拜克力、约麦尔・玉苏普　22

### 法学研究

论维吾尔族商事习惯法及其适用……热夏提・艾山　27
中国与乌兹别克斯坦违约金制度比较研究……阿迪力・阿尤甫　32

### 文化、地名研究

有关国外维吾尔学研究的几个问题……海热提江・乌斯曼　36
城市文化与地域文化……卞敏　47
维吾尔族麦西来甫的民俗学特征……阿不力孜・买买提　53
历史上维吾尔族的多语文化现象……艾则孜・艾山　65
关于古代维吾尔语中的"印特伽"地名考……阿不力克木・阿不都热西提　72

### 考古、宗教研究

小河墓地考古再发现及挖掘（续）……艾尼瓦尔・艾山　84
维吾尔族原始信仰在当代的演变……木塔力普・依克巴力　90
简论"伊扎布特"的产生及演化……艾合买提江・艾山　101

### 语言学研究

《五体清文鉴》中鸟类名称初探……凯迪尔丁・努尔艾合麦提　108
现代维吾尔语并列短语层次研究……阿不都热依木・热合曼　115
论台吉尼斯的分类及选词……茹克娅・吾斯曼　121

### 文学研究

生态文学与维吾尔生态小说的新趋向……阿布拉江・买买提　128
从作家传记研究视角看祖尔东・沙比尔的《探索》……阿布都外力・克热木　134
长篇小说《痕迹》中的民俗现象……组木来提・阿里木　143
论长篇小说《楼兰之子》的教育价值……夏丽帕・吾甫尔　151


本期执行编辑：玛依努尔・玉奴斯

# جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەدىن بىر گەۋدە تۈزۈلۈشىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى

بەي مو

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز كۆچەيتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، قەدىمىي، پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى، پايانسىز گۈزەل تاغ ـ دەريالارنى ئورتاق ۋۇجۇتقا چىقاردى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزئارا يېقىن ئالاقە باغلاپ، بىر ـ بىرىگە تايىنىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدە تۈزۈلۈشىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ تۈزۈلۈشنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇش ـ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆچەيتىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## مەدەنىيەتنى ئېتىراپ قىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ئالاھىدىلىكىدۇر

**رىۋايەتلەرنى ئېتىراپ قىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئالدىنقى شەرت.** گېرمانىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ شېللىڭ (Shelling) مۇنداق دەپ قارايدۇ: «بىر مىللەت ئۆز رىۋايەتلىرى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۆزىنى مىللەت دەپ تونۇغاندىلا، ئاندىن ئۇ مىللەت بولىدۇ». ھاياتلىقنىڭ يارىلىش رىۋايەتلىرى بىر مىللەت ئورتاق گەۋدىسىنىڭ مەدەنىيەت يىلتىزىدۇر. بۇ يىلتىزنى تاپقاندىلا، ئۆزىنى مەدەنىيەت بىلەن باغلايدىغان مۇتىقنى، يەنى ئەجدادلىرىنىڭ نەسەبىنى تاپقان ھېسابلىنىدۇ. «شاڭ سۇلالىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى»دىكى رىۋايەتلەردىن، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۆز يولباشچىلىرىنىڭ تۇخۇمدىن پەيدا بولغانلىقىدەك رىۋايەت بارلىققا كەلگەن. «جىننامە»دە خاتىرىلەنگەن شىمالىي خەننىڭ خانى، ھون پۇشتىدىن بولغان ليۇ يۈەنىنىڭ تۇخۇمدىن پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. بۇنداق رىۋايەت، ئەپسانىلەر پەقەتلا ۋېي، جىن سۇلالىرىدىن بۇرۇنقى شىمالدىكى مىللىي ھۆكۈمرانلار توغرىلىق توقۇلغانلا بولماستىن، يەنە سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىمۇ ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىغان. «موڭغۇللارنىڭ ئالتۇن تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، چىڭگىزخان تۇغۇلغاندا ئىلاھىي قۇش ئۇچۇپ كېلىپ يەتتە كۈنگىچە «چىڭگىز» دەپ سايرىغانمىش. ئاخىرى ئۇ قۇش قونۇپ تۇرغان تاش ئۆزلۈكىدىن يېرىلىپ بىر دانە خەنزۇچە «ئەجدىھا» خېتى ئويۇلغان قاشتېشى مۆھۈرى چىققانمىش. بۇ خىل رىۋايەت، ئەپسانىلەر ئۇزۇن مەزگىللەردىن بۇيان تارىخ ئىلمى ساھەسىدە «بىمەنە»، ھەتتا «فېئودال خوراپاتلىق» دەپ قارىلىپ چەتكە قېقىلغانىدى. لېكىن ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىرى مىللەتنىڭ پەيدا بولۇش توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتنى ئېتىراپ قىلىش ۋە كوللېكتىپ ئەسلىمىنى گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقىنى، ماھىيەت جەھەتتە ھەقىقىي ۋە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، بۇنى تارىخ ماتېرىياللىرى ئارقىلىق دەلىللەش ۋە ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقىنى بايقىدى. مىللەتلەر ئورتاق گەۋدىسىدىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن بۇ خىل ئىچكى روھ دەل ئۇلارنىڭ ئۆز ئەجدادىنى ئېتىراپ قىلىشىنىڭ ئاخىرقى ئۆلچىمىدۇر. «تارىخنامە»دىكى خۇايى قوۋملىرىنىڭ ئورتاق ھالدا «يەندى، خۇاڭدى ئەۋلادلىرى»دىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئايرىلمايدىغانلىقى ھەمدە قوشۇلۇشقا يۈزلىنىدىغانلىقىنىڭ ئاساسىي ۋە ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالدى. سيانپىلار ئۆزىنى خۇاڭدىنىڭ ئەۋلادى، قىتانلار ئۆزىنى يەندىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدۇ، ھۇنلار بولسا ئۆز ئەجدادىنى شيالارنىڭ كېيىنكى ئۇرۇقى مياۋغا باغلايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر گەۋدە بولۇشى ئاساسلىقى ئىرقىي قانداشلىقتىكى بىر پۈتۈنلۈك بولماستىن، بەلكى مەدەنىيەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يەندى، خۇاڭدى قاتارلىق بەش

پادىشاھ «گومانتارنىي ئەجداد» دەپ ئاتىلىدۇ. خۇددى ۋېي، جىن، شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخىي تەتقىقاتىنىڭ باشلامچىسى چېن يىنكې ئەپەندى ئېيتقاندەك، پۈتۈن شىمالىي سۇلالىلەر تارىخىدىكى غۇزلار بىلەن خەنزۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئەمەلىيەتتە غۇزلىشىش، خەنزۇلىشىش مەسىلىسى، ھەرگىز غۇز نەسلى، خەنزۇ نەسلى مەسىلىسى ئەمەس؛ خەنزۇلاشقان ئادەملا بولسا خەنزۇ دەپ قارالغان، غۇزلاشقان ئادەملا بولسا غۇز دەپ قارالغان، قانداشلىقنىڭ قانداق بولۇشى سۈرۈشتۈرۈلمىگەن. پەقەتلا قانداشلىقنى دەلىللەش ئارقىلىق مىللەت خاسلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئۇرۇنۇشلار ئومۇمىيلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇنداق بولمىغاندا «كۆپ مىللەتلەر بىر گەۋدىلىشىش» بىلەن «يەندى، خۇاڭدى ئەۋلادى» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەسىلە ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق بىرلىككە كېلىش قىيىنغا توختايدۇ.

**سالاھىيەتنى ئېتىراپ قىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ بەلگىسى.** فەن ۋېنلەن ئەپەندى ئىلگىرى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «خەنزۇلار شۈبھىسىزكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ بىرىكمە گەۋدىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەجدادى ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭ ئەجدادى رىۋايەتلەردىكى خۇاڭدى ئۇرۇقى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەجدادىمۇ ئۇنىڭ ئەجدادى ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن، ھازىرقى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەجدادى ياكى قوشۇلۇپ يوقۇلۇپ كەتكەن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇلارنىڭ تۇغقانچىلىق جەھەتتىكى ئەجدادى ياكى ئەجدادىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ». جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەزەلىق سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشى ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەت ئەزەلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەندى، خۇاڭدىنى يادرو قىلغان بەش پادىشاھ سىستېمىسى خۇددى بىر مىسلىسىز نۇرلۇق پىرامىداغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئەزا بولۇش تەقدىرنىڭ قىسمىتى بولۇپ، چەكسىز شان ـ شەرەپ ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئەجدادلار ۋە تۆتېم، رىۋايەتلەرنىڭ مۇتلەق نوپۇزى ۋە كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى سەۋەبىدىن، رېئاللىقتىكى ھۆكۈمرانلارنى مۇقەددەس ئەجداد بىلەن باغلاش بارلىققا كېلىپ، مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى قانداشلىق يۆلەنچۈكىگە ئېرىشكەن. بۇ پاترىئارخاللىق تۈزۈم شارائىتىدا مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئاساستۇر. ئۇزۇنغىچە توختىماي ۋاقىتتا مىللەتلەر توقۇنۇشى، ئايرىلىش، قوشۇلۇش جەريانىدا بىر قىسىم تارقاق، يىگانە مىللەت بىرلىكلىرى يوقۇلۇپ كېتىپ، نۇرغۇن يېڭى مىللەت سۇبىستانسىيەلىرى بارلىققا كېلىپ، بىرى ـ بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىرى يەنە بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، قان بىلەن گۆشتەك بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن، بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىش ئوخشاشلۇق ئەمەلگە ئاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدىكى «خەنزۇلار بىلەن باشقا مىللەتلەر توغرىسىدىكى مۇنازىرە» دىن كېيىن، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەتلەردىن ئىبارەت «بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى» ـ كۆپ مىللەتتىن بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بارلىققا كەلدى.

**دۆلەتنى ئېتىراپ قىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ نەتىجىسى.** ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيەتنى ئېتىراپ قىلىش سەۋەبىدىن، يەندى، خۇاڭدى ئەۋلادى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇقەررەر بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەبىئىي ھالدا جاھاننىڭ خوجىسى سالاھىيىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك مۇقەددەس ھوقۇق ۋە بۇرچقا ئىگە بولدى. بۇ مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش بىلەن تەڭلا «نادانلار»، «ياتلار» دەپ ئاتىلىشنى خالىمىدى، شۇنداقلا ئۆزىگىلا تەۋە بىر زېمىننىڭ بولۇشىنىمۇ خالىمىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنى «جۇڭگو» دەپ ئاتىدى ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بايرىقىنى كۆتۈرۈپ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۆز بۇرچى قىلدى. خەنزۇلارلا ئەمەس بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا خېلى بۇرۇنلا «جۇڭگو» كۆپ مىللەتلەرگە ئورتاق سىياسىي گەۋدە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان مەڭگۈلۈك ھايات ۋە تەڭداشسىز مۇقەددەس خاراكتېرىنى، بۇنىڭ ھەر قانداق مىللەت ۋە خان ـ سۇلالىلەردىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئورتاق تونۇدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى توقانتېمۇر شىمالىي ئاستانىگە چېكىنگەندە «دۆلەتنىڭ دانىشمەن پادىشاھىغا تەۋە بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم،

جەنۇبىي جۇڭگودىمۇ تالانت ئىگىسىنىڭ چىققانلىقىدىن خۇشالمەن. قايتىپ بىرىپ پادىشاھىڭىزغا ئېيتىڭ، تەڭرىم ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي» دېگەن مەزمۇندىكى شېئىرنى جۇ يۈەنجاڭ ئەۋەتكەن خەۋەرچىگە بەرگەن ئىكەن. شېئىردا زېمىن قولدىن چىقىپ كېتىۋاتقان پەيتتە «دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقى»غا ئۆكۈنمەسلىك، ئەكسىچە ئالدىنقى سۇلالە پادىشاھىنىڭ تەختنى كېيىنكى غالىپقا ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى ماختاش پوزىتسىيەسى ئىپادىلەنگەن. جۇ يۈەنجاڭمۇ ۋەزىرلىرىگە: «يۈەن سۇلالىسى جۇڭگوغا 100 يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى، پىقىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇلارغا تايىنىپ ياشىدى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان، مىڭ سۇلالىسى ھەرگىز «زېمىننى ‹يات مىللەت› قولىدىن ئالدۇق» دېمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ۋە ئارقىغا قايتۇرۇپ بولمايدىغان تەرەققىيات ئېقىمىغا ئايلانغان. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى مۇشۇ سەۋەبتىن شەكىللەنگەن، جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىدەك تارىخىي زور يۈنىلىشنى ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمايدۇ.

## جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكى ــ بىر ـ بىرىگە تايىنىشتۇر

**مەدەنىيەتتە بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىش ــ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەنىۋى كۈچىنىڭ مەنبەسى.** ئورتاق مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ھاياتىي روھىدۇر. چۈنكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ كۇڭزى مەدەنىيىتىنى يادرو ھەم تىرەك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان شىمالدىكى پادىشاھ، سۇلالىلەر بۇ كۆپ مىللەتتىن بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلغانىدى. ماھىيەت جەھەتتە خەنزۇ مىللىتى ھەرقايسى مىللەتلىرىنىڭ بىرىكمە گەۋدىسى بولغىنىغا ئوخشاش، خەنزۇ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا ئاساسىي مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكمە گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى ئىپتىدائىي، ياۋايى ئادەملەر دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ھالىتىنى يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشتىن بۇرۇنقى ئىنتايىن تۆۋەن سەۋىيەدە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنى ئاددىي قىلىپ «بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان تەرەققىيات يولىدا» دېيىشكە بولمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تارقىلىش، سىڭىشىش ۋە ئۆزئارا تولۇقلاش جەريانىدا ئېكولوگىيەلىك ئۇيۇشۇش ۋە يۈكسىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ يوقالماسلىقى، يېڭىلمەسلىكىدىكى سىردۇر.

چېن يەنكې ئەپەندى ئىلگىرى مۇنداق دېگەنىدى: «تاڭ دەۋرىدە يات مىللەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ، گۈللىنىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، قەدىمىي ۋە كونا مەدەنىيەتنى ساغلام، جانلىق قان بىلەن تەمىنلىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تاڭ دەۋرىدە شانلىق مەدەنىيەت بارلىققا كېلىپ، خۇددى ياۋروپا رېنېسسانس ئەدەبىياتىغا ئوخشايدىغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار زېمىنى تارىختا شۈبھىسىزكى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى يېغىلىدىغان گۆھەر ئويمانلىق بولغان. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە سىڭىشى ئۇنى داۋاملىق ئۈزۈلدۈرمەي يېڭى قانلارنى قوبۇل قىلىدىغان، كونىسىنى چىقىرىۋېتىپ، يېڭىسىنى قوبۇل قىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق ھاياتىي كۈچى مەڭگۈ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان پۇرسەتكە ئىگە قىلغان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ رەڭگا ـ رەڭ مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن، كۆپ مىللەتتىن بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇدرەت تاپقان ۋە مەدەنىيىتى گۈللەنگەن. موڭغۇللار ۋە غەربىي يۇرت قاتارلىق شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ خەلق ناخشىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى نەغمىلىرى ۋە تىياتىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ يەنە بىر يۇقىرى پەللىسى بارلىققا كەلگەن.

**ئىقتىسادنى شەرت قىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرى ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى.** ئەگەر گەنسۇدىكى تيەنشۈينى مەركەز قىلىپ، شىمالدا چوڭ ھىنگان تاغلىرى، جەنۇبتا يۈننەندىكى تېڭچۇڭغىچە قارايدىغان بولساق، جۇڭگونى ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلگىلى بولىدۇ. شەرقىي جەنۇب تەرىپى نەم ۋە يېرىم نەم

بەلباغدىكى دېھقانچىلىق ئىقتىسادىي رايونى، غەربىي شىمال تەرىپى ئاساسلىقى قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق بەلباغدىكى چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي رايونى بولىدۇ. تەبىئىي جۇغراپىيەلىك شارائىت تېرىقچىلىق جەمئىيىتى بىلەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتى ئىقتىسادىنىڭ ئوخشىمىغان تىپىنى ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان مۇقەررەر مۇناسىۋەت شەكىللەندى. ياشاش ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي تالان- تاراج ۋە سودا ئالاقىسى، سەددىچىن سېپىلىدىن ھالقىغان غايەت زور كۈچنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئاتالمىش قاراقچىلارنىڭ چېگرا رايوننى تالان- تاراج قىلىشى، ئۆزئارا بېرىش- كېلىش قىلىشى بىر- بىرىگە بولغان ئېھتىياجنىڭ تارتىش كۈچى تەسىرىدىن بولغان. جەنۇب بىلەن شىمالدىكى مىللەتلەرئارا مۇناسىۋەتنى ئۇرۇشمىغىچە تېپىشماسلىق، ئۇرۇشقانچە تېخىمۇ يېقىنلىشىش دەپ قاراشقا بولىدۇ. شىمالىي يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى سەۋەبىدىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن جىددىي بولغانىدى. پادىشاھقا سوۋغا ھەدىيە قىلىش ۋە چېگرا سودىسىنى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ كىيىدىغان كىيىمىمۇ قالمىغانىدى. ئالتۇنخان ئامالسىز ئۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ دېھقانچىلىق، سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئېرىشىپ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جاپالىق ۋە ئەگرى- توقاي يارىشىش يولىغا ماڭغانىدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىمۇ يايلاق مەھسۇلاتلىرىغا ئەمەلىي ئېھتىياجلىق ئىدى، لېكىن يەنە ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغانلىقتىن ئاخىرى چېگرا سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلدى. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، موڭغۇللار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا شۇنىڭدىن باشلاپ داۋاملاشقانىدى. شەرقتە خەيجىدىن غەربتە گەنجۇغىچە بولغان بەش مىڭ چاقىرىملىق مۇساپىدە ئەنسىزچىلىك كۆرۈلمىگەن. ئالتۇنخان ئاغرىپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ ئوڭ قانات بۆلىكى قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرگەن، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىمۇ تەزىيە بىلدۈرۈپ ئېچىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەرنىڭ بىر- بىرىنى شەرت قىلىپ ياشاشتەك ئوبيېكتىپ تەلىپى ۋە جەنۇب- شىمال ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**سىياسىيدا بىر- بىرىنى شەرت قىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق تەقدىرىنىڭ مۇھىم ھالقىسى.** جۇڭگو تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر قېتىملىق «گۈللىنىش» دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. 12 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا بىرلىككە كېلىشى «ئۆكلۈك - سۆيگۈن» توپىلىڭىدىن كېيىنكى بەش يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملىشىپ كەلگەن قانلىق جەڭ ۋە جېدەل- ماجىرالارنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە جۇڭگونى ئەينى دەۋردە دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى. خۇددى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»نىڭ كىرىش سۆزىدە ئېيتىلغىنىدەك: «فېئوداللىق تۈزۈمى ۋىلايەت- ناھىيە تۈزۈمگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، يەر كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتە دۇنيادا مەيدانغا كەلگەن خەن، سۈي، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىمۇ يۈەن سۇلالىسىغا يېتەلمىگەن ئىدى... ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى يىنشەن تېغىغىچە، غەربىي تەرىپى كۆچمە قۇملۇققىچە، شەرق تەرىپى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغىچە، جەنۇب تەرىپى دېڭىزغىچە يېتىپ باردى». چوڭ ئاستانە (بۈگۈنكى بېيجىڭ) نىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگودىكى كۆپ مىللەتنى بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ سىياسىي مەركىزىنى تىكلىدى. ئىقتىساد ۋە پەن- تېخنىكا تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ دېڭىز كېمىلىرىنى ياساش تېخنىكىسى ۋە دېڭىزچىلىق تېخنىكىسى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق يولىنىڭ ئېچىلىش كۆلىمى مىسلىسىز كۈچەيگەنىدى، سودا شېرىكلىرى 140 تىن كۆپ دۆلەت ۋە رايونغا كېڭەيگەنىدى. يۈەن سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى ئۇزۇن مەزگىل دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇردى. كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن، «كاڭشى، چيەنلۇڭ دەۋرىدىكى گۈللىنىش» بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «سەنخۇاڭ، ۋۇدى» سىستېمىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ۋە خۇاشيا مىللىتى بىر مەنبەلىك قارىشىنى ياقلايدىغان «قەدىمكى تارىخ مۇنازىرىسى ئېقىمدىكىلەر» يەنە ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى پارتلىغان، مىللەت ھايات- ماماتلىق پەيتىدە تۇرىۋاتقاندا «جۇڭخۇا مىللەتلىرى

بىردۇر» دەيدىغان سادانى ياڭراتتى.

### قوشۇلۇپ بىرلىككە كېلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىدۇر

**نەزەرىيەنى يۈكسەلدۈرۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قوشۇلۇپ بىرلىككە كېلىشىنىڭ باشلامچىسىدۇر.** رىۋايەت ـ ئەپسانىلەردىن يازما رەسمىي تارىخقىچە، زو چيۇمىڭدىن سى ماچيەنگىچە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ھالدا يەندى، خۇاڭدىدىن ئىبارەت بەش پادىشاھنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىدەك مەدەنىيەت قارىشى يېلتىزداشتۇر. تاڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە «جۇڭخۇا بىلەن باشقا مىللەتلەر بىر ئائىلە» دەيدىغان ئىدىيەۋى قاراش يەنىمۇ ئەۋج ئالغان. تاڭ تەيزۇڭ مۇنداق دېگەن: قەدىمدىن ئېسىلزادە بولسا جۇڭخۇا مىللىتى، پەس بولسا باشقا مىللەت دەپ قارالغان، مەن بۇلارنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى ياقتۇرىمەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى مەشھۇر سانغۇن لى جىڭيى مۇنداق دېگەن: ئادەم دەسلەپتە يارىتىلغاندا يات مىللەت، خەنزۇ دەپ ئايرىلمىغان، ئەمما چەت ـ ياقا، قۇملۇقتا ياشايدىغانلار ئوۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەچكە، دائىم جەڭ قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن. مەن ئىشىنىمەنكى ئۇلار كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن غەم يېمىگەن بولسا خەنزۇلاردەك تۇرمۇش كەچۈرگەن بولاتتى. سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر ئىنكاسى سۈپىتىدە «خەنزۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلىش قارىشى» تارىخ پەنلىرى ساھەسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى. «بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا ھۆكۈمرانلىق قارىشى»نىڭ يىغىنچاقلانغان ئىدىيەۋى نەتىجىسى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. سى ماگۇاڭ «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى»نىڭ «تارىخ نەزەرىيىسى قىسمى»دا بۇ قاراش توغرىسىدا خېلى توختۇلۇپ، «دۆلەت بىرلىككە كەلتۈرۈلمىسە، پادىشاھ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق پادىشاھ بولالمايدۇ» ۋە «ئەمما دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە تۆھپىسىلا بولىدىكەن، كىم پادىشاھ بولسا بولۋېرىدۇ» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. «بۈيۈك جىننىڭ نۇسرەتنامە خاتىرىلىرى»دە خاتىرىلىنىشىچە، لياۋ سۇلالىسى پادىشاھى تيەن زۇدى جىن سۇلالىسىغا تاپشۇرغان تەسلىمنامىسىدە: «بۈيۈك لياۋنىڭ پادىشاھى بولسامۇ، جۇڭگوغا يەنىلا مەن ھۆكۈمدار» دېيىشنى ئۇنۇتمىغان. خاۋ جىڭ «سۇڭ سۇلالىسىدىكى بېيخۇەي، نەنخۇەي ۋالىيلىرىغا يېزىلغان مەكتۇپ»دا مۇنداق يازغان: «بۈگۈن يارامىلىق ئادەملەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەلەيدىغان، جۇڭگونىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە ئىش تۇتالايدىغان ئادەم، چوقۇم جۇڭگونىڭ خوجايىنى بولىدۇ». بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتى مۇقەررەرلىكىنىڭ شەرھىسى بولۇپ، بۇ يەنە قۇبلايخاننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىشىنى نەزەرىيە ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتكەن، يەنى «كۆڭلىگە كەڭ ئىقلىمنى سىغدۇرغان كىشى خەن دەپ جاكارلىغان ئىدى». بۇ يەردە ئېيتىلغان «خەن» دەل «جۇڭگو»نى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭ ئومۇمىي مەلۇماتنامەنى تەستىقلىغاندا مۇنداق يازغان: «بۈيۈك بىرلىكنى قوغداپ، ئايرىلىشقا قارشى تۇرۇش، ئىچكىرىدىكىلەر جۇڭخۇا، سىرتتىكىلەر ياتلار دەپ ئاتىلىش بۇرۇندىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن، قەدىمدە ۋە ھازىر ئوخشاش مەنىدەدۇر. ياتلاردىن جۇڭخۇاغا ئۆزگەرگەنلىرى جۇڭخۇا دەپ قارالغان، جۇڭخۇادىن ياتلارغا ئۆزگەرگەنلىرى ياتلار دەپ قارالغان». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «يۈەن سۇلالىسى سۇڭ سۇلالىسىنى ھالاك قىلغۇچە سۇڭ سۇلالىسىدىن باشلاپلا دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ باشقۇرغان ئىدى، مەن بۇ بىرلىكنى داۋاملاشتۇرىۋاتىمەن. بىرلىككە كەلتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ توغرىلىقىنى يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىمۇ چۈشەنگەن ئىدى». «جۇڭخۇانىڭ بىر پۈتۈنلىكى قارىشى» ۋە «جىمى ئىقلىمنىڭ بىر پۈتۈنلىكى»دىن ئىبارەت دۆلەت قارىشى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ يەنە دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈك تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىدىيەۋى جەھەتتىن باشلامچىلىق رول ئوينىغان.

**ئورتاق كۈرەش قىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قوشۇلۇپ بىرلىككە كېلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.** جۇڭگودىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش تارىخى، ھەرگىزمۇ بىر مىللەتنىڭ «تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك قىلىش تارىخى» ئەمەس. بۇ بىر ئادەتتىن تاشقىرى، ئۇلۇغ تارىخىي ئەمەلىيەت. تارىخ خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك «پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ بىرىكمە كۈچى»نىڭ تەسىرى

بىلەن ئالغا باسىدۇ، ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئۆزئارا تالىشىش، ئۆزئارا بىرلىككە كېلىش، ئۆزئارا قوشۇلۇش جەريانىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرى «كۆپ مەنبە» تىن «بىر گەۋدىلىشىش»كە مېڭىشتەك شانلىق تارىخىي داستاننى ئورتاق يېزىپ چىققان.

تارىختىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مىللەتلىرى ياكى خەنزۇلارنىڭ رولىنى قايتا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، باشقا مىللەتلەرنىڭ رولىغا ئوخشاشلا سەل قاراشقا بولمايدۇ. جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەردىن سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىگىچە بولغان مەزگىل مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. جۇڭگولۇقلارنى ئەۋلادمۇئەۋلاد پەخىرلەندۈرۈپ كەلگەن بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغان لى فامىلىلىكلەر گۇرۇھىنىڭ ئۆزىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مىللىتى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدىكى ۋەزىر ۋە سانغۇنلارنىڭ كۆپلىرى شىمالدىكى مىللەتلەردىندۇر. موڭغۇللار نۇرغۇن مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان قوراللىق كۈچنى تەشكىللەپ شىمالىي قۇملۇقنى قولغا ئالدى، غەربىي يۇرتنى قوشۇۋالدى، غەربىي شيا سۇلالىسىنى ھالاك قىلدى، قىتانلارنى يوقاتتى، كورىيەنى بېقىندۇردى، جەنۇبىي جاۋنى تىنچىتتى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغىچە بىرىپ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈردى. مانجۇلارمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىششىغا تايىنىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى قولغا ئالدى، «جەنۇبتىكى ئۈچ بېقىندى دۆلەت»نى تىنچىتتى، موڭغۇللارنى يۆلىدى، شىزاڭنى تىنچىتتى، جەنۇب بىلەن شىمالنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى. يەنە كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد پادىشاھنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت مۇستەھكەملەندى.

دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي جەريانى ھەمىشە مىللەتلەرئارا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنى ھەمراھ قىلدى، نۇرغۇن مىللەتلەر بۇنىڭ ئۈچۈن غايەت زور قۇربانلىقلارنى بەردى. لېكىن فەن ۋېنلەن ئەپەندى «جۇڭگو تارىخىدىكى مىللەتلەر كۈرىشى ۋە قوشۇلۇشى» دېگەن ماقالىسىدە ئېيتقىنىدەك: «ئەينى ۋاقىتتا مىللەتلەر ياكى دۆلەتلەر دۈشمەنلىشىپ دائىم دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. ھازىر قارىساق، ئۇ بىر ئائىلىدىكى ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ جەڭگى ـ جېدىلىكەن خالاس». بىز ئەجدادلىرىمىز قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ ئورتاق ياراتقان تارىخىي نەتىجىنى ناھايىتى قەدىرلىشىمىز كېرەك. بۇ خىل قۇربان بېرىشنى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا ئارازلىق سېلىشنىڭ باھانىسى قىلىشنىڭ ئاساسى يوق. بەزىلەر ئىلگىرى يۈەن سۇلالىسى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىنى «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ قاراپ، بۇ ئىككى سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يات مىللەتلەرنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى دەپ قارىغانىدى. ياپونىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان مەزگىلدە ئاتالمىش «يات مىللەتنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخى» دېگەن كىتاب تۈزۈلۈپ، بۇ كۆزقاراش ۋە «تارىخىي ئىش ـ پائالىيەت»لەرگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ «ئەقىلگە مۇۋاپىق»لىقى تەرغىپ قىلىنغانىدى. تارىخىي ساۋاقلارنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتىشىمىز، مىللەتلەر توغرىسىدىكى ئاشۇ بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىكى سەپسەتىلەر ئالدىدا قايمۇقۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

**تىنچ بولۇپ، قۇدرەت تېپىش ــ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قوشۇلۇپ بىرلىككە كېلىشىنىڭ نەتىجىسى.** جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىزچىللىق بويىچە راۋاجلىنىشى ئالدى بىلەن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن بولغان. مۇشۇنداق بىر تارىخىي يىپنىڭ كۈچلۈك باغلاپ تۇرۇشى بولغاچقىلا، ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ توسالغۇسى ۋە زەربىسى ئۇنى ئۈزۈۋېتەلمىگەن. بەلكى جۇڭگو تارىخىدىكى ھەر قېتىملىق دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى ۋە ئىپتىخارلىقىنى كۈچەيتىپ، غايەت زور ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتقان. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە تۈرك، ھۇن، سيانپى، كورىيە، تاڭغۇت ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن بولغان تالانت ئىگىلىرى دۆلەت تەرىپىدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن، ھەتتا چەت ئەللىكلەرمۇ ھۆكۈمەتتە ئەمەل تۇتۇپ، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتى شەكىللەنگەن. ئۇلار ئىناق بىللە ئۆتۈش

جەريانىدا بىرى يەنە بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەپ، شانلىق بۈيۈك نەتىجىلەرنى يارىتىپ، قىسقىغىنە يۈز يىل ئىچىدە ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتنى بەرپا قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن چېگرا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت، تېخنىكىسمۇ كەڭ كۆلەمدە ئالماشتۇرۇلۇپ ۋە تارقىتىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىمۇ بېيىتقان.

قۇبلايخان ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ئەڭ چوڭ مىراسى دەل مۇشۇ بۈيۈك دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئورتاق گەۋدىسىدىن ئىبارەت. دەل مۇشۇ قېتىملىق جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ زور كۆلەمدىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىپايان زېمىننى قالدۇرۇپ، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ھەيۋەتلىك شەرق كېمىسىنى تارىخنىڭ دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلىرىدا نەۋرەنمەس ھالغا كەلتۈردى. مەلۇم مەزگىل شانۇ ـ شەۋكەت قازانغان رىم ئىمپېرىيەسى شۇنداقلا ئىلگىرى تاڭ سۇلالىسى بىلەن تەڭ قەد كۆتۈرگەن ئەرەب ئىمپېرىيەسى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇلاردا بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قايتا شەكىللەنمىدى. لېكىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەدىن بىر گەۋدىلىشىشكە يۈزلەنگەن قەدىمكى تارىخىي تەرەققىياتىدا، گەرچە نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا بۆلۈنۈپ تۇرۇشتەك ئېچىنىشلىق تەكرارلىنىشلار كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىملىق پارچىلىنىشنىڭ نەتىجىسى ھەمىشە تېخىمۇ زور كۆلەمدىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن ئىبارەت بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسى بۇنىڭغا ئۆزگەرتىپ بولمايدىغان چېكىتنى قويدى. ئەينى ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش بىر خىل سىياسىي تۈزۈلمىگە بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ئاساس قىلغان مۇقەررە تاللاشقا ئايلانغانىدى.

لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «سوتسىيالىزمنىڭ نىشانى ھەرقايسى مىللەتلەرنى يېقىنلاشتۇرۇش بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھەرقايسى مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈشتۇر». كۆپ مەنبەدىن بىرلىككە كەلگەن مىللەتلەر تۈزۈلۈشى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەت مەنپەئەتى، دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ تامامەن بىردەكلىكىنى بەلگىلىگەن. دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتىدۇر. سوتسىيالىزم شارائىتىدا ھەر مىللەت قېرىنداشلار سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ خوجىسى بولدى، مىللەت ئالىلقاچان «دۆلەت مىللىتى»گە ئايلاندى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ماھىيەت جەھەتتە يەنە مىللەتلەر بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئۆزگەردى. ۋەتەننىڭ ھەر بىر سانتىمېتىر تۇپرىقى ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئورتاق تەۋەكى، ھەرگىزمۇ قايسىبىر مىللەتكە تەۋە ئەمەس. دۆلەت بىلەن مىللەت خۇددى ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتكە ئوخشايدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئالىلقاچان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان دەۋردە بىزنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىياتتا تايىنىدىغان مىللەتلەر چوڭ ئائىلىمىزنى قەدىرلەش، بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى ۋە ئۇنىڭ پارچىلانماسلىق، داغ تەگمەسلىك، دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقتىن ئىبارەت مۇقەددەسلىكىنى قەدىرلەش ھەر مىللەت جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ تەۋرەنمەس روھى ئېتىقادى ۋە بارلىق شەخس، قىسمەن مەنپەئەتتىن ھالقىغان قىممەت ئىنتىلىشىگە ئايلىنىشى لازىم.

(«شىنخۇا تەرمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 23 ـ سانىدىن ئېلىندى)

**تەرجىمە قىلغۇچى:** فېرۇدون پەتتار

**تەرجىمە مۇھەررىرى:** ئابدۇرازاق تۆمۈر

www.uyghurkitap.com



# ئورخۇن ئابىدىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى دۇنيا قاراش توغرىسىدا

ئابدۇمىجىت مۇھەممەت

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە ئىلمىي ئەسەر ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تىلى، تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن دۇنيا قاراش توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئورخۇن ئابىدىلىرى؛ دۇنيا قاراش؛ پەلسەپە

«ئورخۇن» دېگەن بۇ نام كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ھازىرقى موڭغۇلىيەنىڭ مەركىزى ـــ ئۇلانباتۇر شەھىرىنىڭ غەربىگە 360 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر دەريانىڭ نامى بولۇپ، كەڭ كەتكەن دەريا ساھىلى ئورخۇن دەريا ۋادىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئورخۇن ئابىدىلىرى بولسا موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسى بىلەن سىبىرىيەدىكى يېنسەي دەرياسى ۋادىسىغا تىكلەنگەن ئابىدىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئابىدىلەرنىڭ تارىخىنى 13 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن موڭغۇل تارىخى ۋە يېزىقلىرىغا باغلاپ قويۇش ئەقىلگە سىغمايدىغان قاراشتۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ ئابىدىلەردىكى يېزىق قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ گېرمانلارنىڭ رۇنىك يېزىقىغا شەكىلداش يازمىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلەر بۇ ئابىدىلەرنى «قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» دەپمۇ ئاتايدۇ. ھازىر ئورخۇن ئابىدىلىرى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە كەڭ ۋە تار مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ئورخۇن ئابىدىلىرى ئورخۇن ۋادىسىغا تىكلەنگەن تۈرك، ئۇيغۇر، قىرغىز مەڭگۈ تاشلىرىدىن يەتتىسۇ، تارىم، جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە، ئامۇ ـ سىر دەرياسى ۋادىلىرىدىن ئورخۇن، سېلىنگا دەريا ۋادىلىرىغىچە تارقالغان نەچچە 10 خىل يېزىق ۋە تىللاردا پۈتۈلگەن مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ تار مەنىدىكى ئورخۇن ئابىدىلىرى ئۇيغۇرلارنى يادرو قىلغان بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدا قالدۇرغان يازما ئابىدىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىقى تۈرك ـ ئورخۇن يازما يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇيغۇر ئورخۇن يازما يادىكارلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ①.

## 1. ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرى

«مەڭگۈ تاشلار» ۋە «ئورخۇن يازما يادىكارلىقلىرى» دېگەن نام 1962 ـ يىلى گوللاندىيەلىك ن. ۋىدزىيىننىڭ «شىمالىي ۋە شەرقىي تاتارىيە» ناملىق ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. 1696 ـ، 1697 ـ يىللىرى روسىيەلىك سېمېن رېمېزوف «سىبىرىيە خەرىتىسى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ بۇ ھەقتە توختالغان. ئەمما بۇ ھەقتىكى رەسمىي ئىلمىي خەۋەرلەر 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا تەۋە بولۇپ، 1730 ـ يىلى شۋېتسىيەلىك سترالنبېرگ ستوكھولمدا «ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمى ۋە شەرقىي قىسمى» دېگەن كىتابىدا ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىن ئەينى دەۋردە تېپىلغانلىرىنىڭ رەسىمىنى ئىلاۋە قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ 1793 ـ يىلى پاللاس، 1818 ـ يىلى سپاسسكىي بۇ يادىكارلىقلار ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1822 ـ يىلى فرانسىيەلىك شەرقشۇناس، ئالىم رېمۇسات، 1884 ـ يىلى فىنلاندىيەلىك ئاسپېلىن، 1889 ـ يىلى روسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرقىي سىبىرىيە شۆبىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى يادرىنتسېۋ باشچىلىقىدىكى گۇرۇپپا بۇ يازما

---

① س. گ. كلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 104 ـ بەت.

يادىكارلىقلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى، ھەرپ سانى، جايلاشقان ئورنى ۋە خارابىلەر ھەققىدە نۇرغۇن پەرەز ۋە ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداق قىلىپ 1890 - يىلى فىنلاندىيەلىك ھېيكېل، 1891 - يىلى روسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئالىمى رادلوف، فىنلاندىيەلىك ئاسپېلىنلار موڭغۇلىيەدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاسپېلىن ئونگىن دەرياسى بويىدىن تۇنجى بولۇپ «ئونگىن مەڭگۈ تېشى»نى تاپتى. شۇنىڭ بىلەن روسسىيە، فىنلاندىيەلەردە ئارقا- ئارقىدىن مەڭگۈ تاش يېزىقلىرى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلار نەشر قىلىندى ھەم بۇ يېزىقلار «ئورخۇن مەڭگۈ تاش يېزىقى» دەپ ئاتالدى. شۇنداق قىلىپ تىلشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ ساھەسىگە «ئورخۇن يېزىقى» دېگەن ئاتالغۇ قوشۇلدى. 1893 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تومسېن دانىيە پادىشاھلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ يىغىنىدا بەرگەن «ئورخۇن ۋە يېنسەي مەڭگۈ تاش يېزىقىنىڭ ئوقۇلۇشى —— دەسلەپكى نەتىجە» ناملىق دوكلاتىدا ئۆزىنىڭ قەدىمكى تۈرك- رۇنىك يېزىقىنى غەلىبىلىك يېشىپ ئوقۇغانلىقىنى، بۇ يېزىقتىكى بەلگىلەرنىڭ 38گە يېتىدىغانلىقى، يېزىقنىڭ تاۋۇش ۋە ئېلېمېنتلارغا ئاساسلانغان ھەرپلىك يېزىق بولماستىن بەلكى بوغۇملۇق يېزىق ئىكەنلىكىنى، بىر تاۋۇش ئۈچۈن ئوخشىمىغان بەلگىلەرنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقى ۋە 8 سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان 4 سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىنى ئېنىقلىغانلىقىنى، يەنە 8 جۈپ ئۈزۈك تاۋۇش بەلگىسىنىمۇ يېشىپ مۇشۇ ئاساستا «تەڭرى، كۆلتېگىن ۋە تۈرك» دېگەن سۆزلەرنى تۇنجى بولۇپ ئوقۇغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم بۇنى 1894 - يىلى كوپېنھاگېندا نەشر قىلدۇرى. شۇنىڭ بىلەن ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تىلى، كىملىكى ۋە تارىخىي دەۋرى ئىلىم ساھەسىگە ئاشكارا بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا- ئارقىدىن «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تالاس مەڭگۈ تېشى»، «چورىن مەڭگۈ تېشى»، «قۇتلۇق (مويۇنچۇر) قاغان مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»، «سۇجى مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق مەڭگۈ تاشلار تېپىلدى ۋە يېشىپ ئوقۇلدى.

تومسېن بۇ 38 ھەرپ ئىچىدىكى 23 ھەرپىنىڭ ئارامى يېزىقى (سام يېزىقى) دىن كەلگەنلىكىنى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىللىق مىللەتلەر ئارقىلىق تۈركلەرگە كىرگەنلىكىنى بايقىدى. رادلوف تومسېننىڭ تاشلارنى يېشىپ ئوقۇغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» بىلەن «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، 1894 - يىلى بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ لاتىنچە ۋە سلاۋيانچە ئۆرۈپ يېزىلىشى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسىنى «موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، «ئونگىن مەڭگۈ تېشى»، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تالاس مەڭگۈ تېشى»، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «چورىن مەڭگۈ تېشى»، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «سۇجى مەڭگۈ تېشى»، «ئۇيغۇر مۇيۇ قاغان مەڭگۈ تېشى» ۋە يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىزلارغا تەۋە بولغان 70 تىن ئارتۇق قەبرە خاتىرە تاشلىرى ئارقا- ئارقىدىن تېپىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتىسۇ ۋادىسىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلارمۇ 10 نەچچىگە يەتتى. بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپ قىسمى 9 - ، 10 - ئەسىرلەرگە تەۋە ئىدى.

ئورخۇن ئابىدىلىرى ئوخشىمىغان تەلەپ بويىچە بىرقانچە تۈرگە ئايرىلسىمۇ، ئەمما رايونىغا قاراپ تۆۋەندىكى 7 تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

شىمالىي موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن چىققانلىرى، يېنسەي دەريا ۋادىسىدىن چىققانلىرى، لېنا دەرياسى بىلەن بايقال كۆلى ئەتراپىدىن چىققانلىرى، ئالتاي رايونىدىن چىققانلىرى، شىنجاڭ (تۇرپان بىلەن مىرەن) ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ رايونىدىن چىققانلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا (يەتتە سۇ، پەرغانە رايونلىرى) دىن چىققانلىرى، شەرقىي ياۋروپا (دونتېس ۋە دوناي دەرياسى ۋادىسى)دىن چىققانلىرى.

سىياسىي جەھەتتىن ۋە قەبىلىلەرگە تەئەللۇقلىقى جەھەتتىن تۆۋەندىكى 7 تۈرگە بۆلىنىدۇ:

شەرقىي تۈرك خانلىقىغا تەئەللۇقلىرى، قەدىمكى قىرغىزلارغا تەئەللۇقلىرى، قورقانلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەئەللۇقلىرى، غەربىي تۈرك خانلىقىغا تەئەللۇقلىرى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەئەللۇقلىرى، قوچۇ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرىغا تەئەللۇقلىرى، پەچەنەكلەرگە تەئەللۇقلىرى.

مەزمۇن جەھەتتىن يەنە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

تارىخ، تەرجىمھال خاراكتېرىدىكىلىرى، قەبرىلەرگە قويۇلغان خاتىرە تاشلار، قىيا تاشلارغا ئويۇلغان خاتىرىلەر، دىنىي مەزمۇندىكىلىرى، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خاتىرىلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا پۈتۈلگەن پۈتۈكلەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت①. بۇ تۈرلەردىن مەلۇمكى، مەڭگۈ تاشلار يالغۇز تاش ئابىدىلەرنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە قىيا تاش، ئۆڭكۈر، تارىشا ۋە قەغەز پۈتۈكلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئورخۇن ئابىدىلىرىدە مەلۇم بىر شەخسنىڭ مەلۇم بىر قاغاننىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا ھەمكارلاشقانلىقى، خانلىق قۇرغۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى، خوتۇن ـ بالا، ئاتا ـ ئانىلىرىغا بولغان مەرسىيە ـ خاتىرىلەشلىرى، ھەربىي خىزمەتلىرىدىكى ھايات ئىزلىرى، مانى دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىش جەريانى، ئۆز تەۋەسىدىكى مال ـ چارۋىلارنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلار جانلىق تىل بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن. بۇ ئابىدىلەر 1893 ـ يىلى يېشىپ ئوقۇلغاندىن تا بۈگۈنگىچە بولغان 118 يىل جەريانىدا، تىلشۇناس، تارىخشۇناس، تىلشۇناس ۋە مەدەنىيەتشۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىپ يازغان ھەر خىل ئەسەر ۋە ماقالىلىرى ئىنگلىز، نېمىس، خەنزۇ، رۇس، ياپون ۋە تۈرك تىللىرىدا نەشر قىلىندى.

## 2. ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن دۇنيا قاراش

ئۇيغۇرلار تارىخنىڭ بىر قەدەر ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ، قوللانغان يېزىق ۋە ئۇچراشقان مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ خىلمۇخىللىقى سەۋەبىدىن، ئۆز روھىيىتىگە نىسپىي تۇراقلىق، نىسپىي ئۆزگىرىشچان خاراكتېرىنى سىڭدۈرگەن. يايلاق، بوستان، چۆل جۇغراپىيەسى، شۇنداقلا ئۇلار ئېتىقاد قىلغان تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى، شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، قىسمەن دائىرىدىكى خرىستىيان دىنى ۋە 11 ـ ئەسىردىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىنغان ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ روھىيەت ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ، مەڭگۈ تاشلاردا ئىپادىلەنگەن دۇنيا قاراشلار ئاساسەن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، شامان ۋە كېيىنكى مانى دىنىنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تۈرك خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن بولسا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىپ ئاھالىلەرنىڭ ئۈچ يول بويىچە كۆچۈشى سىرتقى دۈشمەن ھۇجۇمىدىن سىرت، خانلىقتا تارقالغان ۋابا كېسىلى ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىدىيە بۆلۈنمىچىلىكى سەۋەبىدىن بولغان. ئورخۇن ئابىدىلىرىگە ئورخۇن ـ يېنىسەي ۋادىلىرى، ئالتاي، تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ تۈرلۈك دىنى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى، ھايات كەچمىشلىرى ۋە قىممەتلىك دۇنيا قاراشلىرى سىڭگەن بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاشلارغا ئومۇمەن ئۇلارنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، توتېم، تەڭرى، شۇنداقلا تەڭرىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ۋەكىلى بولغان خاقانلار ھەققىدىكى قاراشلىرى مۇجەسسەملەنگەن. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى، بولۇپمۇ «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك تاشلارنىڭ تەرجىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، مەڭگۈ تاشلاردىكى دۇنيا قاراشلارنى ئاساسەن تەبىئەت قارىشى، ئىلاھىيەت قارىشى، ئىنسان قارىشى، ھوقۇق قارىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشى، مىللەت قارىشى، تۆھپە قارىشى، ۋەتەن، ماكان قارىشىدىن ئىبارەت نەچچە نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

### 1. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى تەبىئەت قارىشى

تەبىئەت قارىشى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىلگەندىن باشلاپ ئىنسان تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى چۈشىنىش، ھۆرمەتلەش ياكى شۇ تەبىئىي مۇھىتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئىلاھىي قۇدرەت بىلەن باغلاپ چۈشىنىش ۋە ئېتىقاد قىلىش

① گېڭ شىمىن: «قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن مۇھىم مەڭگۈ تاشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇلۇشى، تەتقىق قىلىنىشى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 189 ـ بەت.

ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئورخۇن بويىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەڭرى ئوماي ۋە يەر - سۇ ئىلاھلىرىنى ئۆزلىرىگە مەدەت بەرگۈچى دەپ قارىسا، ئۆتۈكەن تېغىنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچ مەنبەسى ۋە مەۋجۇتلۇق ئاساسى دەپ قارىغان. قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنى ئىلاھىي كۈچ دەپ تونۇپ، ئۆز خاقانلىرىنى ئىلاھنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋارىسى نامىدا «ئاي تەڭرى، كۆك تەڭرى، ئاي بىلگە» دېگەندەك مۇقەددەس ناملاردا ئاتىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى توغرىسىدا ئالائىددىن ئەتامەلىك بىننى باھائىددىن مۇھەممەد جۇۋەينى تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى جاھانكۇشاي» (جاھاننى ئىستېلا قىلغۇچىلار تارىخى) ناملىق ئەسەرگە مۇنداق بىر رىۋايەت كىرگۈزۈلگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئورخۇن دەريا ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ دەريا قارا قۇرۇم دەپ ئاتىلىدىغان تاغدىن باشلىنىدۇ. قاغان بىنا قىلغان شەھەر مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ دەريا نۇرغۇن ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان، ھەر بىر ئېقىننىڭ بويىدا بىردىن ئۇرۇق ئولتۇراقلاشقان. ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنەتتى، قەبىلىلەر ئىچىدىن بىرىنى باشلىق قىلىپ سايلايتى. ئۇلار 500 يىلنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بوكوخان دېگەن بۇ باشلىق ئوتتۇرىغا چىققان.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ قاغان ئافراسىياپ ئىكەن. ئەينى زاماندا قار قۇرۇمدا ئىككى دەريا بولۇپ. بۇ دەريالارنىڭ بىرى تۇغلا دەرياسى، يەنە بىرى سېلىنگا دەرياسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىكەن. بۇ ئىككى دەريا بىر - بىرىگە قوشۇلىدىكەن. دەريانىڭ ئارىلىقىدا بىر - بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنى «سىتوك» دەيدىكەن. ياز كۈنلىرى كۆكۈرۈپ يېشىل تۇرىدىكەن. ئۇرۇقنىڭ رەڭگىمۇ قارىغاي ئۇرۇقىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىكەن. يەنە بىرىنى «توز» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئىككى دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك دۆڭ بولۇپ بۇ دۆڭگە قۇياش نۇرى چۈشكەنسېرى ئېگىزلەپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، بۇ جاينى خاسىيەتلىك ئىكەن، دەپ تاۋاپ قىلغاندا بۇ جايدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇنداق مۆجىزىلىك ئەھۋالدا ھەر كۈنى كەچتە بىر پارچە نۇر شۇ دۆڭنىڭ 30 قەدەم چۆرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. دۆڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېگىزلەيدىكەن. ئېگىزلەۋېرىپ ئۇنىڭدىن ئوشتۇمتۇت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئىشىكنىڭ ئىچىدە چېدىرغا ئوخشايدىغان بەش ئېغىزلىق ئۆي تۇرۇپتۇ. ھەر بىر ئۆيدە بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇدەك. بۇ بالىلارنىڭ ئېغىزىغا بىردىن ئېمىزگە سېلىنغانىكەن. ھەر بىر ئۆينىڭ ئۈستىگە بېسىلغان كۈمۈش تور بار ئىكەن. قەبىلە باشلىقلىرى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، بۇ بىر «ئىلاھ» دەپ نۇر چىققان ئۆيگە تازىم قىلىپ چوقۇنۇپتۇ. بىردىنلا شامال چىققاندەك بولۇپتۇ - دە، بالىلار ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇيغۇرلار بۇ بالىلارنى خوتۇنلىرىغا ئەمدۈرۈپ چوڭ قىلىپتۇ. بۇلار گەپ قىلىشقا باشلاپ ئاتا - ئانىلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇلار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەرنى ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپ تاۋاپ قىلدۇرۇپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى تۈپ دەرەختىن زۇۋان چىقىپ: «ئەي بالىلار! سىلەر بۇ يەرگە كېلىپ، بىزنى يوقلاپ تۇرۇڭلار، بىز سىلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر، مەڭگۈ شان - شەرەپ تىلەيمىز» دېگەن سادا كەپتۇ. شۇ رايوندا ياشاۋاتقان قەبىلە باشلىقلىرى بۇ بەش بالىنى شاھزادىلەردەك كۆرۈپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئىززەتلەپتۇ. ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا بەش بالىنىڭ ئەڭ چوڭىغا شۇڭقار تېكىن، ئىككىنچىسىگە قۇت تېكىن، ئۈچىنچىسىگە تۇقلا تېكىن، تۆتىنچىسىگە ئورتېكىن، بەشىنچىسىگە بۇقار تېكىن دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇيغۇرلار بۇ تېكىنلەرنى تەڭرى ئاتا قىلغان تېكىنلەر دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى سايلىماقچى بولۇپتۇ. بۇقا تېكىننىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، تەمكىن، ھەممە ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇيغۇرلارغا قاغان قىلىپ سايلاپتۇ. كۆپچىلىك تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇنى تەختكە چىقىرىپتۇ. بۇقا تېكىن قاغان بولغاندىن كېيىن، ئەل ياخشىلىنىپ خەلق خاتىرجەملىكتە ياشاپ نوپۇسىمۇ كۆپىيىپتۇ. بۇقا تېكىن ئاق تاغ دەپ ئاتىلىدىغان يەردە بىر پەرىزات بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ يەتتە يىل ئالتە ئاي 20 كۈن بىللە بوپتۇ. ئاخىرقى قېتىمدا

پەرىزات بۇقا تېكىن بىلەن خوشلىشىپ: ‹كۆنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى سىزگە قارايدۇ. بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىپ خەلقنى ياخشى باشقۇرۇڭ› دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇقا تېكىن قېرىنداشلىرىنى باشقا ئەللەرنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار يىراق ئەللەرنى ئىگىلەپ، ئولجا ئېلىپ ئورخۇن دەرياسى بويىدا ۋە تۈركىستاندا بىر شەھەر بىنا قىلىپتۇ. شەھەرگە ئوردابالىق (ئورداشەھەر) دەپ نام قويۇپتۇ. كۈنچىقىش تەرەپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەل بولۇپتۇ.

بۇقا قاغان بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆرگەن چۈشىدە قولىغا ھاسا تۇتقان، ئاق چاپان كىيگەن بىر بوۋاي كېلىپ بىر پارچە مەرمەر تاشنى ئۇنىڭغا بېرىپ: ‹سەن بۇ تاشنى ئۆزۈڭدىن مەڭگۈ ئاجراتماي، ئوبدان ساقلا› دەپتۇ. بۇقا قاغان كۆرگەن چۈشىنى ۋەزىرلىرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەتىسى بۇقا قاغان زور قوشۇن تەشكىللەپ كۈنپېتىش تەرەپكە يۈرۈش قىلىپتۇ. ئۇنىڭ زور قوشۇنى تۈركلەرنىڭ ماكانىغا كەپتۇ. بۇ جاي بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان ھاۋالىق جاي ئىكەن. بۇقا قاغان بۇ ھاۋاسى ياخشى جايدا تۇرۇشنى قارار قىلىپتۇ. بۇ جايدا ‹بالا ساغۇن› دېگەن بىر شەھەرنى بىنا قىلىپتۇ. ئاندىن قوشۇنلارنى ئەتراپقا ئەۋەتىپ ئەللەرنى ئىدارە قىلىپتۇ.

بۇقا قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا شۇ جايدىكى جىمى قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ھەتتا بوۋاق بالىلاردىن چوڭلارغىچە ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا كۆچ- كۆچ دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. بۇ ئاۋاز بىلەن ئۇيغۇرلار كۆچۈشكە باشلاپتۇ. كۆچۈش جەريانىدا ھېلىقى كۆچ دېگەن ئاۋاز توختاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ جايدا توختاپتۇ. بۇ جايدا بەش شەھەر بىنا قىلىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ نامىنى ‹بەشبالىق› دەپ ئاتاپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇقا قاغاننىڭ ئەۋلادى ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ. بۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ باشلىقى ‹ئىدىقۇت› دەپ ئاتىلىدىكەن»①.

بىراق قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ تۈرك يېزىقىدىكى «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»دا سېلىنگا، ئورخۇن، تۇغلا دەرياسى قاتارلىق سەككىز دەريا ۋادىسى ئارىلىقلىرىدا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئۇيغۇرلار ئەسلىدە چېدىرلارنى ئۆي قىلىپ، سۇ ۋە ئوت- چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. قاغانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاھالىلەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەرمۇ بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا بايبالىق، بۆگۈنكى ئېرغۇنا دەرياسى بويىدا خاتۇنبالىق شەھىرى بەرپا قىلىندى. شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن قاغان ئوردىسى ھەشەمەتلىشىپ، قەسىر- سارايلار سېلىندى. ئوردىنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلدى. قاتناش قورالىدىن ئات، ئېگىز چاقلىق ھارۋا، چېدىر ھارۋىلار بار ئىدى.

## 2. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى ئىنسان قارىشى

ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاساسى، ئىنسان بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى. ئورخۇن دەرياسى بويىدا ياشىغان تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئابىدىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلىرىنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلار كۆك، يەر، سۇنى مەدھىيەلەش بىلەن بىللە ئاشۇ مۇقەددەس تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن مىللىي گەۋدىنىڭ شەكىللىنىش، گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش تەرەققىياتىنى تەرتىپ بويىچە بايان قىلىپ، خەلقنى ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقى ۋە ھوقۇقىنى ساقلاپ ئادەمدەك ياشاشقا دەۋەت قىلغان. مەسىلەن: «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ شەرق تەرەپ 1- قۇرىدا: «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ» دېيىلسە؛ جەنۇب تەرەپ 8- قۇرىدا: «تۈرك خەلقى، سىلەر قانائەتچانسىلەر، ئاچ توق قالىدىغىنىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، تويغىنىڭلاردا ئاچ قالىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، شۇنداق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، ھەرتەرەپكە پىتىراپ كەتتىڭلار، ئۇ يەرلەردە ھالسىزلاندىڭلار، جېنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار» دېيىلىش ئارقىلىق، تۈركلەرنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ

---

① ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى 8-ئاي نەشرى، 22-، 26-بەتلەر.

61 ـ قۇردا: «ئىلتەرىش خاقان ۋە مەن بىلگە تونيۇقۇق تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى مۇشۇنداق ياشاپ قالدى» دېيىلسە؛ 29 ـ قۇردا: «قوشۇن تارتىپ ئۇلارغا يۈرۈش قىلمىساق، ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ» دېيىلگەن. دېمەك، مەڭگۈ تاشلاردىكى بۇ خىل ئۆز قوۋمىنى سۆيۈش مەنىسىدىكى بايانلاردىن، ئەينى دەۋردىكى ئىنسان ئۇلۇغلۇقى قارىشىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

## 3. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى ۋەتەن (ماكان) قارىشى

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەزەلدىن ۋەتەننى «ئانا»، دۆلەتنى «ئاتا» مەنىسىدە چۈشىنىپ كەلگەن. ئۇلار ئۆز كۆز قاراشلىرىدا ئىنسان ئانىسىنىڭ ھامان بىر بولىدىغانلىقى، بۇ ئانىنىڭ گاھىدا شەرەپ گاھىدا نومۇس ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىگە ئىزاھ يازىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئورخۇن ئابىدىلىرىدىمۇ بۇ خىل دۇنيا قاراش روشەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ شەرق تەرەپ 22 ـ قۇردا: «بىز تىرىشىپ قۇرغان دۆلەتنىڭ، قانۇن تۈزۈمى ئەنە شۇنداق ئىدى. تۈرك، ئوغۇز بەگلىرى، خەلقى ئىشتىڭلار! ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە، دۆلىتىڭلارنى ۋە قانۇن تۈزۈمىڭلارنى كىم بىتچىت قىلالايدۇ؟ تۈرك خەلقى سىلەر خاتالىقىڭلارغا ئۆكۈنىڭلار! سىلەر باشباشتاقلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى بېقىۋاتقان دانا خاقانىڭلار ۋە ئەركىن، ياخشى دۆلىتىڭلار ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدىڭلار. يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار. ئۇنداق بولمىسا قوراللىقلار قاياقتىن كېلىپ سىلەرنى ھەيدىۋېتىدۇ؟ نەيزىلىكلەر قاياقتىن كېلىپ سىلەرنى سۈر ـ توقاي قىلىدۇ؟ مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدىكى خەلقلەر، كەتتىڭلار. شەرققە بارىدىغىنىڭلار شەرققە كەتتىڭلار، غەربكە بارىدىغىنىڭلار غەربكە كەتتىڭلار. سىلەرنىڭ بارغان يېرىڭلاردا كۆرگۈڭلار مۇنداق بولدى، قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكلىرىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى. بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل، خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭلار دېدەك بولدى» دەپ يېزىلغان بولسا؛ «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ شىمالىي يۈزى 13 ـ، 14 ـ قۇرلىرىدا: «سىلەر بۇ خاقانىڭلاردىن، بۇ بەگلىرىڭلاردىن، بۇ يەر، سۇيۇڭلاردىن ئايرىلمىساڭلار، تۈرك خەلقى ئۆزۈڭلار ياخشىلىق كۆرەلەيسىلەر، ئۆيۈڭلەرگە كىرەلەيسىلەر، ئىگە بولالايسىلەر، قايغۇسىز بولالايسىلەر» ① دەپ يېزىلغان. «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»دا: «تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان... تولتىس، ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن. سۇيى سېلىنگان دەرياسى ئىكەن. ئۇ يەردە ئېلى ئەركىن ياشايدىكەن» ② دېيىلگەن. دېمەك، يۇقىرىقىلار ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن، ماكان قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان پاكىتلارنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىدۇر خالاس.

## 4. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى ھوقۇق قارىشى

ئىنسانلار ھامان ئىجتىمائىيلىق ئارىسىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋام قىلىدۇ. ئىجتىمائىيلىق ھامان مەلۇم بىر ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى ۋە ھوقۇق سىستېمىسىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىگە تەۋە ۋارۋارلىق دەۋرىدە ئىنسانلار جىسمانىي قۇدرەتنى ھوقۇقنىڭ ئاساسى ۋە تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ قارىغان بولسا، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن مىسلىسىز ئات مەدەنىيىتى يارىتىلىپ، ياۋروپانى ئاسىياغا تۇتاشتۇرۇپ مىڭلىغان مەدەنىيەت ئالمىشىشلىرىغا سەۋەب بولغان. تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ھوقۇقنى يەنىلا يۇقىرى ئورۇنغا قويغان. ئەمما كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى شۇكى، بۇ يەردىكى ھوقۇقنىڭ كۆپ قىسىم مەڭگۈ تاشلاردا ناھايىتى ئادىل سايلام ياكى قۇرۇلتاي ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدىغانلىقى، گەرچە بۇ يەردە قاغان چىقىدىغان ئۇرۇق مەۋجۇت بولسىمۇ، ھاكىمىيەتنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇق ۋە قوۋملەر ئارىسىدا ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقى تەكرار ـ تەكرار قەيت قىلىنغان. بۇ خىل ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى، ساقلاش ئۇسۇلى ۋە توغرا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پىرىنسىپلىرى مەڭگۈ ئەستىن چىقمىسۇن

① ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 106 ـ بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 120 ـ بەت.

دەپ تاشلارغا پۈتۈپ ساقلانغان. بۇ ئابىدىلەردە يەنە جىسمانىي كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت باشتىن ـ ئاخىر ھوقۇقنىڭ يادرۇسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ خىل ھوقۇق قارىشىنىڭ ئەڭ يارقىن ئۆلگىسى دەل «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»دۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»دا: «... بىر يىل ئىچىدە تۆت قېتىم ئۇرۇشتۇم. دەسلەپكى ئۇرۇش توغلا شەھىرىدە بولدى. مېنىڭ قوشۇنۇم توغلا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى يوقاتتى. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش antarghu دا بولدى. مەن ئۇلار ئۈستىدىن غەلبە قىلدىم...» دېيىلسە؛ «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»دا: «بارلىق تۈرك پۇقرالىرى ئېلى بار خەلق ئىدۇق. ئەمدى ئېلىمىز قېنى؟ كىمگە ئەل قۇرغۇزىمىز؟ خاقانلىق خەلق ئىدۇق، خاقانىمىز قېنى؟ قايسى خاقانغا خىزمەت قىلىمىز» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىقىلار ئورخۇن ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ ئەزەلدىن كۈچلۈك ھوقۇق قارىشىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 5. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشى

كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باراۋەرلىك ۋە يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك ھامان كىشىلىك مۇناسىۋەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئورخۇن ئابىدىلىرىدە كىشىلىك مۇناسىۋەت قاراشلىرى كۆپىرەك خاقان بىلەن ۋەزىر، ئەلەمدار بىلەن قەلەمدار، ھۆكۈمران بىلەن پۇقرا ئارىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت قاراشلىرىدىن باشقا، يەنە يات مىللەت ۋە ئەللەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قىلىش يوللىرى ئىنتايىن پاكىتلىق ۋە جانلىق مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. ھەر بىر مىللەتنىڭ خاسلىقى، خاراكتېرى ۋە ئاجىزلىقلىرى قايتا ـ قايتا سۆزلەنگەن. مەسىلەن، مەركىزىي ئاسىيادا 1 ـ قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى – چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن ئايرىمچە خاس ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە دېھقانچىلىقنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى ساكلارنىڭ كۆچمەنچى خاراكتېرىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ئاخىرلىشىش دەۋرىدە يۈز بەردى. ئەڭ دەسلەپكى بوستانلىق بەگلىكلىرى كۆچمەنچى بەدەۋى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىنىڭ خاتىمىسىنى گەۋدىلەندۈردى. ئارقىدىنلا 2 ـ قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى — چارۋىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى بولدى. قول ھۈنىرى تەقەززا قىلغان ئولتۇراقلىشىش، شەھەر ھاياتى ۋە سودا مۇئامىلىسى ئوخشاشلا قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەقەززا قىلاتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە ئۇنى تەمىنلەپ تۇرغان يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىق مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ مۇستەھكەم ھايات گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان مەزمۇت ئۈچ پۇتلۇق تىرەك بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئەمدى مۇنداق ئولتۇراقلىشىشنى رەڭلىك ساپال ياكى ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىدىكى ئاھالە مەركەزلىرى بىلەن بىردەك تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك سودا مۇئامىلىسى شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىقتىساد مەركەزلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى «چارۋا يوللىرى» ئورنىنى يېڭى «كارۋان يوللىرى» ئىگىلىدى. سۈنئىي سۇغىرىش خىزمىتىدىن باشقا كارۋان يوللىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى تەمىن ئېتىش ھاكىمىيەتچىلىكنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى قاتارىغا قوشۇلۇپ، ئىپتىدائىي تاۋار، قىممەت ۋە ئۆلچەم كاتېگورىيەلىرىنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ ھال بەدەۋىلىك دەۋرىنىڭ يالدامىسى بولغان قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن بولىدىغان تاشقى مۇناسىۋەت ئورنىغا، ئۇنى قىسمەن ساقلاپ قالغان ھالدا مال ئالماشتۇرۇش بىلەن بولىدىغان تاشقى مۇناسىۋەتنى دەسسەتتى. بۇ بەدەۋىلىكتىن مەدەنىيەتكە قاراپ چامدالغان زور قەدەم بولدى.

كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشى ھەققىدە مەڭگۇ تاشلاردا ناھايىتى ئېنىق پوزىتسىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بىز پەقەت «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» بىلەن «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»دىن مىسال ئېلىش ئارقىلىق، بۇ كۆز قارىشىمىزنى يەكۈنلەيمىز. مەسىلەن، «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»دىكى: «خاقانىم مەن ئۆيگە بېرىپ كېلەي، خوتۇنۇم ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۆلۈم رەسمىيەتلىرىنى قىلىۋېتەي» دېگەن قۇرلاردا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتى ئىپادىلەنسە؛ «... شۇ چاغدىمۇ

مەسلىھەتچىسى مەن ئىدىم. تەشكىللىگۈچىسى مەن ئىدىم... ياش ۋاقتىمدا مەن قاپاغان خاقانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم» دېگەن قۇرلاردا ھەمكارلىق، ياردەملىشىش مۇناسىۋەتلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇنداق بايانلار مەڭگۈ تاشلاردا ئىنتايىن كۆپ. دېمەك، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە قانداق مۇناسىۋەت قىلىش مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىكلىنىشىدىكى يەنە بىر بىۋاسىتە سەۋەبتۇر.

## 6. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى مىللەت قارىشى

ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى دۇنيا قاراشلار ئىچىدە يەنە نىسبەتەن مۇھىم ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان قاراشلارنىڭ بىرى مىللەت قارىشى بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاشلارنى تىكلەشنىڭ ئاساسى بولغان. ھەر بىر مەڭگۈ تاشنىڭ بېشىدىكى مەڭگۈ تاش تىكلەش سەۋەبلىرىدە مەلۇم بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر قوۋمنى قانداق قىلىپ ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە، ئازلىقتىن كۆپكە، خارابلىقتىن تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان. مەسىلەن، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ شەرق تەرەپ 9 ـ قۇرىدا: «بارلىق تۈرك پۇقرالىرى، ئېلى بار خەلق ئىدۇق، ئەمدى ئېلىمىز قېنى؟ كىمگە ئەل قۇرغۇزىمىز؟ خاقانلىق خەلق ئىدۇق، خاقانىمىز قېنى؟ قايسى خاقانغا خىزمەت قىلىمىز؟» دەپ يېزىلغان بولسا؛ 14 ـ قۇرىدا: «ئوڭ تەرەپ (جەنۇب) تە تابغاچلار دۈشمىنىمىز ئىكەن. سول تەرەپ (شىمالدا) تە باز خاقان ۋە توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى ئىكەن. قىرغىزلار، قۇرقانلار، 30 تاتارلار، قىتانلار، تاتابىيلارنىڭ ھەممىسى دۈشمىنى ئىكەن... ئاتام خاقان تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپ، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ... » دەپ يېزىلغان. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ غەرب تەرەپ 2 ـ، 3 ـ قۇرلىرىدا: «خانىڭلارنى تاشلاپ، تابغاچقا يەنە تەۋە بولغىنىڭلار ئۈچۈن تەڭرى سىلەرگە ئۆلۈم بەردى. شۇڭا تۈرك خەلقى ئۆلدى. ھالاك بولدى، يوقالدى. تۈرك سىر خەلقى يېرىدە بوي ئادەم قالمىدى، ئورمانلىق ۋە تاغ دالالاردا قالغانلىرى يىغىلىپ 700 بولدى» دەپ يېزىلغان بولسا؛ 14 ـ قۇرىدا: «شەرقتە قىتانلاردىن، جەنۇبتا تابغاچلاردىن، غەربتە قۇرداندىن، شىمالدا ئوغۇزلاردىن بولۇپ ئىككى ـ ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن كېلىشى مۇمكىن»)① دەپ يېزىلغان. بۇلار، ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئىپادىلەنگەن كۈچلۈك مىللەت قارىشىنىڭ جانلىق پاكىتىدۇر، ئەلۋەتتە.

## 7. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى تۆھپە قارىشى

بۇ، تۈركىي تىللىق قوۋملىرىگە ئورتاق بولغان خاسلىقلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەشھۇر شەخسلەرنى ئۇنىڭ جەمئىيەت، جەملىدىن ئۆز توپىغا قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن ئەسلەش ياكى تىلغا ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بىر قىسىم مەڭگۈ تاشلاردا مۇشۇ خىل دۇنيا قاراش تېما قىلىنغان. مەسىلەن، «توققۇز ئۇيغۇر ئايتەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغاننىڭ ھەربىي، سىياسىي پائالىيەتلىرى مەڭگۈ تېشى»دا دەل مۇشۇ تۆھپە سۆزىنىڭ ئورنىغا ھەربىي، سىياسىي پائالىيەت دېگەن سۆز بېزەك قىلىنغان بولسا؛ «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دا باشتىن ـ ئاخىر مويۇنچۇر قاغاننىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتىكى تۆھپىلىرى بىرمۇبىر ئەسلەپ ئۆتۈلگەن. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دىمۇ خەلقنىڭ تۆھپە قارىشى ئىنتايىن يارقىن ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭغا ئائىت مەزمۇنلارنى مەڭگۈ تاشلارنىڭ خالىغان يېرىدىن ئۇچرىتىش مۇمكىن. شۇڭا، بىر قىسىم مەڭگۈ تاشلار «تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتالغان. مەسىلەن، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ غەرب تەرەپ 54 ـ قۇرىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «مەن تۈرك خەلقى زېمىنىدا تولۇق قوراللانغان دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم. بەلگىسى بار ئاتلارنىڭ ھەممىلا يەردە چېپىپ يۈرۈشىگە يول قويمىدىم. ئىلتەرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمىغان بولسام، دۆلەت ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن دۆلەت يەنىلا دۆلەت بولدى. خەلق يەنىلا خەلق بولدى. ئۆزۈم قېرىدىم، ئۇلۇغ بولدۇم...» دەپ يېزىلغان بولسا؛ «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ شەرق تەرەپ 26 ـ قۇرىدا: «مەن روناق تاپقان خەلق

---

① ئابدۇقېييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 54 ـ، 55 ـ بەتلەر.

ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم. يېگىلى ئېشى يوق، كەيگىلى كىيىمى يوق، يوقسۇل بىچارە خەلق ئۈستىدە ئولتۇردۇم. ئىنىم كۆلتېگىن بىلەن سۆزلەشتۇق، ئاتام، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ نام ـ ئابروينىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى ئۈچۈن، تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىمىدىم. كۈندۈزلىرى خاتىرجەم ئولتۇرمىدىم. ئىنىم كۆلتېگىن بىلەن بىللە، ئىككى شاد بىلەن بىللە، ئۆلە ـ تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم. ئاشۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ خەلقنى ئوت ـ سۇ قىلدىم. ئىناق قىلدىم... تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلقكە جان كىرگۈزدۈم. يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم. ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم. ئۇلارنىڭ كۈچلۈك دۆلىتى بار بولدى. كۈچلۈك خاقانى بار، ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم» ① دەپ يېزىلغان. تۆھپە قارىشى ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى ئاساسلىق دۇنيا قاراشلارنىڭ بىرىدۇر.

دېمەك، ئورخۇن ئابىدىلىرى بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدا قالدۇرغان يازما ئابىدىلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، مەڭگۈ تاشلاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنى تۈرگە ئايرىش ئارقىلىق ئورخۇن ـ يېنسەي ۋادىلىرى، ئالتاي، تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ تۈرلۈك دىنى، تارىخى، ھايات كەچۈرمىشى ۋە قىممەتلىك دۇنيا قاراشلىرى توغرىسىدا مۇھىم مەلۇماتقا ئىگە بولالايمىز

**ئاپتور:** شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھىنۇر يۇنۇس

① ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 85 ـ، 86 ـ بەتلەر.

# ئىناق ئائىلە مۇھىتىنىڭ ئاياللار ساغلاملىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

گۈلزەپەر مۇھەممەت

**مۇھىم مەزمۇنى:** ساغلاملىق ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، ساغلاملىققا كۆڭۈل بۆلۈش ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ساغلاملىققا ئېرىشىشنىڭ يولى ھەر خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىناق ئائىلە تۇرمۇشى، نورمال كىشىلىك مۇناسىۋەت، توغرا تۇرمۇش ئادىتى، ساغلام روھىي ھالەت قاتارلىقلار ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە، ئىناق ئائىلە مۇھىتىنىڭ ئاياللار ساغلاملىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىناق ئائىلە مۇھىتى؛ ئاياللار؛ ساغلاملىق

ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ساغلاملىق زور بايلىق بولۇپ، ئۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ئەڭ قىممەتلىك روھىي ئەڭگۈشتەردۇر، ساغلاملىق — ھاياتلىقنىڭ مۇھىم كاپالىتى، بەخت- سائادەتنىڭ بەلگىسى. ئادەم ساغلام بەدەنگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئىناق، بەختلىك ئائىلىسى، ساغلام ئوماق پەرزەنتلىرى بولىدۇ، بارلىق ئارزۇ- ئارمانلىرى، غايىسى ۋە ئىنتىلىشى ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، دۇنيادا ئۆز ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بىرمۇ ئىنسان بولمىسا كېرەك، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش ئۇسۇلى، شەكلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلىرى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ساغلاملىققا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «ساغلاملىق — پەقەت تەندە كېسەل بولماسلىق ياكى ئاجىز بولماسلىقلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل بەدەن ساغلام بولۇش، ساغلام روھىي كەيپىيات يېتىلدۈرۈش ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاش دېمەكتۇر».

پىسخىك ساغلاملىق — روھىي كەيپىياتى نورمال بولۇش، شۇنىڭدەك دائىم ئۆزىنى خۇشال تۇتالايدىغان ۋە كۆز ئالدىدىكى بارلىق ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلارغا ماسلىشالايدىغان ئاكتىپ پوزىتسىيە، توغرا پىسخىكلىق روھىي ھالەتنى ھازىرلاشتىن ئىبارەت. ھەرىكەت ساغلاملىقى — شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئائىلە، جەمئىيەت ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولۇش، شۇنىڭدەك ھەرقانداق ئورۇن، سورۇن ۋە ئۆزگىرىشلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت. ئادەم جىسمانىي، روھىي، ھەرىكەت جەھەتتە ساغلام بولغاندىلا، ئاندىن ساغلاملىق ئۆلچىمىگە يەتكەن ھېسابلىنىدۇ. جىنسىي ساغلاملىق — مىللەت، رايون ئايرىمىسى بولمىغان ئۇنىۋېرسال ئۇقۇم، شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتكۈل ئىنسانىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. جىنسىي ساغلاملىققا كۆڭۈل بۆلۈش تەرەققىياتقا، ئىسلاھاتقا، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك بولىدۇ.

ئىناق ئائىلە — ئىناق جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، ئىناق ئائىلە ئارقىلىق ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىناق ئائىلە مۇھىتى ئارقىلىق ساغلاملىققا ئېرىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش ئىنتايىن مۇھىم. ئىناق ئائىلە قۇرۇش يالغۇز ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلار بىلەن ئىناق كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەش، ئەۋلادلارنى يارامىلىق تەربىيەلەش، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەڭ مۇھىمى ئاياللار ساغلاملىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

ئاياللار — ئىنسانىيەت بۆشۈكىنىڭ تەۋرەتكۈچىسى، ئاياللار ئىنسانلارنى دەۋردىن دەۋرگە ئۇلاپ بەرگۈچى ئالتۇن كۆۋرۈك. ئۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتى پەيدا بولغاندىن باشلاپ تاكى بۈگۈنگىچە ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ئىشلەپچىقىرىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز- ئۆزىنى ئىشلەپچىقىرىش، ئەۋلاد تەربىيەلەش، ئائىلىنىڭ بەخت- سائادىتى، جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەم، ئىناقلىقى ئۈچۈن ئۈن تۈنسىز

تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. شۇڭا، ئاياللار ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، ئاياللارغا كۆڭۈل بۆلۈش ماھىيەتتە ئۆز ئائىلىسىگە، جەمئىيەتكە، ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكتۇر. شۇڭا، ئىناق ئائىلە مۇھىتى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئائىلە زوراۋانلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ئازايتىش كېرەك. ئەرلەر بىلەن ئاياللار تۇغما جىنسىي پەرق، فىزىيولوگىيەلىك، بىئولوگىيەلىك پەرققە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى يەنە مېڭە تۈزۈلۈشى جەھەتتىنمۇ پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى، ئىشىنىدىغىنى، تەپەككۇرى، سېزىمى، مەسىلىلەرنى چۈشىنىشى، شەيئىلەرگە بەرگەن باھاسى، ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش تېزلىكى، بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى، سۆز سەنئىتى ھەتتا ھەرىكەت شەكىللىرىدىمۇ مۇئەييەن پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ پەرقلەر ئائىلە زىددىيىتىنىڭ يوشۇرۇن ئاپەتلىرى بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئائىلە ئىناقسىزلىقىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئەر- ئاياللار ئۆزلىرىدىكى بۇ خىل تەبىئىي پەرقلەرنى توغرا تونۇپ يېتىپ، مەسىلىلەرنى قارشى تەرەپ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلاپ، ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشى، ئەرزىمەس، كىچىككىنە زىددىيەتلەرنىڭ كېڭىيىپ ئائىلە زوراۋانلىقىغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئائىلە زوراۋانلىقى ئائىلە زىددىيىتىنىڭ تۈپ مەنبەسى، ئۇ ئاياللار ساغلاملىقىدىكى ئەڭ زور يوشۇرۇن ئاپەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە زوراۋانلىقىنىڭ شەكلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھامان ئاياللارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەنە ئاياللارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاياللاردا ھەرخىل يامان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

2. ئەر- ئاياللار بىر- بىرىگە ئىشىنىشى ۋە ئۆزئارا كۆيۈنۈشى كېرەك. ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىنىش ئائىلە ئىناقلىقىنىڭ ئاساسى، ئىناق ئائىلىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئۆزئارا ئىشەنچ ئەر- ئايال ئىككىلا تەرەپكە كۆڭۈل ئازادىلىكى، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىپ ئارتۇقچە غەم- ئەندىشىلەردىن خالىي قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئائىلە تۇرمۇشى بىر مۇرەككەپ ھاياتلىق سەيلىگاھى بولۇپ، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى، ئۆزئار كۆيۈنۈشى، بىر- بىرىگە بولغان سەمىمىي- ساداقىتى، ئۆزئارا چۈشىنىشى، ياردەم بېرىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ. شۇڭا، ئەر- ئاياللار ئىناق ئائىلە تۇرمۇشى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە ئۆزىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن، چوقۇم بىر- بىرىگە ئىشىنىشى ۋە ئۆزئارا كۆيۈنۈشى كېرەك.

3. ئاياللار كۆڭۈل- كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، ئەپۇچانلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئائىلە تۇرمۇشى ئارزۇيىمىزدىكىدەك شېرىن- شېكەر، لەززەتلىك، غەمسىز ئۆتىۋەرمەيدۇ. شۇڭا، ئاياللار ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق- چۈچۈك، ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ، رەڭدارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماي، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا ھەردائىم ھوشيار تۇرۇشى، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە تولۇق ماسلىشالايدىغان، قارشى تەرەپنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئازراق، ئارتۇقچىلىقىنى كۆپرەك كۆرۈشنى، مەسىلىلەرنى قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئىش قىلىشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەپۇچانلىق ــ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ يۈكسەك، ئالىيجاناپ پەزىلەت. كونىلاردا: «داداڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر»، «ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات» دېگەندەك نۇرغۇن ماقال- تەمسىل بار. بۇ ماقال- تەمسىللەر خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئائىلە تۇرمۇشىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن بولۇپ، ئۇلاردا ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە ئەپۇ قىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكى يىغىنچاق، مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. چۈنكى، دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم مەۋجۇت ئەمەس، ئادەم ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەنلىك ۋە نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، ئەپۇچانلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىمىزدە يېتىلدۈرسەك، ئائىلە تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم تىنچ ئۆتۈپ، ساغلاملىق بىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئايال خاتىرجەم، ئىناق ئائىلە مۇھىتىغا ئېرىشمەن دەيدىكەن، چوقۇم كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك .

4. توغرا تۇرمۇش ئادىتى ۋە يېمەكلىك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئائىلە تۇرمۇشى قارىماققا

ناھايىتى ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جەريانى مۇرەككەپ، كۆپ خىللىقتا ئىگەندۇر. ئادەتتە بىر ئائىلە بىلەن يەنە بىر ئائىلىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇ بىر خىل مۇقىم شەكلى ياكى بىرلىككە كەلگەن قېلىپى بولمايدىغان ئۆزگىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىدۇر.

بەزى ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى رىتىملىق، بەزى ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئادەتتىكىچە بولىدۇ. بىز ئۇلارغا قاراپ، قايسى ئائىلىنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن ھەقىقىي كۆڭۈل ئازادىلىكى بېرەلەيدىغانلىقىنى، ئۆز ساغلاملىقىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايمىز. رەتلىك، پاكىز، سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئائىلىلەر ئاساسەن مېھمانلار ئۈچۈن ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇشى، ھەممە ئىبسىل نەرسىلەر (چىنە ـ قاچا، ئورۇن ـ كۆرپە، نازۇ ـ نېمەتلەر) مېھمانلار ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان بولۇشى ياكى ئالدى بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھوزۇرلىنىپ بەھىر ئېلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇشى كېرەك.

بەزى ئاياللار ئۆز ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئېھتىياجىغىلا ئاساسەن، ئۆيىنى رەتلىك، پاكىز سەرەمجانلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيى سىرتتىن كىرگەن ئادەمگە گەرچە ئالاھىدە كۆرۈنمىگىنى بىلەن، ئۆز ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن كۆڭۈللۈك، ئازادىلىك، خۇشاللىق ئاتا قىلالايدۇ. ئائىلە تۇرمۇشىنى مېھمانلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشتا باشقىلارنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قىزىقىش ئالاھىدىلىكى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. تۇرمۇش ئادىتى ئاددىي، ئائىلە سايمانلىرى ئىخچام، ئۆي ئىچى ئازادە بولسا، رەڭلەر ئۆزئارا ماسلاشسا ياكى سۇس رەڭلەر كۆپرەك بولسا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تېنىنىڭ ساغلام، روھىي كەيپىياتىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ، مىجەزىنىڭ خۇشخۇي بولۇشىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئازادە مۇھىت ئاياللارغا چەكسىز ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ.

5. ساغلام بولغان روھىي كەيپىيات يېتىلدۈرۈش كېرەك. روھىي كەيپىيات ــ ئىنسانلارنىڭ بارلىق ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىگە، خاراكتېر بەلگىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇش بىلەن بىللە، ئەڭ مۇھىمى كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئاياللارنىڭ روھىي كەيپىياتى ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئانىلاردىكى ساغلام روھىي كەيپىيات بالىلاردا توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە قىممەت قارىشى يېتىلدۈرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارغا مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، پاك سۆيگۈ، ئادىمىلىك تەربىيەسى بېرىپ، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكىگە، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىناقلىقىغا، ئائىلىنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تۇرمۇش رىتىمى كۈنسېرى تېزلىشىۋاتقان، رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ تۇرۇشى ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئىنتايىن موھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار تۇرمۇشىنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇشى، كىشىلەرئارا مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ تۇرۇشى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشى، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتە كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشى، يېمەك ـ ئىچمەك تەلىپىنى زىيادە يۇقىرى قىلىۋالماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، ئۇلار كەيپىياتى ناچار، غەمكىن ۋاقىتلاردا چۈچۈمەل يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىكى، تاتلىق يېمەكلىكلەر بىلەن كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشى كېرەك. روھىي كەيپىياتى چۈشكۈن ئەھۋالدا مۇھىت ئالماشتۇرۇش، سەيلە ساياھەت قىلىش، بازار ئارىلاپ كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىش ياكى يېقىن دوستلىرى بىلەن بىللە مۇڭدىشىش، كۆڭۈلسىزلىكنى تېزرەك ئۇنتۇپ، نورمال روھىي كەيپىيات يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ھەرخىل رەڭلەر ئارقىلىق كەيپىياتنى تەڭشەشنى بىلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. مەسىلەن، قىزىل رەڭ كىشىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ، كۆك رەڭ كەيپىياتنى تىنچلاندۇرىدۇ، يېشىل رەڭ جىددىيلىكنى پەسەيتىدۇ. ئاياللار نورمال بولغان روھىي كەيپىياتنى يېتىلدۈرگەندە، ئوتتۇرا

www.uyghurkitap.com



ياشلىق ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان كىلىماكتېرىيە دەۋرىنى كېچىكتۈرۈش، كىلىماكتېرىيە ئازابىنى يەڭگىللىتىش، كىلىماكتېرىيە دەۋرىنى قىسقارتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار نورمال، ئاكتىپ بولغان روھىي ھالەت، ئۈمىد ۋە ئىرادىنىڭ ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. تېببىي پەندە كۆرسىتىلىشىچە، نورمال روھىي كەيپىيات مېڭىنىڭ سەزگۈ ـ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرىدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ، يۈرەك ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ ئادەم بەدىنىنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ھەرخىل كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئەكسىچە، ناچار روھىي ـ كەيپىيات نېرۋا ئاجىزلىقىنى پەيدا قىلىپ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەش، دىققىتىنى يىغالماسلىقتەك كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

دېمەك، بىنورمال روھىي ھالەت، پاسسىپ كەيپىيات راك كېسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولىدۇ. ئالىملارنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە: خۇشخۇي روھىي ـ ھالەت، ئۈمىدۋار كەيپىيات ئارقىلىق راك كېسىلىنىڭ ئالدىنى 99% تىزگىنلىگىلى بولىدىكەن.

6. نورمال جىنسىي تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. جىنسىي تۇرمۇش ـ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ نورمال فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياجىنىڭ قانائەت تېپىشىدۇر. تەبىئىي ئېھتىياجنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق، رازىمەنلىك ئاساسىدا قانائەت تېپىشى ئەر ـ ئاياللار ساغلاملىقىنىڭ كاپالىتىدۇر.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى جىنسىي ساغلاملىققا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «ئادىمىيلىك خاراكتېرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، مۇھەببەت ئۇسۇللىرىنى يېڭىلاش، ئىككى جىنسنىڭ بەدەن، ھېسسىيات، ئىدراك (ئەقىل) ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلەردىن قانائەتلىنىشى ۋە ئۆزئارا ماسلىششىدۇر». ئاياللار جىنسىي ساغلاملىقى ـــ ئاياللاردا ئۆز جىنسىي تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك دېگەنلىك. ئۇ ئۆز جۈرىسىنى ئۆزى تاللاش، جىنسىي تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، پەرزەنتلىك بولۇشنى خالاش ۋە بەلگىلەش ھوقۇقى بولۇش، ئامال بار بىخەتەر، ھامىلدار بولۇش ۋە تۇغۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھەرخىل جىنسىي كېسەللىك (ئەيدىز كېسىلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئالدىنى ئېلىش، جىنسىي زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش (ئايال خالىمىغان ئەھۋالدا زورلۇق بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش) ھەم ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەرىكىتىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق، كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى يەنىلا ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتى بويىچە ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ، جىنسىي بېكىنمىچىلىك ئىچىدە ياشىماقتا. كۆپ قىسىم ئاياللارنىڭ كۈچلۈك جىنسىي ئىنتىلىشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار كۆڭلىدىكىنى يولدىشىغا ئېيتالماي، ئەرزىمەس، كىچىك ئىشلار ئۈچۈنمۇ يولدىشىغا قىيدايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياجى ۋاقتىدا قانائەتلەندۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاسانلا تۈرلۈك جىنسىي كېسەللىك ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇخىل ئەھۋال باشقا ساغلام ئاياللارغىمۇ ئەندىشە، بېسىم، بىئاراملىق، ۋەھىمە ئېلىپ كەلمەكتە.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جىنسىي ساغلاملىق يالغۇز بىر كىشىنىڭ شەخسىي ئىشى بولماستىن، بەلكى ئۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا ماسلىششى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان فىزىيولوگىيەلىك، پىسخىكىلىق، بىئولوگىيەلىك ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانىدۇر. ئۇ كۆپ تەرەپلىك ئامىللارغا چېتىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇ ئائىلە مۇھىتى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ساغلام پىسخىكىسى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى، ئاياللار تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بىر ئاممىۋى ساغلاملىق ھەرىكىتى، ئىنسانشۇناسلىق مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر.

7. ئاياللار ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزىنى ئاسراش ۋە قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. كونىلاردا: «ئادەم ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرمىسا، يەر يۇتىدۇ» دەيدىغان تەمسىل بار. ئاياللاردا ئەڭ كەمچىل

بولۇۋاتقىنى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈش. 1983 - يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى كاڭ كېچىن خانىم تۆت ئۆز تەربىيەسى (ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىگە كۆيۈنۈش، ئۆزىنى كۈچەيتىش، ئۆزىنى سۆيۈش) نى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاياللارنىڭ ئېرى ۋە باللىرى ئۈچۈن شەرتسىز قۇربان بېرىشتىن ئىبارەت ئالىيجاناپ پەزىلىتى هامان نۇرغۇن بەدەل تۆلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. باشقىلارغا كۆيۈنۈش بىلەن ئۆزىگە كۆيۈنۈشنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇهىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار جىسمانىي جەهەتتىن هەددىدىن زىيادە چارچاپ كېتىشتىن ساقلىنىشى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەن هامان دوختۇرغا بېرىپ داۋالىنىشى، قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى، جىددىي تۇرمۇش ئادىتىنى ئامال بار ئازادە، ئەركىن، ئىختىيارىي تۇرمۇش ئادىتىگە ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاياللار هەممە ئىشنى ئۆز ئادىتى بويىچە ۋايىغا يەتمىگىچە بولدى قىلمايدىغان، هېچقانداق ئىشنى تاشلىۋىسى كەلمەيدىغان، هەر ۋاقىت باشقىلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، تۈگىمەس قائىدە - يوسۇنلار ئۈچۈن ئالدىراش ئۆتۈشتەك تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك.

هەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىنىش ياكى ئاچچىقلىنىش، غەم يېيىش، تېگى يوق قۇرۇق خىياللارنى قىلىش، قايغۇ - هەسرەت، دەرت - ئەلەم، ۋەهىمە ۋە قورقۇش ئىچىدە ياشاش قاتارلىقلار ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردۇر. شۇڭا، ئۆز ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان هەربىر ئادەم ئىلاجى بار ئۆزىنى ئازادە، ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشىشى، روهىي جەهەتتە ئۈمىدۋار بولۇشى، ئوچۇق - يورۇق خاراكتېر يېتىلدۈرۈشى ئىنتايىن مۇهىم.

**پايدىلانمىلار:**

1. لىن ئەيىلىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە ئاياللار مەسىلىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2001 - يىلى 10 - ئاي نەشرى.

2. ۋىلىڭ: «ئاياللار هەققىدە ئومۇمىي بايان»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى.

3. فەن شۈيكاڭ تۈزگەن: «ئائىلە جەمئىيەتشۇناسلىقى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2002 - يىلى 1 - ئاي نەشرى.

4. مەرزىيە تۇرسۇن: «پەزىلەت غۇنچىلىرىغا سۆز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى 6 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

5. ئابلىز ساقى پەزىلەتشاه تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «گۈزەللىك ئاياللارنىڭ هەققىي ئىمتىيازى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى 9 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

[بۇ ماقالە ش ئۇ ئا ر پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى — «شىنجاڭ ئۇيغۇر يېزا ئاياللىرىنىڭ سالامەتلىك ئەهۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات — غۇلجا ناهىيەسى مىسالىدا» نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى. تەستىق نومۇرى: 07MZB048]

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى

**جاۋابكار مۇهەررىرى:** رەشىدە مامۇت

# شىنجاڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ئۆمەر بەكرى، ئۆمەر يۈسۈپ

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدا يېمەكلىك ئىستېمال قۇرۇلمىسى، ئىستېمال مەزمۇنى، ئىستېمال ئۇسۇلى ۋە ئىستېمال قارىشى جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنى تېخىمۇ ساغلام تەرەققىياتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقى شەرھلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شىنجاڭ؛ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك؛ يېڭى ئۆزگىرىش

يېمەكلىك كەسپى — سانائەت ئۇسۇلى بويىچە يېمەكلىكلەر (ئوزۇقلۇقلار) نى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپ بولۇپ، ئۇ يەنە تائام كەسپىي، قوشۇمچە يېمەكلىك كەسپىي، ئىچىملىك كەسپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپى بولسا شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە كەسپى، ئەۋزەل كەسپى ۋە كەلگۈسىدە غايەت زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە تۈۋرۈك كەسپلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىياتى غەربىي رايونلارنى كەڭ ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىنىڭ، مىللىي ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ھەم ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ھالقىما تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم تەدبىرى، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەكشى تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ، شۇنداقلا ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ يېڭى تەلپى ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى، شىنجاڭدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك كەڭ ئېچىۋېتىلگەن 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ غەربىي رايونلارنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەكلىكىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. يېمەكلىك ئىستېمال قۇرۇلمىسى، ئىستېمال مەزمۇنى، ئىستېمال ئۇسۇلى ۋە ئىستېمال جەھەتلەردە روشەن ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش تېپىدىن ھاللىق سەۋىيە تېپىغا، قورساقنى تويغۇزۇشتىن ئىلمىي، ساغلام ئوزۇقلىنىشقا ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە، فىزىيولوگىيەلىك ئوزۇقلىنىشتىن پسىخىك جەھەتتىكى ھۇزۇرلىنىش ئېھتىياجىغا قاراپ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىندى. ئۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى:

1. شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك قۇرۇلمىسىدا روشەن ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىدىكى تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىق زامانىۋى تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىققا قاراپ تەرەققىي قىلدى. كۆكتاتچىلىق تېز تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىكى بىر نەچچە خىلدىن كۆپ خىللىققا، پەسىللىك تېرىقچىلىق قىلىش ھالىتىدىن پۈتۈن يىللىق تېرىقچىلىق قىلىش ھالىتى مەيدانغا كېلىپ كۆلەم ئۈنۈمىنى بارلىققا كەلتۈردى. مېۋىچىلىكتە ئەنئەنىۋى مېۋە- چېۋە ئاساسىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى سورتلار چەت ئەل ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلۈپ مېۋە- چېۋىلەرنىڭ تۈرى كۆپەيتىلدى ۋە سۈپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. چارۋىچىلىق بىلەن سۇ

مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە ئىلگىرىكى تەبىئىي كۆپەيتىشتىن زامانىۋى ئۇسۇلدا كۆپەيتىشكە قاراپ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىنىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيتىلدى، شۇنىڭدەك مەھسۇلات مىقدارى بىلەن ساپاسىمۇ ئۆستۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇسۇلمانچە يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە پۇختا ماددىي ئاساس سېلىپ، زامانىۋى يېمەكلىك قۇرۇلمىسىغا قاراپ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

بىرىنچىدىن، ئاساسلىق يېمەكلىكتە قارا ئاشلىق (قوناق ئۇنى، قوناق تالقى)نى ئاساس قىلىشتىن بۇغداي ئۇنى (ئاق ئۇن) نى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەردى. ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى نان (زاغرا نان) بولۇپ، ئۇلار قوناق ئۇنى قاتارلىق قارا ئاشلىقنى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلغان بولسا، ھازىر ئومۇمەن ئاق ئۇن (بۇغداي ئۇنى)نى خام ئەشيا قىلىپ ئاق نان يەيدىغان بولدى. ناننىڭ تۈرىمۇ سۈت نان، ياغاق نان، ماي نان، توقاچ نان، قاتلىما نان، تولغاما نان، تۇخۇملۇق نان، زاغرا نان قاتارلىق كۆپ خىلغا ئۆزگەردى. ئاق ئۇن ئىلگىرى ھېيت ـ بايرامدىلا ئىشلىتىلگەن بولسا، ھازىر كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولدى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىلگىرى گۈرۈچنى پەقەت پولو ئېتىش شەكلىدىلا ئىشلەتكەن بولسا، ھازىر گۈرۈچنى كۆپ خىل شەكىلدە ئىستېمال قىلىدىغان كۆپ خىل يېمەكلىك ئۇسۇلى بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا، ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇشقا ناھايىتى پايدىلىق بولدى.

ئىككىنچىدىن، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرى كۆپىيىپ، گۆشنىڭ ئىستېمال نىسبىتى نىسپىي ھالدا تۆۋەنلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات، تۇخۇم قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكتە تۇتقان نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشتى، تۈرىمۇ كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن گۆشنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكتە تۇتقان نىسبىتى تۆۋەنلىدى. بۇ بىر تەرەپتىن، قوي، كالا قاتارلىق چارۋا ماللارنى ئېكسپورت قىلىش، پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت يېمەكلىك سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ گۆشنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتىنى ئۆستۈرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنىڭ بىرلا خىل بولۇشتىن كۆپ خىل بولۇشقا ۋە ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئىلمىي تەرەققىي قىلىش يۆزلىنىشىگە ماسلاشتى.

ئۈچىنچىدىن، گۆش قۇرۇلمىسى قوي، كالا گۆشىنى ئاساس قىلىشتىن كۆپ خىللىققا تەرەققىي قىلدى. ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۆش ئىستېمالىدا قوي، كالا گۆشىدىن باشقا گۆشلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. ھازىر ئىستېمال قىلىدىغان گۆش خىللىرى كۆپەيدى. تۆگە گۆشى، ئۆچكە گۆشى، توخۇ، غاز، ئۆردەك، بېلىق، راك قاتارلىقلار مۇسۇلمانچە رېستورانلار بىلەن مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ داستىخىنىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاساسلىق تائامغا ئايلاندى.

2. شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال مەزمۇنىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشقا پۇختا ئاساس سالدى. ئىلگىرىكى نان، گۆش، سۈت قاتارلىق ئەنئەنىۋى يېمەكلىككە نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى. بۇ، ئاساسلىقى تەييارلانغان كۆكتاتلارنىڭ خىللىرى ۋە سانىدا روشەن ئىپادىلەندى. بۇرۇن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مېھمانلارنى پولو، نان، نارىن بىلەن ئۇزىتاتتى. ھازىر مېھمانلارنى قورۇماي تەييارلانغان كۆكتات، قورۇما، تائام قاتارلىق ئون نەچچە خىل يېمەكلىك بىلەن ئۇزىتىدىغان بولدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئاشپەزلەر خەنزۇلارنىڭ «تۆت چوڭ (شەندۇڭ، جياڭسۇ، سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق) سەي سىستېمىسى» دىكى بەزى قورۇملارنى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ يېڭىلىق يارىتىپ، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكنىڭ يېڭى ساھەلىرىنى ئاچتى.

3. شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال ئۇسۇلىدا يېڭى يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. يېمەكلىك ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسلىقى تائاملىنىش سورۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئەكس ئەتتۈرۈلدۇ.

ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر مەيلى شەھەر ياكى يېزىلاردا بولسۇن ئۆيدە ئوزۇقلىناتتى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب:

بىرىنچىدىن، ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن، بازار-مەھەللىلەردە ئاشخانا يوق ئىدى، بولغان تەقدىردىمۇ تازىلىق شارائىتى ناچار، تائاملارنىڭ باھاسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغاچقا، ئۇ ئاشخانىلاردا ناھايىتى ئاز ئادەملەرلا ئوزۇقلىنالايتتى.

ئىككىنچىدىن، ئىلگىرى تۇرمۇش، خىزمەت رىتىمى ئاستا بولغاچقا، ئۆيدە تاماق ئېتىش ۋە ئوزۇقلىنىشقا يېتەرلىك ۋاقىت شارائىتى ھازىرلانغانىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قىز-چوكانلىرى ئاشخانىغا دەسسىمەيتتى. ناھايىتى ئاز ئادەملەر ئاشخانىدىن تاماق يەيتتى.

ئۈچىنچىدىن، ئەنئەنە بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى ئومۇمەن سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلمايتتى. ئۇلار ئائىلىدە بالا بېقىش، يولدىشىنى كۈتۈش، ئائىلە ئىشلىرىنى بېجىرىش ئىشلىرىنى قىلاتتى. شۇڭا، تاماق ئېتىش ئاياللارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپ قالغانىدى.

تۆتىنچىدىن، ئادەملەرنىڭ مەھەللە ئاشخانىلىرىدا تاماق يېگۈدەك ئىقتىسادىي ئىقتىدارى يوق ئىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شىنجاڭنىڭ شەھەر-يېزىلىرىغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرلىدى. تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىپ كىشىلەرنىڭ يېمەكلىك قارىشىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. كىشىلەر بارلىق ۋاقتىنى «بىر كۈن ئۈچ ۋاق تاماق» ئۈستىگە يۆكلەپ قويۇشتىن قۇتۇلۇپ، دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ ھەر خىل شەكىلدىكى تائاملاردىن بەھرىمان بولۇشقا باشلىدى. ئالىي، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئاشخانىلار، تېز تاماقخانىلار، مىللىي تائاملار، ئەتىگەنلىك بازار، كەچلىك بازار دېگەنلەر ئارقا-ئارقىدىن بازارنى ئىگىلىدى. بۇلار، ئوخشىمىغان قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇردى، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت ھەرخىل مەدەنىيەتتىن ھۇزۇرلىنىشىدەك كۆپ خىل مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇردى، شۇنىڭدەك ئۆيدىكى داستىخاندىن شەھەر-بازارلاردىكى رېستورانغا ۋە يېزا دېھقان ھەرەمباغلىرىغا قاراپ يۈرۈلۈش ھاسىل قىلدى. قازاق مىللىتىمۇ ئاشخانا، چايخانا، نارىنخانىلارنى ئېچىپ، قىمىز، قىيزا، چۇبەت قاتارلىق ئۆزگىچە تائاملار بىلەن ئىستېمالچىلارنى تەمىنلەپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

4. شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال قارىشىدا ھالقىما ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ مەركەزنىڭ «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» ئېچىلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى كەسىپ، ساھەلەردە ھالقىما تەرەققىيات مەيدانغا كەلدى. بۇ ھال ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كۆز قارىشى، ئېڭى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ۋە ئىستېمال سەۋىيەسىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى. نەتىجىدە، تۇرمۇش ئىستېمالىدا «ياخشى يېيىش، ياخشى كېيىش، ياخشى يۈرۈش-تۇرۇش، ياخشى تۇرار جاي»دىن ئىبارەت يۇقىرى دەرىجە، يۇقىرى قاتلاملىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قاراپ يۈرۈلۈش ھاسىل قىلىندى. بۇ «تۆت ياخشى»نىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى ياخشى — ياخشى يېيىش (ياخشى ھوزۇرلىنىش)تىن ئىبارەت. ئىستېمال قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ئالدى بىلەن يېمەكلىك ئىستېمالى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى «رېستوران يېمەكلىك مەدەنىيىتى» ۋەكىللىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئالايلۇق، ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇلار ئاچقان رېستورانلارنىڭ سانى خېلى كۆپ. بۇ رېستورانلار تاماق يېيىش سورۇنى بولۇپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك مۇراسىم، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا ئايلاندى. مۇراسىملارنىڭ شەكلى، مەزمۇنى، كۆلىمىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئەگىشىپ، رېستورانلار جۇڭگو ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ سەيلە-ساياھەت تۈگۈنىگە ئايلاندى. بۇ رېستورانلارنىڭ مىللىيچە تۈرلۈك تائام،

يېمەكلىكلىرىدىن سىرت، رېستورانلارنىڭ قۇرۇلۇشى، بېزىلىشى، مۇلازىمەتچىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، زىننەت بۇيۇملىرىمۇ خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، پۇل خەجلەيدىغان جانلىق ئېلان بولۇپ قالدى.

يۇقىرىقىدەك يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى پارتىيە بىلەن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە رېستوران خوجايىنلىرىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇشىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنى يەنىمۇ تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن:

بىرىنچى، يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىش، مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شىنجاڭ دۆلىتىمىزدە مۇسۇلمانلار بىر قەدەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانچە يېمەكلىك شىنجاڭ يېمەكلىكىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش لازىم. بولۇپمۇ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىدە ئەنئەنىۋى ھۆنەر ـ سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، تەپەككۇر ۋە كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش، بولۇپمۇ رىقابەت كۈچىگە ئىگە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە ئېلىپ يۈرۈشكە، توشۇشقا، ساقلاشقا قولايلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، رايون ھالقىپ خەلقئارا بازارغا كىرىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنىڭ تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بېرىش لازىم.

ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكىنىڭ مول مەدەنىيەت مەزمۇنىنى نامايان قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللەتلەر ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈش، ئىتتىپاق ياشاش مۇھىتىدا، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كارخانىلىرى ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشى، سىڭىشىش ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، مول مەزمۇنلۇق مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئۆزگىچە مۇلازىمەتكە تايىنىپ، يېڭى ماركىلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى، شۇنىڭدەك بازار ئېچىپ، رايون، دۆلەت ۋە خەلقئارا بازار ئىگىلەشكە يۈزلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كارخانىلىرى مۇئەييەن ئىگىلىك كۆلىمىنى شەكىللەندۈرۈشى، يېمەكلىك خام ـ ئەشيا بازىسى قۇرۇشى، مۇلازىمەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى، زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش ئەندىزىسى بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، بازار رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

ئۈچىنچى، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بازار ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كارخانىلىرى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلىش بىلەن بىللە غەيرىي مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش قارىشىنى تۇرغۇزۇشى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىك مەدەنىيىتىدىكى مول مەدەنىيەت بايلىقىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، شۇنىڭدەك قېرىنداش ئۆلكە، رايونلار بىلەن چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خەلقئارا بازارغا يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايان قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ كارخانىلار كەسكىن بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالايدۇ.

تۆتىنچى، دورىلىق، تەنگە شىپا، قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەلۇمكى، شىنجاڭنىڭ ئۆسۈملۈك بايلىقى مول. ئۆسۈملۈك دورا بىلەن تائاملارنى بىرلەشتۈرگەندە، كېسەلگە داۋا دورىلىق، قۇۋۋەتلىك، پاكىز، ساغلام يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئارمان»، «ئىخلاس» شىركەتلىرىنىڭ چوڭلار، خانىم ـ قىزلار، بوۋاقلار ئۈچۈن ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك قۇۋۋەت تالقانلىرى كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا

ئېرىشتى. شۇڭا، ھەرقايسى بازار سۇبيېكتلىرى ئۆسۈشلۈك دورا بازىسىنى قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىدىكى دورىلىق يېمەكلىك، ساغلاملىق يېمەكلىك جەھەتتىكى بايلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ بازار ئېگىلىشى لازىم.

بەشىنچى، شىنجاڭنىڭ مول بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يەرلىك يېمەكلىك، تائاملار ۋە ئىچىملىكلەرنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ «مېۋە- چېۋە ماكانى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ھازىر دۇنيادا بار بولغان ئالتە چوڭ مېۋە- چېۋە تىپى ئىچىدە، شىنجاڭدا تۆت چوڭ مېۋە- چېۋە تىپى، شۇنداقلا 900 خىلدىن ئارتۇق مېۋە- چېۋە بار. شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن قومۇل قوغىنى، تۇرپان ئۈزۈمى، كورلا نەشپۈتى، قەشقەر ئانىرى، خوتەن ياڭىقى، ئاتۇش ئەنجۈرى، غۇلجا، ئاقسۇ ئالمىسى قاتارلىقلار بار. ئۇلارنى ھۆل، قۇرۇق مەھسۇلاتلارغا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، يەنە مېۋە- چېۋە ئىچىملىكلىرى ئىشلەش بازىلىرىدا خام ئەشيا قىلىپ، مەھسۇلات تېخنىكا تەركىبىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرۇش، مېۋە-چېۋە بىلەن يېمەكلىك كەسپىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەرخىل يېڭى ئىچىملىكلەرنى بازارغا سېلىش ئارقىلىق، كەڭ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ئومۇمەن، شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىدى. مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش» قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە كۈن تەرتىپكە قويۇلدى ھەمدە مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بىلەن تەرەققىي قىلىشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان مەسىلىلەر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇسۇلمانچە يېمەكلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنى يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەرلەشتۈرۈش ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى بىلەن ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

**پايدىلانمىلار:**


1. 艾克拜尔 • 米吉提：《清真餐饮一个古老而全新的领域》，《北京观察》2001 年第 7 期。
2. 张昀：《试析伊犁地区民族饮食文化的变迁》，《西北民族研究》2002 年第 2 期。
3. 孙玉安：《中国清真食品如何适应现代社会》，《回族研究》2003 年第 2 期。
4. 马学永：《发展银川特色清真餐饮业的思考》，《中共银川市委党校学报》2007 年第 4 期。


**ئاپتورلار:** شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن-ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى
شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن-ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ 2010-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار

# ئۇيغۇرلاردىكى سودا ـ تىجارەت پائالىيىتىنىڭ ئادەت قانۇنى تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى

رىشات ھەسەن

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرلاردىكى سودا ـ تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئادەت قانۇنى تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلۇشى بىر قانچە تەرەپتىن بايان قىلىنىش بىلەن بىللە، قانۇنشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مەزكۇر ئادەت قانۇنىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوينىغان ئاكتىپ ۋە پاسسىپ رولى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر ئادەت قانۇنى؛ سودا ـ تىجارەت پائالىيىتى؛ ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئامىللار

## 1. ئۇيغۇرلاردىكى سودا ـ تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئادەت قانۇنى تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلۇشى

ئادەت قانۇنى قانۇنلار ئۆسۈپ يېتىلىدىغان تۇپراق، شۇنداقلا بىر مىللەت ئۆرپ ـ ئادىتىدىكى جەمئىيەتنى كونترول قىلىش، تەڭشەش فۇنكسىيەسىگە ئىگە يادرولۇق تەركىبدۇر. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «سودا ئىشلىرى ئادەت قانۇنى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «تىجارەت ۋە كەسىپنىڭ قائىدىسى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن. ئۇ، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدىكى ئەقىدە ـ ئېتىقادىنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن سودىغا ئالاقىدار ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىغا تەۋە كىشىلەر تەرىپىدىن تارىختىن بۇيان ئېتىراپ قىلىنىپ، قوغدىلىپ، ئەمەل قىلىنىپ بۇ ھەقتىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ كەلگەن قائىدە ـ يوسۇنلاردۇر. بۈگۈنكى دەۋرىمىز سودا ـ تىجارەت پائالىيەتلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسىم مەزمۇنلىرى مەزكۇر ئادەت قانۇنى تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن كۆرۈۋالالايمىز:

1) مەزكۇر ئادەت قانۇنى تىجارەتچىلەرنىڭ تىجارەت ئەقىدىسى ۋە پىرىنسىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ كەلمەكتە. تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئادەت قانۇنلىرىغا ئېتىقاد يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. مەسىلەن، «ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بازارلىرىدا ئۆلچەم ـ تارازىدا ئادىل بولماسلىق، جازانىخورلۇق، ھايانكەشلىك، خېرىدارلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش، بېسىم قىلىش، باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇش، كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان ياكى باشقىلاردىن تارتىۋېلىنغان نەرسىنى ئېلىپ ـ سېتىش، مال ـ چارۋا بازارلىرىدا بولسا خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بوياپ كېسەل، مېيىپ مال ـ چارۋىلارنى ۋە سۈپەتسىز گۆشلەرنى سېتىش، قىلغان ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، خېرىدارلار بىلەن ئۇرۇشۇش، خېرىدارلارغا ئازار بېرىش»① قاتارلىق ناتوغرا قىلمىشلار تارىختىن بېرى «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس» ۋە باشقا ئىلغار ئادەتلىرىمىز ئاساسىدا ئەنئەنىگە ئايلانغان ئادەت قانۇنىمىز تەرىپىدىن چەكلىنىپ كەلمەكتە. ئەگەر تىجارەتچى چەكلىمىنى بۇزۇپ يۇقىرىدا دېيىلگەن ناتوغرا قىلمىشلار بىلەن

① يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق: «قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 61 ـ، 62 ـ، 63 ـ، 64 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

شۇغۇللانسا، نام- ئابرۇيى تۆكۈلۈش، كەسپداش ۋە خېرىدارلار تەرىپىدىن ئەخلاق جەھەتتىن ئەيىبلىنىش، يامان نام بىلەن ئات كۆتۈرۈش، شۇ سەۋەب تۈپەيلى تىجارىتى كەينىگە دەسسەپ، بازاردىن تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىلىش، ئۆزى تەۋە بولغان جامائەت تەرىپىدىن يېتىم قالدۇرۇلۇش، شۇنىڭدەك ھارامزادە، قىزىلكۆز، جازانىخور، مۇتتەھەم، كاززاپ، ساختىپەز، ھايانكەش دېگەندەك لەقەملەر بىلەن ئاتىلىش ئارقىلىق جازالىنىدۇ. ئەگەر شۇ «لەقەم» ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ، جامائەتكە داستىخان سېلىپ ئەپۇ سورىمىسا، ئەل- يۇرت تەرىپىدىن قويۇلغان بۇ لەقەملەر ئۇلارغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغاندىن تاشقىرى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ مىراس بولۇپ قالىدۇ.

2) مەزكۇر ئادەت قانۇنى تىجارەت قىلىنىدىغان كەسپلەرنىڭ، ماللارنىڭ تۈرى ۋە دائىرىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تىجارەت ئادىتىدە ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنغان گۆرۈ، قىمار، جازانە، ئۆسۈم، بېسىم قىلىش، كەيىب قىلىدىغان بۇيۇملار ۋە بۇت (ھەيكەل)، كرېستقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن، چوشقا، ئېشەك قاتارلىق توم تۇياقلىق، كۆشمەيدىغان ھايۋانلار ۋە گۆشخور ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى، قېنىنى ۋە ئىچكى ئەزالىرىنى سېتىشتىن، شۇنداقلا جەزىم قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەر، يەنى ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمە، تىرىك ھايۋاننىڭ ئىچكى ئەزالىرى، پىشمىغان مېۋە، زىرائەت قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىشتىن پەرھىز قىلدى①. بۇ پەرھىزلەر بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنىڭ رەسمىي قانۇنىغا نىسبەتەن ئادەت قانۇنىنىڭ رولىنى ئويناپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ۋە تىجارەت تۈرلىرىنىڭ تاۋار ياكى تىجارەت سۈپىتىدە ئىستېمال ساھەسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى پەرقلىق دائىرىدە چەكلەپ كەلمەكتە. ناۋادا تىجارەتچىلەر يۇقىرىقىدەك چەكلەنگەن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قالسا، ئۆزى تەۋە جامائەت تەرىپىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە چەتكە قېقىلىدۇ، ھەتتا چىڭگىچا چىققاندا ئۆي- ئوچاقلىق بولۇش، پەرزەنتلىرىنى ئۆي- ئوچاقلىق قىلىش قاتارلىق ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشلىرىغىمۇ زىيان يېتىشى مۇمكىن.

3) مەزكۇر ئادەت قانۇنى تىجارەت ئۇسۇللىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر بازارلىرىدىكى بېدىكلىك، بازار كۆرۈپ سېتىش، زاكالەت قويۇپ سېتىش، شېرىكلىشىپ سودا قىلىش② قاتارلىق ئاساسلىق بىر نەچچە خىل تىجارەت ئۇسۇلىمۇ تارىختىن بۇيان ئادەت قانۇنى تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بېدىكلىكتە بېدىك بولغۇچىنىڭ چوقۇم لىللا بولۇشى، بىر تەرەپكە يان بېسىپ، يەنە بىر تەرەپنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقى ۋە شۇ ئاساستا چاي پۇلى ئېلىشى، بېدىكنىڭ ۋاستىچىلىقى بىلەن كېلىشىپ قالغان تەرەپلەرمۇ ئۇنى ئۆز يولىدا رازى قىلىشى ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، ناۋادا بېدىك ياكى بېدىك كېلىشتۈرگەن تەرەپلەر يۇقىرىدىكى قائىدە- يوسۇنلارغا ئەمەل قىلمىسا، جامائەت تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ رىزقىنى ئۆزى قىيغان دەپ قارىلىدۇ ھەمدە ئىناۋەتتىن ئايرىلىپ بۇ بازاردا كۈن ئالمىقى ياكى ئېلىم- سېتىم قىلمىقى تەسلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بازار كۆرۈپ سېتىش، زاكالەت قويۇپ سېتىش، شېرىكلىشىپ سودا قىلىشلاردىمۇ ئۆزىگە يارىشا ئادەت قانۇنى تەگىشەپ كەلگەن مەزمۇنلار بار، بۇ يەردە بىرمۇبىر بايان قىلمايمىز.

4) مەزكۇر ئادەت قانۇنى تىجارەت پائالىيىتىنى ماكان- زامان نۇقتىسىدىن قېلىپلاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ماكان نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان مەسچىت، مازار ۋە زاراتگاھلىققا ئوخشاش جايلاردا تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن پەرھىز قىلىپ كەلدى. بۇنىڭدىكى ھېكمەت ئۇيغۇر ۋە باشقا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردە: «مەسچىت ئاللانىڭ ئۆيى، بۇ مەخسۇس ئىبادەت قىلىدىغان جاي، مازار ۋە زاراتگاھلىق بولسا ئاخىرەتنى ئەسلىتىدىغان

① ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007- يىلى 12- ئاي نەشرى، 319- بەت.

② يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق: «قائىدە- يوسۇنلىرىمىز»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2009- يىلى 12- ئاي 1- نەشرى، 64-، 65-، 66-، 67- بەتلەر.

ماكان» دەپ قارىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ھەتتا تەسۋى، جەيناماز، دىنىي كىتاب قاتارلىق دىنىي پائالىيەتكە ئالاقىدار بۇيۇملارمۇ مەسچىتنىڭ ناماز ئۆتەيدىغان زالىدا سېتىلماي، پەقەت مەسچىتنىڭ ۋەخپە يەرلىرىگە، يەنى ئەتراپى ۋە بېقىنىغا سېلىنىغان دۇكانلاردا سېتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكى بازارلارمۇ مازار، زاراتگاھلىقتىن يىراقراق جايلاردا تەسىس قىلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان «مازاردىن يىراق، بازارغا يېقىن» دېگەن ماقال ـ تەمسىلمۇ بۇ نۇقتىنى مەلۇم جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەمدى زامان نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، تىجارەت قىلىدىغان ۋاقىت جەھەتتە ئۇيغۇرلار توپلاشقان يۇرتلاردا ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرىدە نۆۋەت بىلەن بازار بولىدىغان ئەھۋال بار. ئەمما مۇتلەق كۆپ يۇرتلاردا «جۈمە بازار» دېگەن بازار يوق. چۈنكى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدە جۈمە كۈنىدە تىجارەت قىلىش چەكلەنگەن بولۇپ، بۇ جۈمە كۈنىنى تائەت ـ ئىبادەت، ئارام كۈنى دەپ قاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر①.

## 2. سودا ـ تىجارەتكە ئالاقىدار ئۇيغۇر ئادەت قانۇنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى

ھەرقانداق بىر قانۇننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىدا ئاكتىپ ئامىلمۇ، پاسسىپ ئامىلمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەت قانۇنى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئادەت قانۇنىمۇ بۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇنى ئاساس قىلىپ بۇ مەزمۇنلار تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدىن بايان قىلىنىدۇ:

### 1) سودا ـ تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوينىغان رولىدىكى ئاكتىپ ئامىللار

بىرىنچى، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئەۋزەللىكە ئىگە. سودا ـ تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنلىرى ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ سۈپەت ـ ساپاسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تارىختا دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم شەھەرلەر يىپەك يولىنىڭ قاتناش تۈگۈنىدە بولغاچقا، بۇ تەبىئىي ئەۋزەللىك سودا ـ تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئادەت قانۇنلىرىنىڭ توپلىنىشى، سىرتتىن ئىلغار چۈشەنچىلەرنى قوبۇل قىلىشى، سەرخىللىشىشى ھەتتا بەزى دەۋرلەردە قانۇن ـ تۈزۈم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن ۋە ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس تۈزۈم مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە خۇرۇچ بولغان. خۇددى فىرانسىيەلىك داڭلىق قانۇنشۇناس روسسونىڭ: «ھەقىقىي قانۇن تاش ئابىدىلەرگە، مىس تاختايلارغا ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ قەلبىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى يېڭى كۈچ مەنبەسىگە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ. باشقا قانۇنلار ئۆز رولىنى يوقىتىۋاتقان پەيتتە، ئۇ بۇ قانۇنلارنى تىرىلدۈرىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ساقلاپ، تۇيدۇرماستىن ئادەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق نوپۇزنىڭ كۈچىنى ئالىدۇ»② دەپ يازغىنىدەك، سودا ـ تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنىدا خەلقىمىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىمۇ، مىللىي ئىگىلىككە ئائىت مەزمۇنلارمۇ، مەدەنىيىتىمىزگە ئالاقىدار ئەندىزىلەرمۇ، قائىدە ـ يوسۇنلارمۇ، خەلقىمىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا، دۇنيا قارىشىغا ئائىت پروگراممىلارمۇ بار. ئۆزىدە شۇنچە كۆپ ئالاھىدىلىكلەرنى مۇجەسسەملىگەن سودا ـ تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنى ئۆزىنىڭ تەگشەش دائىرىسى ئىچىدىكى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆزىمىزگە خاس ئېھتىياجىمىز بىلەن چىپىشلىشىش ۋە ماسلىشىش جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە. مۇئەييەن بىر جەمئىيەت مۇئەييەن بىر مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مۇئەييەن بىر مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بەلگىلىك ئېھتىياج ھەرىكىتىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئېھتىياج

① ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 320 ـ بەت.

② [فىرانسىيەلىك] روسسو: «ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيەسى»، سودا ئىشلىرى نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

ھەرىكىتى بولسا مۇئەييەن ئادەت قانۇنلىرى تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ. سودا- تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنى قېلىپلاشتۇرغان مەزمۇنلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئېھتىياج مودېلىنى بېكىتىپ ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مەزكۇر ئادەت قانۇنىغا روھى باغلانغان ھەربىر كىشىنىڭ تىجارىتى، ئىستېمالىنى ئاساسىي تۈزۈم ئېھتىياجى بىلەن قاندۇرىدۇ. شۇنداقلا سودا- تىجارەتكە ئائىت مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي نۇقتىدىن ئىجتىمائىيلىشىشىغا پۇختا ئاساس سېلىپ، مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ، بىر تەرەپتىن سودا- تىجارەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىمىزنىڭ قېلىپلىششى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سودا- تىجارەت مەدەنىيىتىمىزنىڭ داۋام ئېتىشى ۋە يۈكسىلىشىدۇر.

ئۈچىنچى، مىللەت ئەزالىرىنىڭ ساغلام بولغان پىسخىك ھالەتنى ساقلىشى، يېتىلدۈرۈشى ۋە ئۇنى ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇشى جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە. سودا-تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنى ئۆزىنىڭ پەرھىز- ئىرىملىرى بىلەن، ئالارمەن-ساتارمەنلەرگە نىيمىنى قىلىش، نىيمىنى قىلماسلىقنى، بازاردا قانداق تىجارەتچىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالايدىغانلىقى، خەلقىمىز ياقتۇرىدىغان تىجارەتچىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق، بارلىق تىجارەتچىلەر ئارىسىدا ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم مودېلىنى تىكلەپ، تىجارەتچىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازىنى قوغدىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. مەسىلەن، مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەشئەل يەتكۈزگۈچىلىرى ھېسابلانغان ئەل- يۇرت ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەتلىك ئەھلى ئىلىم مويسىپىتلار، ئىمام، خاتىپ قاتارلىق يۇرت- مەھەللە ئاقساقاللىرى، پېشقەدەم تىجارەتچىلەر ۋە جەمەت ئىچىدىكى بوۋا- موما، ئاتا- ئانا قاتارلىق چوڭلار «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس»، ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە باشقا ماقال- تەمسىللەردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى مۇشۇلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان پەرھىز- ئىرىملار بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا يېشىپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ياش تىجارەتچىلەرنى تەربىيەلەيدۇ، شۇنى ئۆلچەم قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە باھا بېرىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە بازاردىكى كۆپ سانلىق تىجارەتچىلەر ھالال- ھارامنى ئايرىيدىغان، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان ساغلام پىسخىكلىق ھالەتنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل ساغلام پىسخىكلىق ھالەت ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىغا، قىممەت قارىشىغا ئايلىنىدۇ ۋە بۇنىڭ تەسىرىدە دىيارىمىزدىكى ئىناق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىدا كېرەكلىك بولغان مەنىۋى سايا ھازىرلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ.

## 2) سودا- تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوينىغان رولىدىكى پاسسىپ ئامىللار

بىرىنچى، ئىلمىيلىكى يېتەرلىك ئەمەس. بۇ ئادەت قانۇنىنى مەخسۇس تۈزۈلگەن قانۇنلارغا سېلىشتۇرساق، يېزىقچە شەكلى بولماسلىق، تارماق- ماددىلىرى ئېنىق بولماسلىق، لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى پۇختا بولماسلىق، مەزمۇنى مۇكەممەل بولماسلىقتەك نۇقسان بارلىقىنى بايقايمىز. گەرچە «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس» قاتارلىق دىنىي كىتابلار مەزكۇر ئادەت قانۇنىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى بولسىمۇ، ئەمما سودا- تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنى ھەققىدىكى كۆپلىگەن مەزمۇنلار رەسمىي تۈزۈلگەن قانۇنلاردەك پۇختا بولغان تۈزۈلۈش تەرتىپىگە ۋە يېزىقچە ئىپادىگە ئىگە بولماستىن، بەلكى ئاغزاكى شەكىل، ھەرىكەت ۋە پىسخىك جەھەتتىكى مايىللىق قاتارلىق ئۇسۇللارغا تايانغان ۋە شۇ ئارقىلىق تارقىلىپ، ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلگەن.

ئىككىنچى، رولىنى جارى قىلدۇرۇش دائىرىسى چەكلىك. سودا- تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنى پەقەت ئۇيغۇرلار توپلاشقان جايلاردىكى مەزكۇر ئادەت قانۇنىغا ئىخلاسى بار ئىجتىمائىي توپ ئارىسىدىلا كۈچكە ئىگە. بۇ ئىجتىمائىي توپتىن ھالقىغان ھامان ئۆز رولىنى ئاساسەن جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن يېزىدىكى ئۇيغۇرلار، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا- تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنىنى چۈشىنىش، ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش دەرىجىسىدە مۇئەييەن پەرق

مەۋجۇت بولۇپ، ئادەت قانۇنىنىڭ دۆلەت قانۇنىغا ئوخشاش ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىككە كەلگەن چەكلەش كۈچى يوق. بۇمۇ ئۇنىڭ رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىنى مۇئەييەن دەرىجىدە چەكلەيدۇ.

ئۈچىنچى، هوقۇق ـ مەنپەئەتنى كاپالەتلەندۈرۈش، مەجبۇرىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىقتىدارى يېتەرسىز. سودا ـ تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنى خۇددى باشقا ئادەت قانۇنلىرىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي نۇقتىدىن كونترول قىلىشنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ، هوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغداشنى بولسا ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۆزى قېلىپلاشتۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي توپىنىڭ تەرتىپىنى يادرو قىلىپ، ئاساسەن شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىق، بىخەتەرلىك جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە دۆلەت قانۇنىدا تاللاشچانلىقىغا ئىگە بولغان، بىر قەدەر تولۇق ئەركىنلىككە ئېرىشىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، ئاكتىپ هوقۇق ۋە پاسسىپ هوقۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان شەخسنىڭ هوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسى بار. مەجبۇرىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە، سودا ـ تىجارەتكە ئائىت ئۇيغۇر ئادەت قانۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسلىق ۋاستە جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسى خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىش ئەھۋالى، ئۇنى يولغا قويۇشتىكى قوزغاتقۇچى كۈچ بولسا مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتى، قەلب مايىللىقىدۇر. ئۇ مەجبۇرىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كۆپىنچە جامائەت پىكرى ئاساسىدا قايىل قىلىش ۋە كېلىشتۈرۈشنى، ئەكسىچە بولغاندا ئوبيېكتنى چەتكە قېقىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ ئۇسۇل پەقەتلا قوشۇمچە رول ئوينىيالايدۇ، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىدا بۇنداق ۋاستە قانۇن رولىنىڭ بىر پۈتۈن نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىدا ئۇيغۇرلاردىكى سودا ـ تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئادەت قانۇنى تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوينىغان رولىدىكى ئاكتىپ، پاسسىپ ئامىللارنى يۈزەكى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن بولدۇم. ئەمما شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلاردىكى سودا ـ تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئادەت قانۇنى تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوينىغان رولىدىكى ئاكتىپ، پاسسىپ ئامىللارنى تەتقىق قىلىش ـ مەيلى ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان قىممەتلىك قانۇن بايلىقىمىزنى ئېچىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئىجابىي يوسۇندا پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن يەرلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا بولسۇن ياكى نۆۋەتتىكى قانۇن تەتقىقاتىمىزدا بوشلۇق ھېسابلانغان ئۇيغۇر ئادەت قانۇنىنىڭ بىر پۈتۈن تەتقىقاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بولسۇن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى قانۇن تەتقىقات ئىنستىتۇتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ توختامغا خىلاپلىق قىلىش تۆلەم پۇلى تۈزۈمى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات

ئادىل ئايۇپ

**مۇھىم مەزمۇنى:** خىلاپلىق پۇلى بولسا توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. جۇڭگو- ئۆزبېكىستان ئىككى دۆلەت ئوخشىمىغان جەمئىيەت، مەدەنىيەت ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغاچقا، ئىككى دۆلەتنىڭ توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى تۈزۈمىدە روشەن پەرق مەۋجۇت. مەزكۇر ماقالىدە، جۇڭگو بىلەن ئۆزبېكىستان ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىن- كۈنگە گۈللىنىۋاتقان ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق، شۇنداقلا ئىلىم- پەن ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە پايدىلىق مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن، توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىدىكى خىلاپلىق تۆلەم پۇلىنىڭ ئەمەلىي قانۇندىكى كونكرېت بەلگىلىمىلەردە قانداق بەلگىلەنگەنلىكى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى؛ خىلاپلىق تۆلەم پۇلى؛ سېلىشتۇرۇش

گەرچە جۇڭگو، ئۆزبېكىستاننىڭ قانۇنلىرى قانۇن ئەنئەنىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئوخشاشلا چوڭ قۇرۇقلۇق قانۇن سىستېمىسىغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ئەمەلىيىتىدە بىرقەدەر چوڭ پەرق مەۋجۇت، قانۇن تۇرغۇزۇشتىكى پەرق كونكرېت تۈزۈم جەھەتتىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى تۈزۈمىدە بۇ پەرق تېخىمۇ گەۋدىلىك. جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، سودا ئالاقىسىنىڭ كۈندىن- كۈنگە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزبېكىستان جۇڭگولۇقلار مەبلەغ سالىدىغان نۇقتىلىق رايونلارنىڭ بىرى بوپ قالدى. شۇڭا، ئىككى دۆلەت قانۇنىدىكى ئوخشىماسلىقلارغا دىققەت قىلىش بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى دۆلەت قانۇنىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگىمۇ پايدىلىق.

جۇڭگودا نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان يەككە قانۇنغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزبېكىستان خۇسۇسىي قانۇنىنىڭ دەستۇرلىشىشىنى ئاللىبۇرۇن تاماملاپ بولغان بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»① بار. «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نىڭ 3- بۆلۈمى (قەرز قانۇنى ئومۇمىي پرىنسىپى) ئىككى تارماق بۆلۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1- بۆلۈم «قەرز ھەققىدە ئادەتتىكى قائىدىلەر» بولۇپ، مەزمۇنى قەرزنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئالاقىدارلار، قەرزنىڭ ئادا قىلىنىشى، قەرزنى ئادا قىلىش كېپىللىكى (خىلاپلىق قىلىش سوممىسى، رەنە، قالدۇرۇۋېلىش، كاپالەت، زاكالەت) قەرزنىڭ يۆتكىلىشى، قەرزگە خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى، قەرزنىڭ ئاخىرلىشىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2- بۆلۈم «توختام ھەققىدە ئادەتتىكى بەلگىلىمىلەر» بولۇپ، مەزمۇنى توختامنىڭ ئۇقۇمى، شەرتى ھەمدە توختامنىڭ ئىمزالىنىشى، توختامنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بىكار قىلىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»دا توختام جاۋابكارلىقى ئايرىم بەلگىلەنمىگەن.

---

① 《Узбекистан республикасининг фукаралик кодекси》, Тошкент Адалат наширяти, 1996.

مەزكۇر ماقالىدە پايدىلىنىلغان «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نىڭ ماددىلىرى دەستۇرنىڭ مۇشۇ نۇسخىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئەسكەرتىلمەيدۇ.

جۇڭگونىڭ «ھەق ـ تەلەپ ئومۇمىي قائىدىسى»، «مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى»①، «كېپىللىك قانۇنى»، «توختام قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن قەرز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇنلار «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»دىكى قەرز قانۇنى ئومۇمىي پرىنسىپ قىسمىدا يىغىنچاقلىنىپ بەلگىلەنگەن. ئىككى دۆلەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى كونكرېت قانۇن بەلگىلىمىلىرىدە بەزى نۇقتىلاردا ئوخشاشلىق بولۇش بىلەن بىللە يەنە كۆرۈنەرلىك پەرقمۇ مەۋجۇت.

توختام جاۋابكارلىقى توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى (قىسقارتىلىپ «خىلاپلىق جاۋابكارلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) داۋاملىق ئادا قىلىش، تولۇقلاش تەدبىرلىرى (رېمونت قىلىش، ئالماشتۇرۇش، قايتىدىن ياساش، قايتۇرۇش ۋە باھاسىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىقلار) نى قوللىنىش، زىياننى تۆلەش، خىلاپلىق پۇلى، زاكالەت جازا قائىدىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزبېكىستان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشنىڭ كېپىللىكى، قەرزگە خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى قاتارلىق بەلگىلىمىلەر «توختام جاۋابكارلىقى»نىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تۆۋەندە، ئىككى دۆلەتنىڭ «توختام جاۋابكارلىقى» تۈزۈمىدىكى خىلاپلىق پۇلىدىن ئىبارەت كونكرېت تۈزۈم سېلىشتۇرۇلۇپ تەھلىل قىلىنىدۇ:

خىلاپلىق پۇلى بولسا ئالاقىدارلار پۈتۈشكەن ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن، بىر تەرەپ توختامنى ئادا قىلمىغان ياكى تولۇق ئادا قىلمىغاندا، يەنە بىر تەرەپكە تۆلەيدىغان پۇل ياكى باشقا بىرىمنى كۆرسىتىدۇ. توختامدىن شەكىللەنگەن كونكرېت قەرزگە نىسبەتەن، ئالاقىدارلار ئۆزئارا پۈتۈشكەن ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەھۋالدا، قەرزدار توختامغا خىلاپلىق قىلغاندا خىلاپلىق پۇلى ياكى باشقا بىرىمنى تۆلىشى كېرەك. ئىككى دۆلەت قانۇنىدىكى «خىلاپلىق پۇلى»غا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ پەرق ئاز. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق پەرق، خىلاپلىق پۇلى توختامنىڭ مۇستەقىللىقى ھەمدە شەكلى، خىلاپلىق پۇلىنىڭ شەكلى، خىلاپلىق پۇلىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىك ئۆلچىمى، سوت ۋە كېسىم ئورگانلىرىنىڭ خىلاپلىق پۇلىنى تەڭشەش تۈزۈمىدە ئىپادىلىنىدۇ.

خىلاپلىق پۇلى توختامىنىڭ مۇستەقىللىقى ھەمدە شەكلى جەھەتتە «ئۆزبېكىستان ھەق ـ تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نىڭ 262 ـ ماددىسىدا: «خىلاپلىق پۇلىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كېلىشىم يازما شەكىلدە تۈزۈلۈشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، ئۆزبېكىستاننىڭ قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئاساسىي قەرز توختامىنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خىلاپلىق پۇلى توختامى چوقۇم يازما شەكىلدە بولۇشى كېرەك. «جۇڭگونىڭ ‹توختام قانۇنى› ۋە بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيەلەردە خىلاپلىق پۇلى توختامىنىڭ بېقىندىلىق خاراكتېرى توغرىسىدا ھېچنېمە دېيىلمىگەن، پەقەت خىلاپلىق پۇلىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈم توختامىنىڭ بىر تۈرلۈك ئاشكارا ماددىسى، قانۇندا بىۋاسىتە بەلگىلەنگەن خىلاپلىق پۇلى توختامىنىڭ بىر تۈرلۈك سۈكۈت ماددىسى بولۇپ، ئۇ ئىككىسى توختامىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر دەپ قارالغان»②. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتىكى قانۇن بەلگىلىمىسىدە نەزەرىيە جەھەتتە نۇقسانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە تەتبىقلىنىشىنىڭ بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنى بۇ مەسىلىدە ئالاقىدارلار ئاساسىي توختامدىن سىرت، مۇستەقىل خىلاپلىق پۇلى توختامى تۈزسە بولامدۇ؟ ناۋادا بولمىسا، بۇ مەسىلە بىلەن «مەقسىتىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش» (意思自治)، «قانۇندا ئېنىق چەكلەنمىگەن ھوقۇق» (法不明文禁止即为权利) قاتارلىق خۇسۇسىي قانۇننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ ئەگەر ئاساسىي توختامدىن سىرت مۇستەقىل ھالدا خىلاپلىق پۇلى توختامى تۈزۈشكەن بولسا، ئۇنداقتا شەكىللىك توختامغا مۇناسىۋەتلىك بولغان خىلاپلىق پۇلى توختامىنىڭ شەكلى قانداق بولۇشى كېرەك؟ شەكىلسىز توختام بىلەن مۇناسىۋەتلىك

---

① «物权法» گەرچە نۆۋەتتە «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» دەپ ئېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، مەزكۇر قانۇن ئوبيېكتىنىڭ ئادەتتىكى ئابستراكت «نەرسە» بىلەن بولغان پەرقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى» دەپ ئېلىندى. كېيىنكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىمۇ ئابستراكت «نەرسە»نى ئەمەس، مەزكۇر قانۇننىڭ ئوبيېكتى نەزەرگە ئېلىنغاندا، «مۈلۈك» دەپ ئېلىندى.

② 崔建元:《合同责任研究》, 吉林大学出版社, 1992 年, 第 226 页。

www.uyghurkitap.com



بولغان خىلاپلىق پۇلى توختامنىڭ شەكلى مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنىڭدىن، ئەسلىدە ماجىرانى ھەل قىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن تۈزۈمدە يېڭى ماجىرالارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يوشۇرۇن ئامىلنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشتا، مېنىڭچە، ئۆزبېكىستاننىڭ ھەق ـ تەلەپ دەستۇرىدىكى بەلگىلىمىلەردىن ئۈرنەك ئېلىپ، مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردا ئاساسىي توختام شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىلاپلىق پۇلىغا مۇناسىۋەتلىك توختامنىڭ چوقۇم يازما شەكلىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىش، مۇستەقىل خىلاپلىق پۇلى توختامى تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىش ياكى يازما شەكىلدىكى توختاملاردا ئەگەر خىلاپلىق پۇلى پۈتۈشۈلسە، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنى ئاساسىي توختامغا كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىنغان قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈش لازىم.

خىلاپلىق پۇلىنىڭ شەكلى جەھەتتە، «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق ـ تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نىڭ 261 ـ ماددىسىدا: «خىلاپلىق پۇلى جەرىمانە ۋە ئىشتىراپتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەرزدار قەرزنى ئادا قىلمىغاندا ياكى مۇۋاپىق ئادا قىلمىغاندا بەلگىلەنگەن ئۇسۇلغا ئاساسەن ھېسابلىنىدىغان مەلۇم سوممىدىكى خىلاپلىق پۇلى جەرىمانە بولىدۇ. قەرزدار قەرزنى ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرگەندە ھەر كۈنى ئادا قىلمىغان قەرزنىڭ نىسبىتىگە ئاساسەن ھېسابلانغان خىلاپلىق پۇلى ئىشتىراپ بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. جۇڭگونىڭ «توختام قانۇنى»نىڭ 107 ـ ماددىسىدا: «بىر تەرەپ توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا ياكى پۈتۈشكىنى بويىچە ئادا قىلمىسا، توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنى داۋاملىق ئادا قىلىش، تولۇقلاش تەدبىرى قوللىنىش ياكى زىياننى تۆلەش قاتارلىق خىلاپلىق جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن بولسا؛ مەزكۇر قانۇننىڭ 114 ـ ماددا 3 ـ تارمىقىدا: «ئالاقىدارلار قەرز تۆلەشنى كېچىكتۈرگەندە خىلاپلىق پۇلى بېرىشنى پۈتۈشكەن بولسا، خىلاپلىق قىلغۇچى خىلاپلىق پۇلىنى تۆلىگەندىن كېيىن قەرزنىمۇ تۆلۈشى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، قەرزدار قەرزنى ئادا قىلمىسا ياكى قەرزنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى كېچىكتۈرسە، ئۆزبېكىستان «ھەق ـ تەلەپ قانۇن دەستۇرى»غا ئاساسلانغاندا، ئالاقىدارلار خىلاپلىق پۇلىنى پۈتۈشسە بولىدۇ، بۇ خىل خىلاپلىق پۇلى جەرىمانە ياكى ئىشتىراپ دېيىلىدۇ؛ جۇڭگونىڭ قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئالاقىدارلار قارشى تەرەپتىن داۋاملىق ئادا قىلىش، تولۇقلاش تەدبىرى قوللىنىش ياكى زىياننى تۆلەپ بېرىش قاتارلىق خىلاپلىق جاۋابكارلىقى ۋە پۈتۈشكەن كېچىكتۈرۈپ ئادا قىلىشتىكى خىلاپلىق پۇلىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. مېنىڭچە، خىلاپلىق پۇلىنىڭ شەكلى جەھەتتە جۇڭگونىڭ «توختام قانۇنى»دىكى بەلگىلىمە ۋە ئۇقۇمنىڭ ئېلىنىشى بىرقەدەر ئىلمىي، ئۆزبېكىستان «ھەق ـ تەلەپ قانۇن دەستۇرى»دا بولسا ئومۇمىي قانۇندىكى ئۇقۇم (جەرىمانە، ئىشتىراپ) بىلەن خۇسۇسىي قانۇندىكى ئۇقۇم (خىلاپلىق پۇلى) ئالماشتۇرۇپ قوللىنىلغان.

خىلاپلىق پۇلىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىك ئۆلچىمى، سوت ۋە كېسىم ئورگانلىرىنىڭ خىلاپلىق پۇلىنى تەڭشەش تۈزۈمى جەھەتتە ئۆزبېكىستان «ھەق ـ تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نىڭ 326 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىدا: «ئەگەر قەرزدار تۆلەيدىغان خىلاپلىق پۇلى بىلەن زىيانلانغان ھەقدارنىڭ ھەقدارلىق ھوقۇقى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ماس كەلمىسە، سوت مەھكىمىسى خىلاپلىق پۇلىنى تۆۋەنلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى توختام قانۇنى»نىڭ 114 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدا: «پۈتۈشكەن خىلاپلىق پۇلى زىياندىن تۆۋەن بولسا، ئالاقىدارلار خەلق سوت مەھكىمىسىدىن ياكى كېسىم ئاپپاراتىدىن كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ؛ پۈتۈشكەن خىلاپلىق پۇلى زىياندىن زىيادە يۇقىرى بولسا، ئالاقىدارلار خەلق سوت مەھكىمىسىدىن ياكى كېسىم ئاپپاراتىدىن ئۇنى مۇۋاپىق ئازايتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى توختام قانۇنىغا ئىزاھات (2)»نىڭ 29 ـ تارمىقىدا: «ئالاقىدارلار كېلىشىمدىكى خىلاپلىق قىلىش سوممىسىنى زىيادە يۇقىرى بولۇپ كەتكەن دەپ قاراپ مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، خەلق سوت مەھكىمىسى ئەمەلىي زىياننى ئاساس قىلىپ، توختامنىڭ ئادا قىلىنىش ئەھۋالى، ئالاقىدارلارنىڭ خاتالىق دەرىجىسى ھەمدە ئالدىن مۆلچەرلەنگەن مەنپەئەت قاتارلىق ئامىللارنىمۇ نەزەرگە ئېلىپ، ئادىللىق پرىنسىپى ۋە سەمىمىي لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپى

ئاساسىدا دەڭسەپ كېسىم چىقىرىشى كېرەك. ئالاقىدارلار پۈتۈشكەن خىلاپلىق پۇلى كېلىپ چىققان زىياننىڭ 30%دىن ئېشىپ كەتسە، ئادەتتە ‹توختام قانۇنى› نىڭ 114 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدىكى ‹پۈتۈشكەن خىلاپلىق پۇلى زىياندىن زىيادە يۇقىرى بولسا› دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن بېكىتىشكە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئىككىلا دۆلەتنىڭ قانۇنىدا خىلاپلىق پۇلى زىياندىن زىيادە يۇقىرى بولۇپ كەتكەندە مۇۋاپىق تۈۋەنلىتىش ھەققىدە بەلگىلىمە بار. بىراق، ئۆزبېكىستان «ھەق ـ تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نىڭ بەلگىلىمىسىدە، ئالاقىدارلار تەشەببۇس قىلمىغان ئەھۋالدىمۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ ئوخشاشلا خىلاپلىق پۇلىنى تۆۋەنلىتىش ھوقۇقى بار، «زىيادە يۇقىرى»نىڭ ئۆلچىمى يوق. ئۆزبېكىستان «ھەق ـ تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نىڭ بۇ بەلگىلىمىسى «خۇسۇسىي قانۇندا ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش» (私法自治) پىرىنسىپىغا، شۇنداقلا «سوت مەھكىمىسى بىتەرەپ تۇرۇش»تىن ئىبارەت ئەدلىيە كۆزقارىشىغا خىلاپ بولۇپ، ئاسانلا ئەدلىيەلىك ئەركىن كېسىم قىلىش ھوقۇقىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى ھەمدە قەرزدارنىڭ «مەجبۇرىي پايدىغا ئېرىشىشى»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جۇڭگونىڭ قانۇنىدا بىر تەرەپتىن ئالاقىدارلارنىڭ خىلاپلىق پۇلىنى ئەركىن پۈتۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن توختام ئەركىنلىكىدىكى ئاشقۇنلۇق ئېلىپ كېلىدىغان نامۇۋاپىق ئاقىۋەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەنى «خىلاپلىق قىلىش ماددىسىنىڭ ئۆزگىرىپ بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى ئېزىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن»①، خىلاپلىق پۇلىنىڭ «زىيادە يۇقىرى»لىق ئۆلچىمىنى بېكىتكەن. خىلاپلىق پۇلى زىيادە يۇقىرى بولۇپ كەتكەندە، ئالاقىدارلارنىڭ سوت مەھكىمىسىگە ياكى كېسىم ئورگانلىرىغا مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىپ «مەقسىتىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش» پىرىنسىپى بىلەن ئادىللىق پىرىنسىپى ماسلاشتۇرۇلغان ھەمدە «سوت مەھكىمە بىتەرەپ تۇرۇش»تىن ئىبارەت ئەدلىيە كۆزقارىشى ئىزچىللاشتۇرۇلۇش بىلەن بىللە، ئەدلىيەلىك ئەركىن كېسىم ھوقۇقىنىڭ نامۇۋاپىق كېڭىيىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك چەكلىگەن.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۆزبېكىستان بىلەن جۇڭگونىڭ خىلاپلىق پۇلى تۈزۈمىدە نۇرغۇن ئوخشاشلىق بار. قانۇننىڭ بىردەكلىككە يۈزلىنىشى بولۇپمۇ قەرزگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ تەدرىجىي بىردەكلىككە قاراپ يۈزلىنىشى نۆۋەتتىكى قانۇن تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىدۇر. لېكىن، ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە قانۇنىنىڭ سىستېمىلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن، «خىلاپلىق پۇلى»غا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىدە يەنىلا بەزى روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. ئىككى دۆلەت ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن يولغا قويۇۋاتقان «خىلاپلىق پۇلى»غا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە مۇناسىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ خۇسۇسىي قانۇنىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە خەلقئارادىكى بىرلىككە كەلگەن قائىدىلەر بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى چەتكە چېتىشلىق بولغان ئىقتىساد، سودا پائالىيىتى ۋە پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتتە قارىغۇلارچە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىن ساقلانغىلى، ئوخشۇشلۇق ھالدا توختام تۈزۈشكىلى ۋە توختامنىڭ ئادا قىلىنىشىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلغىلى، تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەندە دەل ۋاقتىدا، ئادىل، مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئىككى دۆلەت مەبلەغ سالغۇچىلىرى ۋە تىجارەتچىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىغىلى، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ۋە خىزمەتچى خادىملارنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار

① 韩世远:《合同法总论》，北京：法律出版社，2008 年，第 592 页。

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com



# چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق توغرىسىدا بىرقانچە مەسىلە

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئۇيغۇرشۇناسلىق دېگەندە، ئۇيغۇر مىللىتى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئۇنىۋېرسال پەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلىق ياۋروپادا پەيدا بولغان. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئىقتىسادىي كۈچ ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە ياۋروپا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا ئالدىدىراق قەدەم تاشلىغان. زامانىۋى ئىلىم- پەن ئىشلىرىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلغان. دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن نۇرغۇن ئىلىم تارماقلىرى ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن ياكى مۇكەممەل پەن تۈسىگە كىرگەن. مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت ياۋروپادا ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ قالغان.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** چەت ئەل؛ ئۇيغۇرشۇناسلىق؛ مەسىلە

### 1. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەبىرى ۋە خاراكتېر مەسىلىسى

ئۇيغۇرشۇناسلىق دېگەندە ئۇيغۇر مىللىتى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئۇنىۋېرسال پەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئۇنىۋېرسال» دېگەندە، ئوخشاش بولمىغان مەقسەت، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل ۋە ئوخشاش بولمىغان ۋاستە بويىچە، ئوخشاش بىر مەزمۇن ياكى ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلار ئۈستىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات يۈرگۈزۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيەسى، ئارخېئولوگىيەسى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، تىل- ئەدەبىياتى، يازما يادىكارلىقلىرى، دىن، سەنئەت، پەلسەپە، مائارىپ، پەن- تېخنىكا، ئۆرپ- ئادەت، بىناكارلىق، تەرجىمەشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق ھەمدە ئۇلارنىڭ قوشنا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ۋاسىتىسى ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەندىكى ھەرخىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ مۇناسىۋەتلىك ئوبيېكتلار ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ.

### 2. ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بارلىققا كەلگەن يەر ۋە ۋاقىت

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسى ئەڭ دەسلەپ جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن، يەنى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىدە ساقلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ فىزىنومىيەلىك تۈزۈلۈشى، مىللەت گەۋدىسى، ئۆرپ- ئادىتى، ئېتىكىلىق ئەخلاق فورمىسى، تىل خەزىنىسى، ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللىرى، يازما ھۆججەتلىرى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ 1 ـ قول ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، جۇڭگودا خەنزۇ، تۈبۈت، موڭغۇل تىللىرى، شىنجاڭدىكى قەدىمكى تىللاردىن ساك، توخرى، سوغدى قاتارلىق تىللاردا يېزىلغان ھۆججەتلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن يازما خاتىرىلەر ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ يەنە بىر قاتلام ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق ئاساسىي ماتېرىياللار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىچىدە، ئۇلار ياشىغان ۋە ئىز قالدۇرغان تېررىتورىيەلەردە، جۈملىدىن جۇڭگودا ساقلانغان. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بۆشۈكىنى جۇڭگو دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئۇيغۇرشۇناسلىق»تىن ئىبارەت مۇشۇ ئۇقۇمنىڭ نىسبەتەن خاسلىققا ئىگە ئىلىم سۈپىتىدە، يىگى دەۋرگە خاس مىللەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق قاتارلىق پەن ساھەسىدە ئىلمىي خادىملارنىڭ ئالاھىدە

دىققىتىنى قوزغىشىنى 18 - ئەسىردە ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا فىرانسىيە، گېرمانىيە ۋە روسسىيەلىك ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشى باشلامچىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان. مەسىلەن، 18 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپلا فىرانسىيە ئالىملىرى ۋاستىلىق يوسۇندا ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى قوشۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مەشھۇر بولغىنى ر. پ. گوۋبىل (R.P.Goubil) بولۇپ، ئۇ 1739 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي ئەھۋالىمۇ تىلغا ئېلىنغان «موڭغۇل تارىخي» ناملىق ئەسەرنى نەشر قىلدۇرغان. ئارقىدىن ج. دېگۇيگىنىس (J.Deguinges) كەينى - كەينىدىن «هونلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا تەتقىقات» ۋە بەش توملۇق «هونلار، تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي تارىخي»نى يېزىپ چىققان. 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ك. ۋىسدېلۇ (C.Visdelou) «تاتار تارىخي»نى نەشر قىلدۇرغان. يۇقىرىقىغا ئوخشاش فىرانسۇز تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن يەنە دۇھالدې (Duhalde) يازغان «جۇڭگو ۋە جۇڭگونىڭ تاتارلار رايونىنىڭ جۇغراپىيەسى، تارىخي، يىلنامىسى، سىياسىي ۋە تەبىئىي ئەھۋالى» ناملىق ئەسەرنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلار تىلغا ئېلىنغان.

1820 - يىلى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تەكلىپ قىلىنغان فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس خ. ج. كىلاپروت (H.J. Klaproth) مەشھۇر ئەسىرى «ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىقى توغرىسىدا تەتقىقات»نى پارىژدا نېمىس تىلىدا نەشر قىلدۇرغان. روسىيەدە بولسا پراۋۇسلاۋىيە ئېپىسكوپى ن. ي. بىچۇرىن (N.Y.Bičurin)نىڭ «قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (1851 - يىلى) ۋە «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا روسىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ دوختۇرى بىرېتسچنېيدې (E.Brietsčneider)نىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخي» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭ 1 - تومىدا «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېگەن تېمىدا بىر پاراگراف ئورۇن ئالغان. شۋېتسىيەلىك دوسسان (C.D'ohsson) نىڭ «موڭغۇل تارىخي — چىڭگىزخاندىن تۆمۈرلەڭگىچە» (1852 - يىلى) ناملىق ئەسىرىمۇ ئۇيغۇرلار تارىخىغا چېتىلىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشى غەرب ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. مۇشۇ مەزگىلدە روسىيەلىك ۋ. ۋ. گىرىگورىيېۋ (V.V.Girigoriyef) رۇس تىلىدا ئىككى توملۇق «تەبىئىي جۇغراپىيەشۇناسلىق — جۇڭگو تۈركىستانى» (1873 - يىلى) ناملىق ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەردە قەدىمكى زاماندىن تارتىپ 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغىچە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي، ئېتنوگرافىيەسى، جۇغراپىيەسى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھازىرمۇ خېلى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

روسىيەلىك ئالىم ئا. كازىمبېك 1841 - يىلى «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلغان. مانا شۇلار ياۋروپادا ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلەتكەن. بۇلاردىن باشقا، روسىيەلىك ئالىملاردىن يەنە چ. ۋەلىخانوۋ، ۋ. ۋ. رادلوۋ، د. پوزدنېيېۋ قاتارلىقلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى، بولۇپمۇ ۋ. ۋ. رادلوۋنىڭ «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا» (1893 - يىلى) ناملىق ئەسىرى بىلەن د. پوزدنېيېۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئوچېركلار» (1899 - يىلى) ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىدە چوڭ رول ئوينىغان. 19 - ئەسىردە يېزىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىقى توغرىسىدا تەتقىقات»، «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات»، «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئوچېركلار» قاتارلىق بەش پارچە ئەسەردە «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ماۋزۇنىڭ بېشى قىلىپ تاللىنىشىنىڭ تارىخى ئەھمىيىتى تولىمۇ يۇقىرى بولغان. دېمەك، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياۋروپادا ئۇيغۇرشۇناسلىقنى ئىلىم بولۇپ شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ.

### 3. چەت ئەللىكلەرنىڭ «ئۇيغۇرشۇناسلىق»قا قىزىقىشىنىڭ سەۋەبى

زامانىۋى ئۇيغۇرشۇناسلىق ياۋروپادا پەيدا بولغان. بىزگە مەلۇمكى، ياۋروپا دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىقتىسادىي كۈچ ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئالدىدىراق قەدەم تاشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە زامانىۋى ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلغان. دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن نۇرغۇن ئىلىم تارماقلىرى ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن ياكى مۇكەممەل پەن تۈسىگە كىرگەن. مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت ياۋروپادا ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ قالغان.

ياۋروپادا زامانىۋى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ نېگىزلىك سەۋەبىنى، بىرى تاسادىپىي ۋەقە بىلەن؛ يەنە بىرى، سىياسىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. تاسادىپىي ۋەقە دېيىشتىكى مەقسەت، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پارتلىغان روسىيە ـ شۋېتسىيە ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن ئوفىتسېر ف. ج. ستراليېنبېرگ (F. J. Stralenberg) سىبىرىيە رايونىدا 13 يىل تۇرۇش جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «ياۋروپا، ئاسىيانىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمى» (1730 ـ يىلى) ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، كىتابىنىڭ ئاخىرىغا يېنسەي ۋادىسىدىن تاسادىپىي بايقاپ قالغان، قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن 1 ـ تۈركۈم مەڭگۈ تاشلارنىڭ رەسىملىرىنى قوشۇمچە قىلغان. بۇ كىتاب غەربىي ياۋروپا ئالىملىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرشۇناسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركولوگىيەنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. سىياسىي سەۋەبكە كەلسەك، ماركوپولونىڭ شەرققە سەپەر قىلىشى، كولۇمبونىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقىشى ياۋروپالىقلارنىڭ باشقا قىتئەلەرنى چۈشىنىشنى يەنىمۇ تېزلەتكەن. ئىتالىيەدە پەيدا بولغان ئەدەبىي ئويغىنىش ۋە غەربىي ياۋروپادىكى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ بايلىق، زېمىنغا بولغان تەلىپىنى ئاشۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرى باشقا دۆلەت، رايونلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن تەكشۈرگۈچىلەرنى، ئېكسپېدىتسىيەچى بايرىقىنى كۆتۈرگەن خادىملارنى ئاجرىتىپ، جۇغراپىيەلىك، گېئولوگىيەلىك، ئارخېئولوگىيەلىك، ئېتنوگرافىيەلىك، ئانترپولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ دائىرىدە ماتېرىيال ۋە ئاخبارات توپلىغان. بۇ ماتېرىياللار بىر تەرەپتىن ئاخبارات تۈسىنى ئېلىپ ئۆز ھۆكۈمەتلىرىگە سۇنۇلغان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلمىي ئەسەر شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ نەشر قىلدۇرۇلغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق ئاخبارات خاراكتېرىدىكى ماتېرىياللار ئىلمىگە قىزىقىدىغان كىشىلەرنىڭ تەتقىقات نىشانى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىن ئۇقۇمۇشلۇق بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بىر تەرەپتىن سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، ئۇيغۇرشۇناسلىق پېنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي يۇرت ۋە يىپەك يولىنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ سىستېمىلىق ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرشۇناسلىق كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ئىلىم تارمىقى بولۇپ قالغان.

## 4. بۈگۈنكى دۇنيادا ئۇيغۇرشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەت ۋە رايونلار

بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيادا ئۇيغۇرشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلار خېلى بار. بۇلاردىن ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئىچىدە، جۇڭگو (تەيۋەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ياپونىيە، كورىيە، تۈركىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان، مولداۋىيە، موڭغۇلىيە، ئىسرائىلىيە قاتارلىقلار؛ ياۋروپا ـ ئامېرىكا، ئوكيانىيە دۆلەتلىرى ئىچىدە، روسىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، شۋېتسىيە، فىنلاندىيە، پولشا، رۇمىنىيە، چېخ، سلوۋاكىيە، ۋېنگىرىيە، ئامېرىكا، ئاۋىستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بار. بۇ پەن روسىيە ۋە قازاقىستاندىلا «ئۇيغۇرشۇناسلىق» نامى بىلەن ئاتالغان بولسا، باشقا دۆلەتلەردە شەرقشۇناسلىق، ئالتايشۇناسلىق، تۈركشۇناسلىق (تۈركولوگىيە)، غەربىي يۇرت تەتقىقاتى، يىپەك يولى تەتقىقاتى، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى، تۇرپانشۇناسلىق قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. يەنى ئۇيغۇرشۇناسلىقتا روسىيە بىلەن قازاقىستاندىن باشقا دۆلەتلەردە بىۋاستە تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋاستىلىق ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىش ئاساس قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ خىل ئۇسۇلنى

ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تارىخىي ئەمەلىيەتنىڭ تەقەززا قىلىۋاتقانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىز ئىچى ـ سىرتىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق شەرقشۇناسلىق، ئالتايشۇناسلىق، تۈركشۇناسلىق، ياۋروپاشۇناسلىق قاتارلىقلارنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىسمۇ، بىراق مۇشۇ ئىلىم تارماقلىرىنىڭ ئۆزۈكى ياكى يادرولۇق قىسمىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىكەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 5. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ شىنجاڭغا قوشنا ئەللەردىكى رايونلار ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەھمىيىتى

ئۇيغۇرشۇناسلىق — يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى قوشنا مىللەت، رايون ۋە دۆلەتلەرنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىلىم تارمىقىدۇر.

روسىيەلىك ئالىم ئا. كازىمبېك ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. مەسىلەن، ئۇ 1841 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ: «بىز بۇ قەبىلە (ئۇيغۇرلار) نى تەتقىق قىلىشتا قولىمىزدا بار بولغان بارلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇرلار بىزگە نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىي ئۇچۇن يېڭى سەھىپە ئاچىدۇ»① دەپ يازىدۇ.

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ تىل تارىخىنى بىلىشتىلا رولى بولۇپ قالماستىن، بەلكى باشقا تۈركىي تىللىق، ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى بىلىشتىمۇ رولى چوڭ. بۇ ھەقتە ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىدا ئورتاقلىق مەۋجۇت. مەسىلەن، تۈركىيەلىك ئالىم شەمسىددىن سامى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىي تەرەققىياتتا ئەڭ ئالغا كەتكەن خەلق بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل بولغان»② دەپ يازغان بولسا؛ تارىخشۇناس ليۇ جىشاۋ: «ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا زور دەۋر بولگۈچ ۋەقە بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان مۇھىم تۆھپىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ۋە رايونلار مۇشۇ تىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى خاتىرىلىگەن ھەم تارقاتقان»③ دەپ يازىدۇ. موڭغۇل ئالىملىرى مېڭچىبى بىلەن لۇلۇلۇ «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ناملىق ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى توغرىلىق توختىلىپ: «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىختىن قالغان ئېغىز ئەدەبىياتى بار، لېكىن يازما ئەدەبىياتى بار مىللەت پەقەت ئۇيغۇر مىللىتى»④ دەپ يازىدۇ. تۈركىيەلىك ئالىم ئۇنۋەر سۇھەيلى: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىرپانىنى، ئىلمىنى، تېبابەتچىلىكىنى ئاسىيادا ئۇيغۇرلار مۇھاپىزەت قىلغان»⑤ دەپ يازىدۇ. روسىيەلىك ئالىم ۋ. ۋ. بارتولد: «مەدەنىي خەلقلەر ئىچىدە، مۇسۇلمانلار (بولۇپمۇ تېجىكلار) ۋە ئۇيغۇرلار پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئۇلۇسلارنىڭ ئۇلۇس (ئەل) باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يەرلىك ۋاڭ، گوڭ،

---

① قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت.

② شەمسىددىن سامى: «قامۇسۇلئەلام» 3 ـ توم، 1889 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 1876 ـ بەت؛ «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 120 ـ بەت.

③ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخي» 1 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 600~601 ـ بەتلەر.

④ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 11 ـ سانى.

⑤ ئۇنۋەر سۇھەيل: «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 5 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان»① دەپ يازىدۇ.

دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، دىن، ئېتنوگرافىيە، جۈملىدىن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر، ئاسار ـ ئەتىقىلەر يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر، غەربىي يۇرت، ئوتتۇرا ئاسىيا، يىپەك يولىنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسىنى، مىللەتلەر تارىخىنى ئۆگىنىشتە، تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

### 6. چەت ئەللەردىكى «ئۇيغۇرشۇناسلىق» تەتقىقاتىنىڭ قىممىتىگە تۇتىلىدىغان پوزىتسىيە

چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق دېگەندە، ئاساسلىقى ياۋروپانى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرشۇناسلىق كۆزدە تۇتىلىدۇ. ياۋروپادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ـ كاپىتالىزم شارائىتىدا بۇرژۇئازىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئالدى بىلەن سىياسىي مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ياۋروپا ئۇيغۇرشۇناسلىقىدا ئىجابىي مەزمۇنلار بولۇش بىلەن بىللە، سەلبىي مەزمۇنلارمۇ مەۋجۇت. شۇنداق بولسىمۇ ياۋروپا ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ ئارتۇقچىلىقى كۆپ تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئۇيغۇرشۇناسلىق ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان تېررىتورىيەدىكى يوقلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان نۇرغۇن ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىگە بۇرۇنراق ئېلىپ چىقىپ، شەرقشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش، ئۇيغۇرشۇناسلىقنى زامانىۋى ئىلىم تارمىقى قىلىپ شەكىللەندۈرۈش جەھەتتە ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بىراق، چەت ئەل ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان زامان، ماكاننى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنىڭ تەسىرى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئايرىم تارىخىي نۇقتىلارنى شەرھلىگەندە، خانلىق، ئۇلۇس ـ قەبىلە ناملىرى، يەر ـ رايون ناملىرىنى ئىشلەتكەندە، جۇڭگونىڭ بۆلگۈنچى ئەمەلىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان مەسىلىلەرنى سادىر قىلىپ قويغان ياكى قويماقتا. شۇڭا، ئىلىم تەتقىقاتىمىزدا چەت ئەل ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، سەلبىي تەرەپلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

### 7. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دولەت ئىچىدە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال يەكۈنلەش ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي ئەسەرلەر

1949 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە جۇڭگودا ئۇيغۇرشۇناسلىق توغرىلىق ئەتراپلىق ئىلمىي ئىزدىنىش بولمىغان. 1950 ـ يىللىرى فېڭ جياشېڭ «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى» ناملىق بىر پارچە ماقالە يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قولىيازما ھالەتتىلا ساقلىنىپ قالغان. دۆلىتىمىزدە 1978 ـ يىلدىن باشلاپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز مۇتەخەسسىسلىرى بىرقانچە يېرىك ئىلمىي ئەسەر ئېلان قىلىپ، جۇڭگودىكى ئىلىم ئەھلىگە خەلقئارادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە:

ئىلمىي ماقالىلەردىن: «ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەققىدە» (شىرىپىدىن ئۆمەر يازغان، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)؛ «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلار» (چېڭ سۇلو يازغان، خەنزۇچە «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)؛ «ئۇيغۇرشۇناسلىق سىستېما قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ يېڭى ئەھۋاللار» (نيۇ رۇجى يازغان، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە

① بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 76 ـ بەت.

«جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخي ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ‹مەجمۇئەسى› »نىڭ 1998 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا كىرگۈزۈلگەن)؛ «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەققىدە بىرنەچچە تەكلىپ» (ۋېي لياڭتاۋ يازغان، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخي ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ‹مەجمۇئەسى› »نىڭ 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا كىرگۈزۈلگەن)؛ «ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى» (ئادىل ئابدۇقادىر يازغان، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەر بار.

كىتابلاردىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخي كۆرسەتكۈچى» («回鹘史指南»)، مېڭ فەنرېن، خۇاڭ جېنخۇالار تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق ئەسەر بار.

كاتالوگلاردىن: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر ۋە ماتېرىياللار كاتالوگى» («西域史地论文资料索引»)، ليۇ گې، خۇاڭ جيەنياڭلار تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەرلەر كاتالوگى» («西域研究书目»)، چېن يەنچى قاتارلىقلار تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ « ‹ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخي› ماتېرىياللار كاتالوگى» (تۇرسۇن ساۋۇت تۈزگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىك بۆلۈمى 1991 ـ يىلى باستۇرغان)؛ «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر كاتالوگى» (رەخىمە ئوسمان، خالىدە شاراخمانلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى)؛ «ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا دائىر ۋەسىقىلەر كاتالوگى» («维吾尔历史文化研究文献题录») (ۋۇ يىڭ، چېن خاۋلىنلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» (ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىقلار بار.

## 8. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

ئۇيغۇرشۇناسلىق تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەرمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ ھەقتىكى چەت ئەل تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ۋە خەنزۇ، ئۇيغۇر ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان ماقالىلەر نەچچە ئون پارچىغا يېتىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### خەنزۇچە نەشر قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلاملىرى

1) «چەت ئەللەردىكى تۈركولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» («国外突厥学研究概况»)، بۇ كىتابنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشر قىلغان. مەزكۇر كىتابقا چەت ئەللىك ئالىملار يازغان ماقالىلەردىن: A. H. Konunuvنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى تۈركىي تىلشۇناسلىقى»، J. Kakukنىڭ «ۋېنگرىيەدىكى تۈركولوگىيە تەتقىقاتى»، G. Derferنىڭ «گېرمانىيە فېدىراتىپ جۇمھۇرىيىتىدىكى تۈركولوگىيەنىڭ ئەھۋالى»، I. Blaškoveqنىڭ «چېخسلوۋاكىيەدىكى تۈركولوگىيەنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى»، C. Kalujiniskiyنىڭ «پولشادىكى تۈركشۇناسلىق ۋە ئالتايشۇناسلىقنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى»، C. Kalujiniskiyنىڭ «يېقىنقى ئون يىللىق پولشا تۈركشۇناسلىقى»، B. Drimvaنىڭ «رۇمۇنىيەدىكى تۈركىي تىل ـ ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەتقىقات»، Fubu silang نىڭ «ياپونىيەدىكى تۈركىي تىل تەتقىقاتىنىڭ ئەھۋالى»، G. Yarringنىڭ «شۋېتسىيەدىكى تۈركشۇناسلىق» قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

2) «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ئائىت ماقالىلەر» («阿尔泰语文学论文选译»)، بۇ توپلام جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تىل تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن جۇڭگو مىللىي تىلشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى كاتىۋات باشقارمىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، خەنزۇچە 1980 ـ يىلى شاپىگرافتا بېسىلغان. مەزكۇر كىتابقا

www.uyghurkitap.com



چەت ئەللىك ئالىملار تەرىپىدىن يېزىلغان ماقالىلەردىن: «فىرانسىيەدىكى تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى» (S. Skilliter)، «ئەنگىلىيەدىكى تۈركشۇناسلىق مەركىزى» (S. Skilliter)، «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم باسقۇچلار» (A. H. Konunuv) قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

3) «فىرانسىيەدىكى غەربىي يۇرت تارىخشۇناسلىقىنىڭ جەۋھەرلىرى» («法国西域史学精粹»)، بۇ كىتابنى گېڭ شىمىڭ تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر نەشرىيات گۇرۇھى بىلەن گەنسۇ خەلق نەشرىياتى بىرلىكتە 2011 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، جەمئىي ئۈچ قىسىم. مەزكۇر كىتابقا چەت ئەللىك ئالىملار تەرىپىدىن يېزىلغان ماقالىلەردىن جەمئىي 46 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلاردىن ئومۇمىي بايان خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىرى: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى ۋە يىپەك يولى» (Lonis Hambis) قاتارلىقلار)، «غەربىي يۇرت تارىخ، مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (Lonis Hambis)، «فىرانسىيەدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتى» (Robert Jera-Bezard)، «فىرانسىيەنىڭ ئەللىك يىلدىن بۇيانقى غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (Lonis Hambis)، «فىرانسىيەدىكى تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى» (Louis Bazin)، «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر توغرىسىدا تەتقىقات» (J. R. Hamilton) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**يەككە ماقالىلەر:**

چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ يەككە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىدىن Louis. Bazinنىڭ «قىرغىنلىق بىلەن تاۋلىنىش ۋە فىرانسىيە تۈركشۇناسلىقى» (گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان، خەنزۇچە «مىللەتلەرگە دائىر تەرجىملەر» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان)، D. Hasanuvنىڭ «گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلار» (رىشات نۇرەخمەت تەرجىمە قىلغان، خەنزۇچە «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان)، T. M. Iskakufنىڭ «سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخشۇناسلىقى ۋە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى» (جياڭ تېشېن تەرجىمە قىلغان، خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇچۇرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 7 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، Diyas Hasanنىڭ «نېمىس ئۇيغۇرشۇناسلىرى» (ئۇيغۇرچە «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، Diyas Hasanنىڭ «شىۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق» («ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، J. Saydiwakkasuvنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچلىرى» (رىشات نۇرەخمەت تەرجىمە قىلغان، خەنزۇچە «مىللەتلەرگە دائىر تەرجىملەر» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، J. Saydiwakkasuvنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق» (گو جىچاۋ تەرجىمە قىلغان، خەنزۇچە «مىللەتلەرگە دائىر تەرجىملەر» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، O. Bakiyefنىڭ «روسىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار» (ياسىنجان تۇرسۇن تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، «فىرانسىيە ئالىملىرىنىڭ يىپەك يولى ۋە غەربىي يۇرت تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى» (گېڭ شېڭ تەرجىمە قىلغان، خەنزۇچە «فىرانسىيەدىكى غەربىي يۇرت تارىخشۇناسلىقىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابقا «ۋاكالىتەن يېزىلغان كىرىش سۆز» نامىدا كىرگۈزۈلگەن، بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەر نەشرىيات گۇرۇھى بىلەن گەنسۇ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2011 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خەنزۇچە نەشر قىلىنغان) قاتارلىق ماقالىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

**جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئەسەرلىرى**

1) كىتابلاردىن: گېڭ شىمىننىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ۋەسىقىلىرىدىن ئوچېرك» («维吾尔族古代文化和文献概论»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، توختى مۇزارتنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات» («维吾尔历史文化研究»)، مىللەتلەر نەشرى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، نيۇ رۇجىنىڭ

«ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە ۋەسىقىلىرىگە مۇقەددىمە» («维吾尔古文字与古文献导论»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىقلار بار. بۇ ئۈچ كىتابتا چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلار ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

2) ماقالىلەردىن: چياۋ جۇنخۇنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (خەنزۇچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژورنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، نيۇ رۇجىننىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەخسۇس تۈركولوگىيە ئىلمى» (خەنزۇچە «مىللەتلەر تەتقىقات ئۇچۇرلىرىدىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 5 ـ سانىغا بېسىلغان)، ۋېي لياڭتاۋنىڭ «ۋېنگرىيەدىكى شەرقشۇناسلىق ـ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان)، نيۇ رۇجىننىڭ «چەت ئەللەردىكى مەشھۇر تۈركولوگلار» (خەنزۇچە «مىللەتلەر تەتقىقات ئۇچۇرلىرىدىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 4 ـ، 1989 ـ يىللىق 1 ـ، 4 ـ ۋە 1990 ـ يىللىق 1 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان)، ليۇ گېنىڭ «ئۇيغۇر تەتقىقاتى تەيۋەندە» (خەنزۇچە «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، ھېبىبۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى شەرقشۇناسلىق ـ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان)، ھېبىبۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ «ۋېنگرىيەدىكى شەرقشۇناسلىق ـ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان)، نيۇ رۇجىننىڭ «تەيۋەندىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان)، رەيھاننىڭ «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى گېرمانىيەدە» (خەنزۇچە «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان)، نيۇ رۇجىننىڭ «فىرانسىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت ھۆججەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى» («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان)، شۆي تاۋنىڭ «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى روسىيە شەرقشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئەھۋالى» (خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1994 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان)، ليۇ گېنىڭ «گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1994 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان)، نيۇ رۇجىننىڭ «گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» (خەنزۇچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان)، نيۇ رۇجىننىڭ «شىۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» (خەنزۇچە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان)، توختىنىيىڭ «ياپونلارنىڭ مەملىكىتىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى» (خەنزۇچە «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان)، نيۇ رۇجىننىڭ «فىرانسىيەدىكى تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى» (خەنزۇچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان)، مۇختەر مۇھەممەدىنىڭ «گېرمانىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» («مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان)، تۇرسۇن پىداقۇلىنىڭ «ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان)، لى چىننىڭ «روسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتىنىڭ ئەسىرلىك مۇساپىسى» (خەنزۇچە «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان)، گېڭ شىمىننىڭ «غەربتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىغا نەزەر» (خەنزۇچە «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان)، شۆي تاۋنىڭ «روسىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق» (خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2004 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان، ئۇيغۇرچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرجىمىسى «شىنجاڭ يارشلىرى» ژۇرنىلى»نىڭ 2011 ـ يىللىق 7 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، گېڭ شىمىننىڭ «مەن ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق» (خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2005 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2005 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، ئەلى غوپۇرنىڭ «ۋېنگرىيەدىكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان)، گېڭ شىمىننىڭ «فىرانسىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق» (خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2006 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «كىروران» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ۋە «تۇرپانشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، نام ساڭ گاڭنىڭ «كورىيەدىكى شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى» (تيەن ۋېيجياڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، تاھىر مۇتەللىپ قاھىرىنىڭ «گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2006 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان) قاتارلىقلارنى كۆرستىش مۇمكىن.

### 9. جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ «چەت ئەل ئۇيغۇرشۇناسلىقى»غا بولغان ئىنكاسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى خەلقئارادىكى «ئۇيغۇرشۇناسلىق» نامى ئاستىدىكى ئىلمگە مۇتىدىل پوزىتسىيەدە بولدى، يەنى 1978 ـ يىلغىچە جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىشكە ئالدىرىمىدى. پەقەت ئىشكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن بۇ ئاتالغۇ جۇڭگونىڭ مىللەتشۇناسلىق ساھەسىدە رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1982 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى شېرىپىدىن ئۆمەر ئەپەندى «ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «ئۇيغۇرشۇناسلىق»تىن ئىبارەت بۇ ئىلمنى دۆلەت ئىچىدىكىلەرگە تونۇجى بولۇپ تونۇشتۇردى. 1994 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بېيجىڭدا جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگودا ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. نيۇ رۇجى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاتاپ «ئۇيغۇرشۇناسلىق سىستېما قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ يېڭى ئەھۋاللار» ناملىق ماقالىسىنى تەييارلاپ، كىشىلەرگە ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىدىن ئەتراپلىق ئۇچۇر بەردى. ۋېي لياڭتاۋ «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەققىدە بىرنەچچە تەكلىپ» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگودا «ئۇيغۇرشۇناسلىق»نى ئىلىم ساھەسىگە رەسمىي ئېلىپ كىرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش كەڭ ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئىدىيەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. 1996 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى لى شاگۇي بىلەن دوكتور نيۇ رۇجىنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى نامىدا «ئۇيغۇرشۇناسلىق» تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپپا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە قەدىمكى ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە» (نيۇ رۇجى يازغان)، «ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى ھەققىدە تەتقىقات» (گېڭ شىمىن، ئابدۇرېشىت ياقۇپلار يازغان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر تىلىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى» (لى زېڭشياڭ، جاڭ تېشەن، مەترېيىم سايىتلار يازغان)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى» (مىرسۇلتان ئوسمان يازغان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (غەيرەتجان ئوسمان يازغان)، «ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (شۈي چىڭچۈەن يازغان)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

فولكلور مەدەنىيىتى» (يۈەن جىڭۋاڭ يازغان) قاتارلىق يەتتە كىتابنى نەشرگە تەييارلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى ئالتە كىتاب «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» (维吾尔学研究丛书) نامىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان دۆلەت ئىچىدە مەخسۇس «ئۇيغۇرشۇناسلىق» نامىدا خاس مەجمۇئەنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى نامايان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا «ئۇيغۇرشۇناسلىق» دەرسى تەسىس قىلىنىپ، 2004~2005 ـ يىللىرى ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا ئۈچ قارار (مەۋسۇم) دەرس ئۆتۈلدى. بۇلار جۇڭگودا «ئۇيغۇرشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت ئەل ھازىرقى زامان ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ جۇڭگوغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 10. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

«چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق»نى دۆلەت ئىچىدە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىجابىي خىزمەتلەر ئىشلىنىپ ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان بولسىمۇ، بىراق بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. بۇنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، تونۇشتۇرۇش تەكرار بولۇش، مەتبۇئات ئىسراپچىلىقى كۆرۈلۈش. ئۇيغۇرشۇناسلىققا قىزىققۇچى بەزى خادىملار باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، شۇ ئەسەرنىڭ ئىلگىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقى بىلەن كارى بولماي تەكرار ـ تەكرار ئىش ئېلىپ بېرىپ، ۋاقىت، زېھىن ۋە مەتبۇئات ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلار» ناملىق ماقالە 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇيغۇر تىلىغا ئۈچ قېتىم تەرجىمە قىلىنىپ، ئۈچ خىل ژۇرنالدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېلان قىلىندى.

ئىككىنچى، بەزى ئاپتورلاردا ئۇچۇرنى تولۇق ئىگىلىمەي، بىر ـ بىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق كۆرمەي، ئىشنى تەكرار قىلىش، چالا قىلىش، ئەستايىدىل بولماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. يەنى بىر مەسىلە ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكەندە، بۇ ھەقتە ئۆزىدىن بۇرۇن باشقىلارنىڭ ئىزدەنگەن ـ ئىزدەنمىگەنلىكى، ئىزدەنگەن بولسا قانچىلىك دەرىجىدە ۋە قانچىلىك سەۋىيەدە ئىزدەنگەنلىكى توغرىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمايلا، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش تۇتىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولماقتا.

ئۈچىنچى، ئاتالغۇلار خالىغانچە تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇچۇر مۇجمەللەشتۈرۈپ قويۇلۇۋاتىدۇ. يەنى چەت ئەللىك ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ نامى، يەر ـ جاي ناملىرى ئەسلىي يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشى بويىچە ئېلىنماي، بۇزۇلغان ترانسكرىپسىيە بويىچە ياكى خەنزۇچە ئېلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ، شۇ ئۇيغۇرشۇناس ۋە ئىلمىي ئەسەرنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزدى.

تۆتىنچى، پايدىلىنىش ماتېرىيالىنى تولۇق بەرمەسلىك، ئەسلىي مەنبەنى كۆرسەتمەسلىك، كۆرسىتىلگەن مەنبە ئۆلچەملىك بولماسلىق، مەنبە (كاتالوگ ياكى بىبلوگرافىيە)لەر قانۇنىيەتلىك ھالدا تۈزۈلمەسلىك، ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى كۆرمەسكە سېلىۋېلىش، ئۇنتۇلۇپ قالغان بولۇۋېلىش، چۈشۈرۈپ قويۇش قاتارلىق ئەھۋاللار مەۋجۇت.

بەشىنچى، ۋاقىت، يىلنامىلارنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىگە سەل قارالدى. چەت ئەللىك ئۇيغۇرشۇناسلارنى تونۇشتۇرغاندا، كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ ياشىغان ۋاقتى ئېنىق بېرىلمەي ئەسەرلەر بويىچە ئېلىنىدىغان، ئېلان قىلغان ئەسەرلەرنىڭ ۋاقتىمۇ بېرىلمەي، ۋاقىت ـ يىلنامە مەسىلىسىدە ئېنىقسىزلىق، مۇجمەللىك كۆرۈلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇلار ئىلمىي تەتقىقاتتا دىققەت قىلىنمىسا بولمايدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە.

ئالتىنچى، بەزى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئەھۋالىنى تەكرار تونۇشتۇرۇش، بەزىلىرى

www.uyghurkitap.com

تورغىسىدا ئېغىز ئاچماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت. مەسىلەن، روسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق توغرىسىدا تەكرار ـ تەكرار تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يېزىلدى، بىراق قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان، مولداۋىيە، موڭغۇلىيە، ئىسرائىلىيە، پولشا، رۇمىنىيە، چېخسلوۋاكىيە، ۋېنگىرىيە، ئامېرىكا، ئاۋىستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق توغرىسىدا يۈزەكى بايان بېرىلدى، بەزىلىرى توغرىسىدا تونۇشتۇرۇش ئىشى زادى قىلىنمىدى. بىر تېمىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغان ئىكەن، ئەتراپلىق بولۇشى لازىم، چالا قالغانلىرى بولسا ئامال بار تولۇقلاش كېرەك.

يەتتىنچى، كاتولوگ ـ بىبلوگرافىيە ئىشلەشكە سەل قاراش. جۇڭگودا خەنزۇچە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ كاتالوگى قەرەللىك ھالدا ئىشلىنىپ تۇرۇلىدۇ. چەت ئەللەردىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى ماتېرىياللاردىن مەلۇم. شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ كاتالوگى ئىشلەنگەن بولسىمۇ، بىراق «ئۇيغۇرشۇناسلىق»قا دائىر ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كاتالوگى ئۆلچەملىك ئىشلەنمەيۋاتىدۇ ياكى چوڭ كاتالوگلاردىن «ئۇيغۇرشۇناسلىق» دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنىپ يېزىلغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ نامىنى تولۇق تېپىش مۈشكۈل بولماقتا. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، «چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق»نى تونۇشتۇرغۇچىلار دۆلەت ئىچىدىكى بەزى ئۇچۇرلاردىن خەۋەرسىز ھالدا ئىش ئېلىپ بارغاچقا، بەزى نۇقتىلارنى چۈشۈرۈپ قويۇپ ئىشنى چالا قىلىپ قويماقتا. بۇنداق قىلىش ئىلمىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىر ئىشنى ئالدىراپ قىلماسلىق كېرەك، قىلغاندىن كېيىن ئامال بار تولۇق قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، «ئۇيغۇرشۇناسلىق» چەت ئەللەردە بىر ئىلىم سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدە ئۇنىڭ ئىجابىي تەسىرى ئالاھىدە چوڭقۇر بولدى. ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمى ئۆز يۇرتىدا يېڭى دەۋرگە خاس ئۇسۇل بويىچە جانلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 1980 ـ يىللاردىن ئىلگىرى «ئۇيغۇرلار جۇڭگودا، بىراق ئۇيغۇرشۇناسلىق چەت ئەلدە» دېيىلىشتىن «ئۇيغۇرلار جۇڭگودا، ئۇيغۇرشۇناسلىقمۇ جۇڭگودا» دېيىلىشنىڭ ئاساسىي مۇقامى شەكىللىنىشكە باشلىدى، دېيىشكە ئىمكانىيەت يارىتىلدى. بۇنى قۇتلۇقلاشقا تېگىشلىك بىر ھادىسە دېمەي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار

# شەھەر مەدەنىيىتى بىلەن رايون مەدەنىيىتى

بىيەن مىن
(جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى)

رايون ئالدى بىلەن تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم، رايون مەدەنىيىتى مەلۇم تارىخىي گۇمانتارلىق شارائىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى بىلەن باشقا رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. رايون يەنە گۇمانتارلىق جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم، رايون مەدەنىيىتى ئوخشىمىغان تەبىئىي جۇغراپىيە مۇھىتىدا، گۇمانتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە تارىخىي يوسۇندا شەكىللىنىدۇ. رايون مەدەنىيىتى بىر رايوننىڭ تارىختا شەكىللەنگەن ئالاھىدە مەدەنىيەت بولۇش سۈپىتىدە ئورتاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئوخشاش تەرەققىيات يوللىرى مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سىجىللىقى بىلەن مەدەنىيەتنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ بىردەكلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. تەبىئىي جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ پەرقى، رايونلار ئارا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى، ھەرقايسى رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئۆزگىچە مەدەنىيەت پىسخىكىسى قاتارلىقلاردا، شۇنداقلا ئوخشىمىغان رايونلاردا شەكىللەنگەن يەرلىك ئۆرپ- ئادەت، ئەنئەنىۋى يوسۇنلار، پىسخىك خاراكتېرلىرى ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا تۈرلۈك ئىزلارنى قالدۇرۇپ، مول ۋە رەڭگارەڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندا بىرقانچە مەركىزىي شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللىنىدۇ. شەھەر مەدەنىيىتى روشەن رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەت. بۇ خىل رايون مەدەنىيىتى شەھەر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىچە سېھرىي كۈچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە شەھەر تەرەققىياتىدىكى سىجىللىقنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر.

## 1. شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ رايون مەدەنىيىتىدىكى ئورنى

شەھەر تارىختا شەكىللەنگەن. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىن تەكشۈرگەندە، شەھەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە قەدەم تاشلىغانلىقىدىكى مۇھىم ئابىدىلەرنىڭ بىرىدۇر. شەھەر ئەڭ دەسلەپتە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن، ئۇ ئولتۇراقلىشىشقا لايىق ھەم مۇقىم ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى بولۇپ، ئىنسانلار توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بىر خىل يۇقىرى دەرىجىدىكى ھادىسە. شەھەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىيات سۈپىتىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

شەھەر بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، ئۇ ئىقتىسادنىڭ جۇغلىنىش ئورنى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭمۇ جۇغلىنىش ئورنى بولۇش سۈپىتىدە تارىخىي مەدەنىيەت بايلىقلىرى بىرقەدەر مول ئىجتىمائىي رايون بولۇپ قالغان. ئادەملەر شەھەرنى كۆزلەپ ئولتۇراقلىشىدۇ، شەھەر ئادەم بىلەن گۈزەللىشىدۇ. شەھەر تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، شەھەر ئىختىساسلىقلار توپلىنىدىغان ئورۇن، ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ جەمگاھى، بىر رايوننىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەركىزى. شەھەر تارىخىي مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت ئۆزئارا قوشۇلىدىغان ئەڭ ياخشى سورۇن سۈپىتىدە، ئۇنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى شۇ رايون مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

شەھەر يېزىغا سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغان سۆز، ئۇ يەرگە شەھەر نوپۇسى بىلەن يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەر توپلانغان جايدۇر. دۇنيادا يېقىنقى زامان سانائەتلىشىشى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، سانائەت

www.uyghurkitap.com



مەدەنىيىتى تەدرىجىي يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئالدى. شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ياشاش سورۇنى، ھەتتا بارلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى شەھەرنى مەركەز قىلىپ ئۈزلۈكسىز جۇغلىنىشقا، كۆپىيىشكە باشلىدى. شەھەرلىشىشنى بەلگە قىلغان زامانىۋىلىشىش جەريانىدا، رايون بوشلۇقىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن شەھەر بارغانسېرى كېڭەيدى، ھەم ماددىي بايلىقنىڭ توپلىنىشى بىلەن شەھەر بارغانسېرى بېيىدى. شەھەرنىڭ تەرەققىيات داۋامىدا توپلانغان تارىخىي مەدەنىيەت شەھەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرگە قارىتا بىر خىل شەكىلسىز مەنىۋى ئۇيۇشۇش كۈچى بولۇپ قالدى. بىر شەھەر ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ مەدەنىيەت ئورتاق گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغاندىلا، شۇ شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئوبرازىنى تىكلەيدۇ. بىر شەھەردە مەدەنىيەت بولمىسا روھمۇ بولمايدۇ، شەھەر ئۆزىنىڭ گۈمانتارلىق روھىغا موھتاج بولىدۇ.

رايون مەدەنىيىتى بىر خىل مەدەنىيەت فورماتسىيەسى سۈپىتىدە، تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جۇغلىغان، بىر جاينىڭ تۇپرىقى شۇ جايدىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزگىچە روھىنى ياراتقان بولىدۇ. جۇغراپىيەلىك ئورۇن، ئىجتىمائىي مۇھىت، مەدەنىيەت، تارىخ قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن، ئوخشىمىغان رايونلار شەھەر تەرەققىياتى ئارقىلىق ئۆزىگە خاس شەھەر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شەھەر مەدەنىيىتى خاتىرىسى تارىخ ئېقىمى داۋامىدا بىر تامچە ـ بىر تامچىدىن جۇغلانغان، بۇ بىر شەھەرنىڭ مەدەنىيەت قىممىتىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. ھەر بىر دەۋر شەھەر تەرەققىياتىغا تارىخىي خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ. قۇرۇلۇش بىر شەھەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل مەدەنىيەت خاتىرىسىدۇر. بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان شەھەر قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلغاندا، شۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت خاتىرىسى ۋە يۇرت سۆيگۈسىمۇ يوقايدۇ. شەھەرلەردىكى تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىنسانىيەتنىڭ زامانىۋى مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپلا قالماستىن، يەنە رايون مەدەنىيىتى مەزمۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىشىنىڭ ماددىي ئاساسىدۇر. بىر شەھەرنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت مەزمۇنى بولمىسا، ئۇنى زامانىۋىلاشقان داڭلىق تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرى دېگىلى بولمايدۇ.

رايون مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدىغان شەھەر قىياپىتىمۇ تارىخىي جۇغلانما ۋە مەدەنىيەتنىڭ بىرىكمىسىدۇر. تارىخىي مەدەنىيەت تومۇرلىرىنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈنمىسە، شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى توغرا بېكىتىلمەي، ئاخىرى شەھەرنىڭ مەدەنىيەت خاتىرىسى يوقىلىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بىزنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرىدىغىنىمىز تارىخىي مەدەنىيەت تومۇرى بولمىغان «قۇرۇق شەھەر» بولۇپ قېلىپ، شەھەرنىڭ مەدەنىيەت تۈسى نىشانىدىن ئادىشىدۇ. شەھەرنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى، مەدەنىيەت كەيپىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيەسى شەھەرنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي بايلىقلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، شەھەرنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى قوغدىغاندىلا، شۇ شەھەرنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى ۋە مەدەنىيەت ئاساسىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش رايون مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىنى قوغداش بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى قوغدىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە رايون مەدەنىيىتى شەھەر تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم يۆلەنچۈكى. شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يۇمشاق ئەمەلىي كۈچى بىر شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ شەھەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. رايون مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكى شەھەر تەرەققىياتى ئىستراتېگىيەسىدە يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوخشىمىغان شەھەرلەردە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. مەدەنىيەت كۆپ مەنبەلىكنىڭ داۋالغۇشىدىن ئىبارەت چوڭ مۇھىتتا ھەر بىر شەھەر ئۆزىنىڭ خاس مەدەنىيىتىنى تېپىشى، «ئىجىل، ھەم بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان» مەدەنىيەتنىڭ بىرىكىشىدە مەدەنىيەت يېڭىلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچى بىر خىل روھىي چاقىرىق ۋە تەسىر كۈچىدىن ئىبارەت. بىر زامانىۋى شەھەرنىڭ ئالاھىدە جەلپكارلىقى مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىي غەمخورلۇققا باغلىق بولىدۇ. پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ماددىي بايلىقنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىتىسمۇ، ئادەملەر يەنىلا ئېتىكا،

ئەخلاق، ئېستېتىكا، سەنئەت، پەلسەپە، دىن قاتارلىق گۇمانىتارنىي مۇناسىۋەتلەرگە، جەمئىيەتنىڭ يېقىملىق ھەم راھەتبەخش ئېتىدىغان مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنى تەمىنلىشىگە، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا، ئادەملەرنى ئۈزلۈكسىز تەبئەت، باشقىلارنى ئىنسانلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاج قىلىدۇ.

## 2. شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى ۋە ئوبرازى

ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەرنىڭ فۇنكسىيەسى بارا ـ بارا خەلقئارالىشىۋاتىدۇ. شەھەرلەرنىڭ خەلقئارالىشىش دولقۇنىدا، شەھەرنىڭ خەلقئارالىشىشى بىلەن رايون خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش شەھەر تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىۋاتىدۇ. شەھەر ئىنسانلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشى. بىر شەھەرنىڭ مەدەنىيىتى قانچە پىششىپ يېتىلسە، تارىخىي جۇغلانمىسى قانچە قېلىن بولسا، شەھەرنىڭ خاسلىقى شۇنچە كۆركەم، شۇنچە ئۆزگىچە، ئالاھىدىلىكى شۇنچە روشەن بولىدۇ. شەھەرنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى تارىخ، جۇغراپىيە، ئىقتىساد، جەمئىيەت قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپتىكى ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. چوڭقۇر مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ۋە روشەن خاسلىققا ئىگە بولغان شەھەرلا ئۇزۇن مۇددەتلىك رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

شەھەرنىڭ رايون مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى شەھەر تەرەققىياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ. شەھەرنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى بىلەن ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ئاساسلىقى تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن كېلىدۇ. ھەر بىر شەھەر تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان بىر خىل ھالەت شەكىللىنىۋاتىدۇ، يەنى شەھەرنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش جەريانىدا مەدەنىيەت ئىزلىرى ساقلاپ قېلىنمىغاچقا، بۇ شەھەرنىڭ مەدەنىيەت تۇسى تېز يوقاۋاتىدۇ، ھەر بىر شەھەر ئۆزىنىڭ شەھەر خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرەلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر شەھەر قىياپىتىدە «پۈتۈن شەھەر ئوخشاشلا كۆرۈنسە»، شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئىپادىسى كەم بولىدۇ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ شۇ شەھەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ھېسسىياتى ۋە روھىي ئېتىخارلىقى بولمايدۇ. مەدەنىيەت فورماتسىيەسى سۈپىتىدىكى شەھەر روھى شەھەرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، شەھەر مەدەنىيىتى ئاساسىنى نامايان قىلىشتا، شەھەر قىممىتىنى جۇلالاندۇرۇشتا نۇقتىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ بەلگىسى ۋە مەدەنىيەت ئوبرازى مەسىلىسىدۇر.

شەھەرنىڭ مەدەنىيەت بەلگىسى شۇ شەھەرنىڭ مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە، ئامىل، ئىپادىدۇر، بۇ بىر شەھەرنىڭ مەدەنىيەت سىمۋولىدۇر. شەھەرنىڭ مەدەنىيەت بەلگىسىنىڭ كۆپىنچىسى بەلگە خاراكتېرلىك ئىمارەتلەر، مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئەڭ مەشھۇر تەبىئىي گۈمانتار مەنزىرىلەر، ئەڭ مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەتتىكى داڭلىق كىشىلەرنى سىمۋول قىلغان بولۇپ، بۇلار رايون مەدەنىيىتىدىكى شەھەر تارىخىي مەزمۇنىنى، مەدەنىيەت ئوبرازىنى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بىر شەھەرنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئەڭ ۋەكىللىك قىلالايدىغان كونكرېت شەيئىلەر مەدەنىيەت سىمۋولىنىڭ ئالاھىدە مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. شەھەرنىڭ مەدەنىيەت سىمۋولى يەنىلا شۇ شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئوبرازى مەسىلىسىدۇر. ئەگەر بىر شەھەرنىڭ مەدەنىيەت بەلگىسى ھېسسىي جەھەتتىن شۇ شەھەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ دېسەك، مەدەنىيەت ئوبرازى روھىي قىياپەت جەھەتتە شۇ شەھەرنىڭ ئۆزىگە خاس سالاپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شەھەر ئوبرازى شەھەرنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ روھىي كۈچىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ خىل شەكىلسىز كۈچ ئەڭ دەسلەپتە شۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېتىخارلىق تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسى بولۇپ، ئاخىرى شەھەر ئوبرازىدىكى شەھەر روھىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شەھەر روھى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم يادروسىدۇر. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ شەھەر روھىنى ئېتىراپ قىلىشى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ روھىغا ئۆزگىرىدۇ، بىر خىل مەدەنىيەت ئېڭىغا ئايلىنىدۇ.

شەھەر ئوبرازى ئاساسلىق ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. بىرىنچى، شەھەر مۇھىتى، ئۇ پۈتۈن شەھەرنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى، يەنى شەھەرنىڭ كىلىماتى، گېئولوگىيەسى، يەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شەكلى، گېئولوگىيەسى، جۇغراپىيەلىك ئورنى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. شەھەرلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك قىياپىتى شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت تومۇرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ماددىي ئاساس. ئوخشاش بولمىغان كىلىمات، جۇغراپىيەلىك شارائىت قىياپىتى ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتنى يېتىشتۈرىدۇ، شەھەرلەرنىڭ سېھرىي كۈچى دەل شەھەرلەردە بولىدىغان تەبىئىي قىياپەتلەر ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. ئىككىنچى، شەھەر مەدەنىيىتى شەھەر رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ تەبئەتنى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۆز- ئۆزىنى ئوبيېكتلاشتۇرۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئورتاق ياراتقان ھەرىكەت ئۇسۇلى، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە ئەخلاق قېلىپى، ئاشۇ ئەمەلىيەت پائالىيىتى شەكىللەندۈرگەن رايون خاراكتېرىگە ئىگە قائىدە- تۈزۈم، ئاڭ فورماتسىيەسى، بىلىم سىستېمىسى، ئۆرپ- ئادەت، پسىخىك ھالەت، شۇنىڭدەك تېخنىكا- سەنئەت نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، شەھەر سىمۋولى جۈملىدىن شەھەرنىڭ سىمۋوللۇق دەرەخلىرى، سىمۋوللۇق گۈللىرى، ھايۋاناتلىرى، بەلگە خاراكتېرلىك ئىمارەتلىرى، ھەيكەللىرى ۋە ۋەكىللىككە ئىگە گۇمانتارنىي مەنزىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ گۇمانتارنىي روھىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم تەرەپ بولۇپ، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

شەھەر رايون مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم سۇبىستانسىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ شەھەرنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىن قالغان قىياپەتلىرىنى خاتىرىلەيدۇ، ھەر بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ شەھەردە قالدۇرغان ئىزلىرىغا گۇۋاھ بولىدۇ. شەھەرلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىدە جۇغلانغان ھەرخىل ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن، يەنە كېلىپ شەھەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە ئالاقىدار مەدەنىيەت تەرەققىيات ئارقا كۆرۈنۈشى كۆرۈنۈكسىز مەدەنىيەت تومۇرلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇ مەزكۇر شەھەرنىڭ تەبئىيتى، تارىخى، مەدەنىيىتى جەھەتلەردىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، شەھەرلەرئارا بەلگە خاراكتېرگە ئىگە ئەڭ ماھىيەتلىك مەدەنىيەت ئامىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەھەر مەدەنىيىتى شەھەرلەر تەرەققىياتىدىكى يورۇق نۇقتا بولۇپ، شەھەر تەرەققىياتىنى تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ۋە ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە قىلىدۇ. بۇ، بىر شەھەرنىڭ گۇمانتارىنىي ئېكولوگىيەسى بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇشىنىڭ روھىي باغچىسى بولۇپ، ئادەم بىلەن ئادەمنى بىر- بىرىگە باغلايدىغان مەدەنىيەت بەلبېغىدۇر.

دۇنيادا ھەر قانداق بىر فورماتسىيەدىكى زامانىۋىلىشىش ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يىلتىزىدىن ئايرىلمايدۇ. شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىششى ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە، ئۇ نوقۇل ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتىگە تايىنىپلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان نىشان ئەمەس. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ تارىخىي مەدەنىيەت، گۇمانتارىنىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتتىن ھاسىل بولغان شەھەر ئوبرازى مەسىلىسىدۇر. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن كۆزەتكەندە، شەھەر ئوبرازى شەھەر ماددىي مەدەنىيىتى بىلەن روھىي مەدەنىيەتنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، شەھەرلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىك، ئومۇمىي ۋەزىيەتلىك مەدەنىيەت ئوبرازىدۇر. ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى بىلەن قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان شەھەر روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشى، روھىي ھالىتى، مەدەنىيەت ساپاسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ھەرىكىتىدە ئىپادىلەيدىغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ سۇبيېكتىپ جەھەتتىن كۆزەتكەندە، شەھەر ئوبرازى جەمئىيەتتىكى ئاممىنىڭ مۇئەييەن بىر شەھەرگە نىسبەتەن كۆرۈش، ھېس قىلىش بوشلۇقىنىڭ تەسىرى ۋە گۇمانتارىنىي ئوبرازىغا قارىتا بەرگەن باھالىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شەھەر ئوبرازى ئاممىنىڭ بىر شەھەرنىڭ مەدەنىيەت قىممىتىگە قارىتا ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغان تەسىرى ۋە بەرگەن ئۇنىۋېرسال باھاسىدۇر.

شەھەرنىڭ مەدەنىيەت بەلگىسى ئادەتتە كۆرۈش، سېزىش، ھېسسىي كۈچكە ئىگە، ئۇ شەھەرلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت مەزمۇنىغا تەۋەدۇر. شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئوبرازى بىر خىل روھىي سىمۋول بولۇپ، ئۇ شەھەرنىڭ روھىي مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ. شەھەرلەرنىڭ روھىي مەدەنىيىتى ھەم تارىخىي ھەم رېئاللىق، ھەم ئەنئەنىۋى ھەم زامانىۋى بولىدۇ. ئوخشىمىغان دەۋرلەردىن تىندۇرۇلما ھالەتتە شەكىللەنگەن تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئوخشاش بولمىغان بەدىئىي شەكىللەر ئارقىلىق، مەزكۇر شەھەرنىڭ تۇرمۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەزكۇر شەھەرنىڭ باشقا شەھەرلەردىن پەرقلىنىدىغان

روھىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شەھەرلەردىكى بۇنداق مەدەنىيەت فورماتسىيەسىگە ھەمىشە گۇمانتارنىي مەدەنىيەت ۋە گۇمانتارنىي روھ چوڭقۇر سىڭگەن بولىدۇ. شەھەرلەردىكى گۇمانتارنىي روھ شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ جېنى بولۇپ، شەھەر روھىي مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

## 3. شەھەر مەدەنىيىتى تارىخىي خاتىرىلەرگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ

شەھەر مەدەنىيىتى، شەھەر ئوبرازى بىر خىل تارىخنىڭ ئەسلىمىسى ۋە تارىخنىڭ نامايەندىسى. شەھەر مەدەنىيىتى بىر خىل تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىمىسى بولىدۇ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغىلىمۇ بولىدۇ؛ ئۇ داۋاملىشىدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتكىلىمۇ بولىدۇ. شەھەرلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت قالدۇقلىرى ۋە مەدەنىيەت ئېكولوگىيەلىك مۇھىتلىرىنى قوغداش، مۇشۇ شەھەرنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن مۇكەممەل مەدەنىيەت ھاياتى تەرەققىياتىنىڭ تومۇرلىرىنى قوغدىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ، رايون مەدەنىيەت تارىخىغا بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەتتۇر.

21 ـ ئەسىردە، يەرشارلىشىش يۈزلىنىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن رايون مەدەنىيەت تەرەققىياتى مىللىي خاراكتېرگە موھتاج بولىدۇ. بىر شەھەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى قانچە خاسلىققا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ساقلىنىش قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى، شۇنىڭدەك مەدەنىيەتتىكى قىممەت يۈزلىنىشىنىڭ كۆپ خىللىقى، بارا ـ بارا رايون مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقى مەۋجۇت بولىدىغان رايون بوشلۇقىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. رايون مەدەنىيىتىدە مەۋجۇت بولىۋاتقان شەھەر مەدەنىيىتى خاسلىقى «زامانىۋىلىشىش»نىڭ زەربىسىدە ھەمىشە مەۋقەسىنى يوقىتىپ قويىۋاتىدۇ، ھەتتا چەتكە قېقىلىۋاتىدۇ ياكى يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ تەسىرى پەيدا قىلىۋاتقان خىلمۇخىل قارىغۇلارچە ھەرىكەتلەر، مەسىلەن، شەھەر بوشلۇقىنى ھەددىدىن زىيادە سودا خاراكتېرىدە ئۆزلەشتۈرۈش، ھەتتا شەھەر مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنىڭ مۇھىتىنى بۇزۇش بەدىلىگە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۆزلەشتۈرۈشلەر سەۋەبىدىن، شەھەر قىياپىتىدىكى مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقى تەدرىجىي يوقىلىۋاتىدۇ. قەدىمكى يادىكارلىقلارنى بۇزۇش مەدەنىيەت خاتىرىلىرىنى يوقىتىشقا ئوخشايدۇ. تارىخىي خاتىرىسى بولمىغان شەھەر تارىخىي مەدەنىيەت مەزمۇنى كەم بولغان شەھەر ھېسابلىنىدۇ.

تارىخ بىلەن مەدەنىيەت بىر شەھەرنىڭ مەڭگۈ جەلپ قىلىش كۈچى ھېسابلىنىدۇ. بىر شەھەرنىڭ مەنىۋىي سالاپىتى مۇئەييەن رايون مەدەنىيىتى ئىچىدە شەكىللىنىدۇ. شەھەر قىياپىتى بولسا شەھەر مەدەنىيەت مەزمۇنى بىلەن شەھەر روھىنىڭ جەلپكارلىقىنىڭ گەۋدىلىنىشىدۇر. شەھەرنىڭ جەلپكارلىقى شەھەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى روھىي سالاپەت بىلەن تاشقىي روھىي قىياپىتىنىڭ، شەھەرنىڭ روھىي سالاپىتى بىلەن مەدەنىيەت ئوبرازىنىڭ بىرلىكى بولۇپ، شەھەر روھىي مەدەنىيىتى سۈپىتىدىكى ئەڭ ياخشى نامايەندە ھېسابلىنىدۇ. شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئوبرازى شەھەرنىڭ روھىي قىياپىتى بىلەن روھىي سالاپىتىدىكى ئالاھىدىلىككە، قىممىتىگە ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە، شەھەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا، شەھەرنىڭ خاس ئوبرازى ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ بىر شەھەرنىڭ روھىي تەۋەلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شەھەر روھى تارىخىي مەدەنىيەت خاتىرىلىرىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ بىر خىل روھىي ئۇيۇشما كۈچىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

شەھەر كۆلىمىنىڭ تېز كېڭىيىشى، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ تېز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان شەھەرلىرىمىزدە كۈنسايىن ئۆزگىرىش ۋە پەرق يوقىلىش بىلەن بىللە، مەڭگۈ تەكرارلانمايدىغان نۇرغۇن تارىخ مەدەنىيەت ئىزلىرى قولىمىزدىن كېتىۋاتىدۇ. تارىختىن قالغان بىناكارلىقلار، ئۇنىڭدىكى مەدەنىيەت قىممەتلىرى كونا قۇرۇلۇش بولۇش سەۋەبىدىن ھازىرقى دەۋردىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قۇرۇلۇش شەكلىنىڭ ئاددىي تەقلىد قىلىنىشى ۋاقىت ئۇقۇمىنى غۇۋالاشتۇرۇشى ياكى ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشلا مۇمكىن، لېكىن كونا قۇرۇلۇشلارنىڭ تارىخىي قىممىتى ھەقىقەتەن ئاشۇ ۋاقىت پەرقىدىلا گەۋدىلىنىدۇ. شەھەرلەردىكى يېڭى ئىمارەتلەر بىلەن كونا ئىمارەتلەر كىرىشىپ بىر گەۋدە بولۇشتىكى ۋاقىت پەرقىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىنىپ، كونا ئىمارەتلەرنىڭ ئۆزۈن تارىخىنى نامايەندە قىلىپ، تارىخىي خاتىرىلەر بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق

شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت مەزمۇنىنى بېيىتىش كېرەك. تارىختا شەكىللەنگەن كوچىلار، خالتا كوچىلار، ھۈنەرخانىلار، بولۇپمۇ خاراكتېرلىك ئىمارەتلەر، مۇقەددەس دىنىي جايلارغا ئوخشاش بەزى ئەھمىيەتلىك ئەنئەنىۋى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ھازىرقى ئادەملەر تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەندىن كېيىن، شەھەر ئوبرازىنى مۇكەممەل ئىپادىلەيدىغان تارىخىي ئىزلار تەدرىجىي يوقايدۇ، شۇ سەۋەبتىن شەھەرلەرمۇ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنىمۇ يوقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شەھەر مەدەنىيەت فورماتسىيەسىدىكى يېقىملىق بىلەن دائىملىق بىۋاسىتە تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. شەھەرلەرنىڭ تارىخىي خاتىرىگە تايىنىپ شەكىللەندۈرىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرى، ئالاھىدە بىر خىل رايون مەدەنىيىتى ماكانىدا تەرەققىي قىلغان تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزچىللىقى ناھايىتى مول مەدەنىيەت مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەھەر مەدەنىيەت ئىزلىرى تارىخ ياراتقان بىر خىل مەدەنىيەت تومۇرى بولۇپ، بىر شەھەرنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە ھاياتلىق گېنىدۇر. مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى سۈپىتىدە ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى تۈرلۈك ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھەرىكەت ئۇسۇلىدۇر. مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي يادروسى تارىختا بارلىققا كەلگەن ھەم تاللىۋېلىنىپ ۋۇجۇتقا چىقىرىلغان ئەنئەنىۋى قاراش، بولۇپمۇ قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت. دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ زىچ بولۇشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەرنىڭ ئوبرازىمۇ ئوخشىشىپ كېتىش تەرىپىگە يۈزلىنىۋاتىدۇ. دەل مۇشۇنداق رايون مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە، شەھەر مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تارىخىي خاتىرىلەر سۈپىتىدە داۋاملىشىۋاتىدۇ. مەدەنىيەت خاتىرىلىرىنىڭ داۋاملىششى مەلۇم بىر كىشى ياكى بىر قىسىم كىشىلەرگە تايىنىپلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئۇلۇغۋار نىشان ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق بەرپا قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، شەھەر تارىخىي مەدەنىيەت مۇھىتىغا يېڭى ھاياتىي ئامىللارنىمۇ كىرگۈزۈپ، يېڭى ئىدىيەدە ئېچىلىشتەك روھىي مەدەنىيەت دۇنياسىنى بەرپا قىلىشىمىز، شەھەر مەدەنىيىتىگە يېڭى مەزمۇن قوشۇشىمىز، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىزلىرىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىشىمىز لازىم، تارىخىي مەدەنىيەت خاتىرىلىرى يەنىلا داۋاملاشسۇن.

شەھەرلەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تارىخىي خاتىرىلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىش بەدىلىگە بولماسلىقى كېرەك. كونىنى ئۆزگەرتىپ - كېسىل بۇزۇپ يېڭىنى تىكلەشمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بەلگىسى ئەمەس. يېڭىدىن شەھەر قۇرۇشتا تارىخىي ئىمارەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىمۇ يول قويۇش كېرەك. ئادەمنىڭ ھاياتى قان تومۇرلارنىڭ راۋان ئايلىنىشىغا ئوخشاش داۋاملاشقىنىدەك، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ داۋاملىشىشىمۇ ئۇنىڭدىكى خاس مەدەنىيەت ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدۇ. شەھەرلىرىمىز مەدەنىيەتتە ئالغا بېسىش بىلەن بىللە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويىدى. بىز كېيىنكىلەرگە بىراقلا ئۆزۈۋېتىلگەن تارىخنى قالدۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرى ئۈزۈلۈپ كەتسە، تارىخىي مەدەنىيەتتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەر يوقايدۇ. بىر شەھەردىكى خاس تارىخىي مەدەنىيەت مۇشۇ شەھەرگىلا ئەمەس، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەۋە ئورتاق بايلىقتۇر. شۇڭا، تارىخنىڭ ئىزچىللىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش، شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت خاتىرىلىرىنى ساقلاپ قېلىش، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئىنسانىيەت ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا شەھەرلەشتۈرۈش مۇساپىسىگە ماس ھالدا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، تارىخىي مەدەنىيەت يالدامىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشىمىز، گۇمانتارنىي تۇسلەر ئارقىلىق شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىشىمىز، گۇمانتارنىي مېھرىبانلىق ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى ئۇيۇشتۇرۇشىمىز، شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى، سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، شۇ ئارقىلىق شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى رىقابەت كۈچى ۋە رادىئاتسىيە كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

(«شىنخۇا تەرمىلىرى» نىڭ 2011 - يىللىق 15 - سانىدىن ئېلىندى)

**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار، مۇنەۋۋەر مۇختەر

**تەرجىمە مۇھەررىرى:** ئابدۇرازاق تۆمۈر

# ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ئېتنولوگىيەلىك ۋە فولكلورلۇق خۇسۇسىيىتى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، خەلق مەشرەپلىرىنى تەشكىل قىلغان چالغۇلار، مۇقام تېكىستلىرى، ئەدەبىي تىل بايلىقى، مەشرەپ سورۇن قائىدىلىرى، جازا ئويۇنلىرى، مەشرەپنىڭ يەرلىك ئېتنولوگىيەلىك خاسلىقى سۆزلىنىش ئارقىلىق، مەشرەپنىڭ خەلقنى تەربىيەلەشتىكى ئىجابىي رولى بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** مەشرەپ؛ چالغۇلار؛ ئېتنىك ئادەتلەر

## 1. ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدا مىللىي چالغۇلارنىڭ رولى

ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقام سورۇنى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن سانسىزلىغان يېتۈك، داڭلىق سازەندە (مۇغەننى، مۇترەپ، مەششاق) ۋە ھاپىز (ناخشىچى، غەزەلخان) لارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ داپ، ناغرا، تاش، قوشۇق، ساپايى، نەي، سۇناي، باليمان، دۇتتار، تەمبۇر، راۋاب قالۇن، چاڭ، ساتار، غېجەك، خۇشتار، غۇڭقا، چۇرا، بەرباب قاتارلىق چالغۇ قورالللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئىسلاھ قىلىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالغان.

ئۇيغۇر خەلقى تارىختا دۇنيا چالغۇ مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان. بۇ، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار، يازما خاتىرىلەر، تاڭ دەۋرى شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى، تاشكېمىر تام رەسىملىرى، روسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئەۋرىشكىلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ①. مەسىلەن، 1996 ـ يىلى چەرچەن ناھىيەسى زاغۇنلۇق 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىكى 14 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ئىككى دانە چەڭ (چوڭ ياغاچ چەڭنىڭ نومۇرى 69QZIM14:20، كىچىك ياغاچ چەڭنىڭ نومۇرى 69QZIM14:27) نى ئالساق، بۇ چەڭلەر (بەزىلەر «غۇڭقا» دەپمۇ ئاتايدۇ) ئاۋاز ساندۇقى، دەستىسى ۋە ئاۋاز تاياقچىسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. بۇ چەڭلەرنىڭ 76 ± 3458 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپلۇقى ئېنىقلاندى②. 1996 ـ يىلى چەرچەن ناھىيەسىدىكى 96QZ11M2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىنمۇ يەنە بىر دانە چەڭ (M2. 105 ـ نومۇرلۇق) قېزىۋېلىندى③.

2003 ـ يىلى 3 ~ 5 ـ ئايلاردا، پىچان ناھىيەسىدىكى يانقىر 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىن خېلى مۇكەممەل ساقلانغان بىر دانە چەڭ (M90:12 ـ نومۇرلۇق) قېزىۋېلىندى ھەمدە بۇ قەدىمكى مۇزىكا ئەسۋابى بولغان چەڭنىڭ ئېنىق يىل دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلاندى④. شۇ يىلى يەنە پىچاندىكى يانقىر 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىن توغراق ۋە يۇلغۇن ياغىچىدا ياسالغان يەنە

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر»، 1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 306 ـ ، 349 ـ بەتلەر.

② ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «پىچاندىكى يانقىر قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مۇزىكا ئەسۋابى چەڭ (غۇڭقا) ھەققىدە»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 2 ـ سان، 7 ـ ، 15 ـ بەتلەر.

③ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

④ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

بىر چەڭ (M263:1 ـ نومۇرلۇق) قېزىۋېلىندى①. دېمەك، بىز دىيارىمىزدىن تېپىلغان 3500 يىل ئىلگىرىكى بۇ چەڭلەر، خوتەندىن تېپىلغان ساپال كۇپ پارچىلىرىغا قاپارتما شەكلىدە ئىشلەنگەن چالغۇلار؛ مارالبېشىدىكى توققۇز ساراي، كۇسەن، قاراشەھەردىكى شورچۇق، تۇرپاندىكى تاشكېمىرلارغا سىزىلغان ھەم يازما مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان چالغۇلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، دىيارىمىزنىڭ بىقىياس چالغۇ مۇزېيى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدا قوللىنىلغان ۋە قوللىنىلىدىغان چالغۇلارنى ئومۇمەن «ئۇرۇپ چېلىنىدىغان يۈزلۈك چالغۇلار»، «پۈۋلەپ چېلىنىدىغان يەللىك چالغۇلار»، «تىرناپ چېلىنىدىغان تارلىق چالغۇلار»، «سوقۇپ چېلىنىدىغان تارلىق چالغۇلار»، «كامالچە بىلەن چېلىنىدىغان تارلىق چالغۇلار» قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

ئۇرۇپ چېلىنىدىغان يۈزلۈك چالغۇلار: داپ (باخشى دېپى، كوچا نەغمە دېپى، چىلدىرمە)، دۇمباق (تومبۇك، دائۇل، قۇۋرۇغ، نەۋبە، تۇغ)، جەللە (مىس دۇمباق، جاڭ)، ناغرا (چوڭ ـ دول ناغرا، كۆس ـ ئارا ناغرا، رېز ـ كىچىك ناغرا)، داڭ (ناقۇس) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

پۈۋلەپ چېلىنىدىغان يەللىك چالغۇلار: چورا (ئىسقىرىت)، بۇرغا، غەجىر (قۇش قانىتى سۆڭىكىدىن ياسالغان ھۇشتەك)، سېبىزغۇدىن ھەر خىل نەيلەرگىچە (چوپان نېيى، غىجىر نەي، قوش نەي، تىزما نەي)، بالامان (بۆلەمەن)، سۇرنەي (سۇناي)، كاناي (كەرنەي، ئۇزۇن بۇرغا كاناي) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

تىرناپ چېلىنىدىغان تارلىق چالغۇلار:

دۇتار (كۋارتا، كۋىنتا، ئوكتاۋاغا سازلىنىدۇ)، چاڭ قوبۇز (ئېغىزدا چېكىپ چېلىنىدىغان قوبۇز)، چىلتار (ئارفا ـ ۋىنا)، قالۇن (قانۇن)، بەرباب قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

سوقۇپ چېلىنىدىغان تارلىق چالغۇلار:

تەمبۇر («چارتار»، «پەنجتار»، «شەشتار» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل تەمبۇر)، راباب (قەشقەر راۋابى، دولان راۋابى، بۇخارا ـ خوراسان راۋابى، ئود)، غوڭقا، چاڭ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان②.

كامالچە (سىمچىق) بىلەن چېلىنىدىغان تارلىق چالغۇلار:

قۇبۇز، غىرجەك (قۇمۇل غىجىكى، قەشقەر غىجىكى)، ساتار، خۇشتار قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە تىلغا ئېلىنغان «ئىكەمە» كامالچىلىق چالغۇلارنىڭ قايسى خىلى ئىكەنلىكى نامەلۇم③. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە قايراق (بىر جۈپ سوقما تاش)، قوشۇق (چىكىلداق)، ساپايى، جىڭراتقۇ قاتارلىق چالغۇلار مەۋجۇت.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چالغۇلاردىن ياڭراق ئاۋازلىق ناغرا، سۇنايلاردا چوڭ سورۇنلاردا مەشرەپ ـ مۇقام ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، غىجەك، داپ ياكى ساتار، قالۇن، راۋاب، داپتا قۇمۇل، دولان خەلق مۇقاملىرى؛ تەمبۇر، داپ، دۇتاردا ئىلى مۇقاملىرى؛ ساتار، تەمبۇر، دۇتار، راۋاب، داپ، چاڭ، قالۇن، غىجەك، نەي، بالىمان، سۇناي، كاناي، ناغرا، دۇمباق قاتارلىق چالغۇلاردا مەشرەپ نەغمىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئون ئىككى مۇقام كىلاسسىك كۈيلىرىنى ئورۇنداش مۇمكىن④.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ گۈزەل ناۋاسىغا يۆلەندى. گەرچە بۇ چالغۇلار زامان تەلىپىگە ئاساسەن بىر ـ بىرلەپ ئىسلاھ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزىنى ئىلگىرىكى چالغۇ ھالىتىدىكى گۈزەل، يېقىملىق، مىللىي تاۋۇشقا يېقىن ئاۋاز تۈسىنى

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «پىچاندىكى يانقىر قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مۇزىكا ئەسۋابى چەڭ (غوڭقا) ھەققىدە»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 2 ـ سان، 7 ـ ، 15 ـ بەتلەر.

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 436 ـ ، 438 ـ بەتلەر.

③ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

④ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى.

مەشرەپ ـ مۇقاملاردىكى چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قىسىملىق مۇزىكا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە سالماقلىق باشلىنىش، جانلىنىپ ئېچىلىش، قىزغىن راۋاجلىنىش، قايناق ئەۋجىگە چىقىش، يېنىك چۈشۈرۈلۈپ، كىشىنىڭ مۇزىكىلىق تۇيغۇ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلگىنى ئۈچۈن زوق ۋە ھاياجان قوزغايدۇ ھەم قايىل قىلىپ ھوزۇر بېغىشلايدۇ. مەشرەپ ـ مۇقاملار تەركىبىدىكى ھەر قايسى مۇزىكا تارماقلىرى بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن تەبىئىي ئۆتۈشىدۇ. ھەر قايسى مۇقاملار ئاھاڭ ئۆزگەرتىش، يۆتكەپ چېلىش، بۇرۇنقى سۈرئىتىگە قايتىش بىلەن بېيىتىلغان؛ ھەر قايسى چالغۇ ئەسۋابلىرى چېكىش، تىترىتىپ چېلىش، سىيرىپ چېلىش، دىرىلدىتىش، قايتۇرۇپ چېكىش، يۇمەپ چېلىش، قول ئورنىنى يۆتكەپ چېلىش قاتارلىق ساز چېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئاھاڭلارنىڭ دولقۇن شەكلىنى كۆپەيتىكەن. بولۇپمۇ قىل، پەي، مىس ۋە گاڭ تارلاردىن ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنىش، غىجەك، ساتار يۈزلۈكىنى قوشن قەۋەت قىلىش، ساتار، تەمبۇر يۈزلۈكىگە قول تايىندىغان يېرىم يۈزلۈك ئورنىتىش، ساتار، خۇشتار چالغۇلىرىغا قوشۇمچە مۇڭ تارلارنى يانداشتۇرۇش قاتارلىقلار چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئاۋاز ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. مۇزىكا يۈزلۈكى (قارنى) نىڭ قوش قەۋەت قىلىنىشى بىلەن قوشۇمچە مۇڭ تارلاردىن پايدىلىنىش فىزىكىلىق ئورتاق تىترەش قانۇنىغا مۇۋاپىق ئالاھىدە مۇزىكىلىق ئىختىرا ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەشرەپ ـ مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ مىللىي پۇرىقىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، ئاھاڭنىڭ مەھلىيا قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ ھەمدە مىللىي كۈي شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ①.

## 2. ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدا سازەندە ۋە ھاپىزلارنىڭ رولى

مەلۇمكى، ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدا چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن شېئىرىي تېكىستلەرگە جان كىرگۈزگۈچى ماھىر سەنئەت ساھىبى سازەندە (مۇغەننى، مۇترەپ، مەششاق) بىلەن ھاپىز (ناخشىچى، غەزەلخان) ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر سازەندە ۋە ھاپىزلاردىن سوجۇپ، ئاقارى ماندا، بەي چىتۇڭ، پى شىڭنۇ، ساۋ گاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئاجايىپ ماھارىتى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان②. ئۇنىڭدىن باشقا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرى سەئىدخان بىلەن ئابدۇرېشىت خاننىڭ سازغا ماھىرلىقى، ئامانىساخان، قىدىرخان، دوستى يەركەندى، مۇھەممەت موللا، تۇردى ئاخۇن ئاكىلارنىڭ ماھىر سازەندە ۋە خۇش ئاۋاز ھاپىزلىقى ھەققىدىمۇ كۆپلىگەن خاتىرە ۋە رىۋايەتلەر بار. ئەلشىر نەۋائىي ۋە باشقا كۆپلىگەن شائىرلىرىمىز شېئىر يازغاندىن باشقا، ساز چېلىشنىمۇ ئۆگەنگەن. ئۇلار تولا ھاللاردا يېڭىدىن يېزىلغان شېئىرلار بىلەن مۇزىكا كۈيلىرىنى بەستىلەپ (تېكىستلەشتۈرۈپ) چېلىپ، نەق مەيداندا رېئال مەنىۋى ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، سەنئەتكارلىق غورۇرىنى نامايان قىلغان. سەنئىتىمىز تارىخى سازەندە شائىر، شېئىر يازىدىغان سازەندىلەر ئارقىلىق، مۇزىكا ۋە شېئىرىيەتنىڭ مۇستەھكەم يىلتىزداشلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ كەلگەن. بۇ بىزدە سازەندە ۋە ھاپىزلىق توغرىسىدىكى بىر قاتار تەلىمات ۋە قائىدىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

بىز كەيكەۋۇسنىڭ «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرىنىڭ 36 ـ بابى بىلەن ئەلشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنىڭ 22 ـ فەسىل قىسمىنىڭ سازەندە ۋە ھاپىزلارغا قارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. كەيكەۋۇس: «ئەي پەرزەنت، ئەگەر ھاپىز بولساڭ خۇش پېئىل، قوۋناق بول، ھەمىشە ئۆزۈڭنى پاكىز تۇت، سەندىن يېقىملىق ھىد چىقىپ تۇرسۇن، شېرىن سۆز بول، قوپال سۆز ۋە قاپىقى سىيلىنغان بولما»، «ھاپىز بولۇپ، شېئىر يېزىشقا قولۇڭ كەلسە، ئۆز شېئىرلىرىڭنى ئېيتىشقا خىرىس قىلما، چۈنكى

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 436 ـ ، 438 ـ بەتلەر.

② ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «بەرباب ئىسلاھاتچىسى، مەشھۇر ئۇيغۇر سەنئەتكارى پېي شىڭنۇ»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1991 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاپىز خەلق شېئىرىيەتنى ئېيتقۇچىدۇر»، «ھەربىر ناخشىنى ئېيقاندا ۋەزىندىن چەتنەشمە»، «شېئىر ۋە غەزەللەرنى كۆيلەپ ياد بىلگىل»، «ھاپىز بولساڭ جىدەلخور بولما»، «مەيىنى كەم ئىچ»① دېسە؛ ئەلشىر نەۋائىي: «كۆكۈل قۇۋۋەتى خۇشناۋادىن، روھ قۇۋۋەتى ئاۋازدىن، خۇشخان مۇغەييندىن دەرد ئەھلىنىڭ ئۆتى تۇزۇر»، «ھەر بىر مۇغەيىنى دەرتمەنرەك نەغمە چەكسە، ئۇنىڭ زەخمىكى زەخملەنگەن يۈرەككە تەسىرلىك تېگەر»② دەيدۇ. ئۇ يەنە «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە بىر قاتار سازەندىلەر، خۇش ئاۋاز ھاپىزلارنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ.

قىدىرخان، ئامانىساخاندىن تۇردى ئاخۇن ئاكىغىچە ھەممىسى خۇش ئاۋاز ناخشىچى ئىدى، ئۇيغۇر خەلق مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى جانلاندۇرۇپ تۇرغان نۇرغۇن خەلق ھاپىزلىرى ھازىرغىچە مەيدانغا كەلمەكتە.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىدە ناخشىچى رولىنى، بولۇپمۇ مۇقام بېشى ۋە ئاساسىي ناخشىلارنى ئورۇندىغۇچى ناخشىچى ـ ھاپىزلارنى خەلق ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ماھىرلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىمۇ ئاسانلىق بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. ئۇلارنى خەلق ئاسرىغاندەك، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ئاسرىشى ۋە ئۆستۈرۈشى لازىم، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىدە مۇزىكا ـ ناخشا ۋە قوشاقلار قەدىمدىن تارتىپ مۇئەييەن ماكان، زامان، مۇھىت ۋە تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمگەك، ھوسۇل، جەڭ مۇزىكا ـ ناخشا قوشاقلىرى بىلەن توي ياكى مەرسىيە، ئايەم ياكى تەنتەنە مۇزىكا ـ ناخشا قوشاقلىرى بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ، خالىغانچە چېلىنىپ ئوقۇلمايدۇ. ھەر خىل مۇراسىم مۇزىكىلىرىمۇ ئۆز مەزمۇن ـ تەلەپ ۋە مۇھىتىغا قاراپ ئورۇندىلىدۇ. بۇ ھال يالغۇز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن، شەكلىنىڭ رىتىم ئالاھىدىلىكىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ئاۋاز تۈسى، نەغمىچىلەر كوللېكتىپىدە تۇتىدىغان (گەۋدىلىنىدىغان) ئورنى ۋە سازلىنىشىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقام نەغمە شەكىللىرى ۋە كۈي (ئاھاڭ) شەكىللىرىنىڭ رەڭگا ـ رەڭ بولۇشى ۋە مىلودىك تاۋۇش قاتارىغا ئۇيۇشۇشىنى، ھەتتا مەشرەپلەردىكى «ھاي ـ ھاي ئۆلەن»دەك توي نەغمە ـ نەزمىلىرىنى، «ئۇششاق»دەك ئىشقىي نەغمە ـ نەزمىلەرنى نىسپىي گەۋدىلەندۈرگەن بولۇشىنى تەمىنلىگەن. بۇلار يىراق قەدىمكى رېئال تۇرمۇش ۋە روھىيەت ھەرىكىتىنىڭ خۇشال ياكى قايغۇلۇق، يەڭگىل ياكى سالماق، ياڭراق ياكى مۇڭلۇق، مۇناجات خاراكتېرلىك ياكى تەنتەنە خاراكتېرلىك كەيپىيات ۋە تۈسىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان.

**3. ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئالاھىدىلىكى**

ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرى قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ فولكلورلىشىشقان، مۇراسىملاشقان ئېتىنىك تۈپىرىقىدىن ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، تۇرمۇش ۋە روھىيەت بىلەن، تەلىم ۋە تەربىيە بىلەن، ھەر قايسى سەنئەت ئامىللىرى بىلەن بىر گەۋدە ھاسىل قىلغان.

ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرى نوقۇل بىرەر مۇزىكا ياكى بىرەر سىمفونىك مۇزىكىلىق ئەسەر ئەمەس، ئۇ كۆپ قىسىملىق، كۆپ مىلودىك ئاھاڭلىق (پولىفونىك)، كۆپ يۈرۈشلۈك مۇزىكىلىق سىستېما، ئۇ نوقۇل چالغۇلۇق مۇزىكا بولماي يەنە ناخشىلىق، ئۇسسۇللۇق، قىزىقارلىق ئويۇن ـ تىياتىرلىق مۇزىكا مۇجەسسەمى. ئۇ كۆپ خىل چالغۇلار بىلەن، كۆپ خىل نەغمە شەكىللىرى بىلەن ئورۇندىلىدۇ. ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئاڭلاش بىلەن ئەسلەشنى، تەپەككۇر قىلىش بىلەن ھوزۇرلىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، كىشىدە كۆپ تەرەپلىمە بەدىئىي، مەنىۋى، ئىجتىمائىي تەسىرلىنىش، ئورتاق تۇيغۇ ھاسىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى ئاڭلىغان، مەشرەپ ياكى مۇقام ئورۇنداش مەيدانىدا چالغۇ ـ ناخشا، ئۇسسۇل، يۇمۇرلۇق، مەسخىرىلىك، كومېدىيەلىك تىياتىرلىق ئويۇن، قائىدە ـ ئەدەب ھەركەتلىرىنى كۆرگەن، ئۇلاردىن دىلكەشلىك ھاسىل قىلغان چاغدا، بىز ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ھېسسىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي، ئېستېتىك ئۆزئومدارلىقىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مۇزىكا «ھېسسىياتنىڭ ھېسسىياتقا سۆزلىشى»، ئۇسسۇل قەلبىنىڭ بەدەن

---

① كەيكەۋۇس: «قابۇسنامە»، تاشكەنت: 1973 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، 97 ـ ، 98 ـ بەتلەر.

② ئەلشىر نەۋائىي: «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» 13 ـ توم، تاشكەنت: 1966 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، 23 ـ بەت.

ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا كۈچلۈك مەنىۋى ئىپادىلەش ۋە مەنىۋى بىلىشتىن ئىبارەت ئۇچۇر ئىقتىدارىغا ئىگە. مانا بۇ دەل مەشرەپ مۇزىكا- ئۇسسۇللىرىنىڭ مۇزىكا- ئۇسسۇلغا خاس سېمانتىك قىممىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق مۇزىكا- ئۇسسۇللۇق سېمانتىك قىممەت مۇزىكىلىق فىزىك ئامىللار، ئۇسسۇللۇق دىنامىك ئامىللاردىن تەشكىل تاپقان مۇزىكىلىق تىل ۋە ئۇسسۇللۇق تىلنىڭ مۇزىكىلىق تەپەككۇر ۋە ئۇسسۇللۇق تەپەككۇر ئاساسىدا، مىللىي روھىيەت مەنتىقىگە ئۇيغۇن قايتا ئۇيۇشۇش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

چالغۇ بىلەن ناخشىغا ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت تىلى، بەدەن مەنتىقى، ئۇسسۇلچىنىڭ كىيىنىشى، تەلپۈنۈشلىرى قوشۇلغاندا، خۇددى قەلب يورۇق دۇنياغا سەكرەپ چىقىپ ئۆز سىرلىرىنى ئاشكارىلىغاندەك مەنىدارلىق تۇغۇلىدۇ. يەنە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەشرەپ- مۇقاملاردىكى مۇزىكىلىق ۋە ئۇسسۇللۇق سېمانتىك ئىقتىدار نوقۇل مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللۇق ھالەتتە تېخى يېتەرلىك روشەنلىككە ئىگە بولمىغان بولىدۇ. مەشرەپ- مۇقاملارنىڭ ناخشا تېكىستلىرى ئارقىلىقلا مۇنداق مۇزىكىلىق ۋە ئۇسسۇللۇق تىل- ئۇچۇر (سېمانتىك) ئىقتىدارى روشەن ئۇتۇقلۇق سېمانتىك ئىقتىدار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ①.

ئۇيغۇر مەشرەپ-مۇقاملىرى مۇزىكىلىق دولقۇن، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت، ناخشىلىق ھېكمەت ئارقىلىق ئىنسان قەلبىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر قانچە ۋاستىسى، تىل- تامغىلىرىنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇ ملودىك قانۇنىيەت، رىتىملىق قانۇنىيەت بىلەن پىسخىك قانۇنىيەتنى، مىللىي روھ- پىسخىك ئالامەتلەرنى بىرلەشتۈرگەن. ئۇ مەنىدار شېئىرىي تېكىستلەرگە كۆي ۋە ئۇسسۇللۇق ئوبراز ۋە قانات بېغىشلاپ، بەدىئىي تەپەككۇر، تارىخىي (ئەسلىملىك) تەپەككۇر ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر شەكىللىرىنى بىرلەشتۈرگەن. بۇ شېئىرىي تېكىستلەر ئۆز مەزمۇنلىرىنى مەشرەپ- مۇقام نەغمىلىرى بىلەن «مۇقەددەس نوتۇق» پەللىسىگە كۆتۈرگەن. ئىنساننى ئىنسانغا قايتۇرۇپ، زاھىرى بەدەن بىلەن يوشۇرۇن قەلبنى بىر- بىرىگە قوشۇپ، ياتلاشقان ئىنسانغا، ئۆز ماھىيەتلىرىنى يوقىتىپ قويغان ئىنسانغا ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ تېپىپ قوشقان. مانا بۇ، بەدىئىي ۋە سېمانتىك ھوزۇرنىڭ ھەقىقىي سىرى، مەھلىيا قىلغۇچ كۈچ- قۇدرىتى.

## 4. ئۇيغۇر مەشرەپ- مۇقاملىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر مەشرەپ- مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، روھىيەت تۇرمۇشى ۋە پۈتكۈل تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ مۇزىكىنى — ئەڭ ئىپتىدائىي مۇراسىم- مەشرەپ نەغمە- كۈيلىرىنى مەركىزىي ئوق قىلغان مۇجەسسەم بەدىئىي خەزىنىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقى تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلار، دىنىي مەزھەپلەر بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر مەشرەپ- مۇقاملىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتى بۇ سەنئەت خەزىنىسىنىڭ رېئاللىق بىلەن، خەلق قەلبى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرى بىلەن، تارىخنىڭ ھەشەمەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ چىنلىقى، بىۋاسىتىلىقى، جانلىقلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىق قىممىتى، تارىخىي قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، نەچچە مىڭلىغان يىللاردىن بۇيانقى خەلقىمىزنىڭ دىنىي روھىيىتى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ھەقىقىي خەلق سەنئىتىنى — مۇراسىم-مەشرەپ نەغمە-ئۇسسۇللىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلىگەن قىياتاش سىزمىلىرىدىلا كۈچلۈك ناخشا- ئۇسسۇللۇق، مۇراسىم- مىلىس (مەشرەپ) خاراكتېرلىك فولكلور ئالامەتلىرىنى ئىپادىلىگەن. شامانىزم ئۆزىنىڭ قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى قەدىمكى تەسۋىرىي ئىزنالىرىدا مەشرەپ خاراكتېرلىك مۇنداق فولكلور ئالامەتلىرىنى قويۇق گەۋدىلەندۈرگەنىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ھازىرقى قالدۇقلىرىدىمۇ شۇنداق ئىپادىلىنىپ تۇرماقتا. ئۇيغۇر مەشرەپ- مۇقاملىرىدا جۈملىدىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنىي مۇزىكا-ئۇسسۇل ۋە رەققاسلىقى ئىزچىل ئىپادىلىندى.

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 533 - ، 535 - بەتلەر.

مەسىلەن، مەشرەپلەردە ئىزچىل ئوينىلىپ كەلگەن كونا ئۇسسۇل «زەنگۇلە» يەنى قوڭغۇراق تاقاپ ئوينىلىدىغان ئۇسسۇللار ئاتەشپەرەسلىك زامانىدىمۇ ئوينالغانىدى. بىز ئاتەشپەرەسلىك ئەقىدىلىرى ئۇزاق ساقلانغان تۇرپان تام رەسىملىرىدىن بۇ جەھەتتىكى يالدامىلارنى تاپالايمىز. كۆسەن تاشكېمىرلىرىدىكى «چىراغ ئۇسسۇلى» بىلەن ھازىرقى قۇمۇلنىڭ «چىراغ ئۇسسۇلى»، تاڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدىكى «ئاقدىل مانى» ۋە مانى راھىپلىرىنىڭ سازەندە ۋە رەققاسلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىلەن تۇرپاندىن تېپىلغان مانى دەستۇرى سەھىپىلىرىگە سىزىلغان سازەندىلەر رەسىملىرى ئاتەشپەرەسلىك، مانى ئېتىقادىنىڭ ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ۋە فولكلورىدا تۇتقان ئورنىنى قىياس قىلدۇرىدۇ.

بۇددىزم ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مەشرەپ- مۇقاملىرىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. قەدىمكى خوتەندە «كىچىك ساما»، «بۇددا (بورھان) كۈيى» قاتارلىق نەغمىلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. سۈي- تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدە چاڭئەن، لوياڭلاردا ئوينالغان مۇزىكا- ئۇسسۇللاردا بۇددا شەكلىدىكى ئۇيغۇر كۈيلىرى، قەھرىمانلىق داستانلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خوتەن، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا- ئۇسسۇللۇق قەدىمكى مەشرەپ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ خېلى كۆپى بۇددا ئېتىقادى تۈسىنى ئالغان①.

ئىسلامىيەت ئۇيغۇر فولكلورىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەشرەپ- مۇقاملىرىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئۇ يىپەك يولىنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكلىرى دەۋرىدىكى ئۆركىشى ئارقىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى، كۈي شەكلى كومپوزىتسىيەسى، ئەرەب- ئەجەم ئارۇز شەكلى، كىيىم- كېچەك فورمىلىرى قاتارلىق جەھەتلەر بىلەن بىللە، يەنە شېئىريي تېكستولوگىيە جەھەتتە ئىسلام پەلسەپىسى، ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن گۇمانىزملىق كىلاسسىك سوپىزم (تەسەۋۋۇپ) ئىدىيەلىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ، ئەينى زاماندا غايەت زور مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىدى.

ئۇيغۇر مەشرەپ- مۇقاملىرى ئىسلام دىنى ئېتىقادى تەسىرى بىلەن بىللە كىرگەن ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت تەسىرىنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي فولكلورى ئاساسىدا قوبۇل قىلدى ياكى ئۆزگەرتىپ ئۆزلەشتۈردى. ئىسلامىيەت ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەينى زامانىدىكى تارىخىي مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھادىسە بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە ۋە فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى مەنتىقىسىگىمۇ ئۇيغۇن بولدى. ئۇ دىنىي شەكىلدىكى دۇنيانى بىلىش، كىشىلىكنى بىلىش ۋە كوللېكتىپ قەلبىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى سۈپىتىدە ئومۇملاشتى. نوقۇل دىنىي ئىستىقامەتكە نىسبەتەن، دىنىي تەسىرگە ئۇچرىغان مەشرەپ مۇزىكا- ئۇسسۇل ۋە ئەلنەغمە سورۇنلىرى يەنىلا خەلقنى ئىپادە قىلىش ۋە خەلقنى كۈيلەشنى مەقسەت قىلدى. دىنىي ئېتىقاد گەرچە مەشرەپ مۇزىكا- ئۇسسۇللىرى (ساما) بىلەن ئۆز قىزغىنلىقىنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسانىنىڭ ئۆز- ئۆزىگە، ئۆز ھالى- تەقدىرىگە، ئۆز كوللېكتىپىغا بولغان قىزغىنلىقى، دىققەت- ئېتىبارى ۋە خەيرخاھلىقىنى كۈچەيتتى. مۇقام- مەشرەپلىرىمىزدە بۇنداق ئىجتىمائىيلاشقان، تۈركۈم (كوللېكتىپ) لەشكەن قىزغىنلىق مىللىي ھېسسىيات قىزغىنلىقىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق مىللىي پسىخىك قۇرۇلمىسىغا، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىغا چوڭ بىر قاتلام تارىخىي چۆكمە ۋە ئېتنولوگىيەلىك تۆھپە قوشتى②.

ئىسلام دىنى ئېتىقادى ئۇيغۇر مەشرەپ- مۇقاملىرىغا پەلسەپەۋى دۇنيا قاراش جەھەتتە ھەممىدىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئېيتىش كېرەككى، دىن بىلەن قوشكېزەك ھېسابلانغان پەلسەپە ئۆز تەسىرىنى ھېچقاچان دىن بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن چېغىدىكىدەك كەڭ، كۈچلۈك، جانلىق ۋە مۇستەھكەم كۆرسىتەلىگەن ئەمەس. ئىسلام دىنى ئېتىقادى ئۇيغۇر مەشرەپ- مۇقاملىرىنىڭ ئەخلاق ۋە ئۆز- ئۆزىنى تىزگىنلەش - ئىنساپ ۋە ئادىللىق تەربىيەسى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بىز مەشرەپ-

---

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «قىزىل مىڭئۆيى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 - يىللىق 3 - سان.

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 537 - ، 538 - بەتلەر.

مۇراسىم پائالىيەتلىرىدىكى جىددىي ـ تەمكىنلىكنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئاممىۋى ئەخلاقىي پائالىيەت ئۆلچەملىرىنىڭ گەۋدىلىنىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈمىز.

ئىسلام سوپىزمى تەسىرىدە ئۇيغۇر خەلقى مەشرەپ، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل (ساما) نى روھنى ساغلاملاشتۇرغۇچى، كۆڭلىنى پاكلاشتۇرغۇچى، قەلبىنى مۇقەددەسلەشتۈرگۈچى، شۇنىڭدەك سالامەتلىكنى قوغدىغۇچى مەنپەئەت ۋاستىسى دەپ چۈشەندى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى گۇمانىزملىق روھقا تېخىمۇ تاۋلاندى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرى خۇددى قەدىمكى مەشرەپ ـ مۇقاملىرىمىزنىڭ راۋاجى بولغىنىدەك، ئۆتمۈشتىكى دىنىي مۇزىكىلارنىڭمۇ داۋامىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتى ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش يىلتىزىنىڭ تېرەن، تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىز تارىم ـ تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى قەدىمىي يۇرتلاردا تېخى يېقىنقى يىللارغىچە ئۇيىنىلىپ كەلگەن «پىر مەشرىپى» دەپ ئاتالغان شامانىزملىق رەسىم ـ يوسۇندىكى مەشرەپلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ شامانچە، شەكلىنىڭ ھازىرقى مەشرەپ ـ مۇقاملارچە بولغانلىقىنى بىلىمىز. مەلۇم مەنىدىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، دىنىي تارىخىي قاتلاملىرى كۆپ ۋە يىراق بولغان مىللەت ھاياتىي ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان مىللەتتۇر؛ ئوخشاشلا ھازىرقى مەدەنىيەت جۇغلانمىسىدا، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت (جۈملىدىن ئىپتىدائىي دىن) ئامىللىرى كۆپ بولغان مىللىي مەدەنىيەت ـ ئۇزۇن تارىخ، ئىنچىل ئەنئەنىگە ئىگە بولغان مىللىي مەدەنىيەتتۇر. مۇنداق مىللىي مەدەنىيەتسىز ئەلنەغمە ۋە مەشرەپ ـ مۇقاملار ھەققىدە سۆز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

### 5. مەشرەپ ــ خەلقنىڭ ئۇنىۋېرسال تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى

مەلۇمكى، خەلق مەشرەپلىرى ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل، سېرىك، سېھىرگەرلىك، دارۋازلىق، ۋائىزلىق، بېيىت، يۇمۇر ـ لەتىپە، ھەزىل ـ چاقچاق، قىزىقچىلىقلار ۋە دىراماتىك تۈسكە ئىگە ھەر خىل ئويۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇ پەقەت ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى بولۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ، دىن، قانۇن، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، تەلىم ـ تەربىيە، تىل ـ ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق نەرسە ئورنىنى تولدۇرالمايدىغان يۈكسەك مەنىۋى قىممەتكە ئىگە.

مەشرەپ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇن «ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىشنى ئاساس قىلىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت پائالىيىتى» دېگەن تار مەزمۇن دائىرىسىدىن پەۋقۇلئاددە كەڭ. مەشرەپ ــ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايىسى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسىنى، پەلسەپەۋى ئىدىيەسىنى، ئېستېتىك قارىشىنى، سەنئەت جەھەتتىكى پەۋقۇلئاددە بەدىئىي ماھارىتىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە روھىي پىسخىكىسىنى ئەڭ روشەن نامايان قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى. ئۇيغۇر مەشرىپى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى ۋە ھەر قايسى ساھەلىرى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەشرەپ ھەر قايسى دەۋرلەردە ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە نامايان بولۇپ ئىستېخىيەلىك ھالدا شەكىللەنگەن قويۇق مەھەللىۋى تۈسكە ئىگە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي توپ. مەشرەپ ئەلمىساقتىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قانۇن مەكتىپى، ئەدەپ ـ ئەخلاق مەكتىپى، تىل ـ ئەدەبىيات مەكتىپى، ئۆرپ ـ ئادەت مەكتىپى ۋە سەنئەت مەكتىپى بولۇش سۈپىتىدە جەمئىيەت ئەزالىرىنى تەربىيەلەيدىغان شەرەپلىك، ئەمما مۈشكۈل ۋەزىپىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

#### 1) مەشرەپ ــ خەلقنىڭ قانۇن مەكتىپى

قانۇن ـ تۈزۈم جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. دېموكراتىيە قانۇن ـ تۈزۈم ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ھەر قايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەردىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئەزالىرى: «پادىشاھ»، «يىگىتبېشى»، «قازى»، «پاششاپ»، «مىرشەپ»، «مىرۋاز»، «كۆلبېگى»، «دارابېگى»، «ھۆدەيچى»، «جاكارچى» دېگەندەك ئوخشىمىغان ناملاردا ئاتىلىدۇ. مەيلى ئۇلار قانداقلا نام بىلەن ئاتالسۇن، ئەل ئىچىدىكى ئەڭ ئادىل، ئەڭ قابىل، ئەل ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر مەرد يىگىتلەر تاللىنىپ سايلىنىدۇ. مەشرەپ «ھاكىمىيىتى»نىڭ ئامما تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان «پادىشاھ»، «يىگىتبېشى»، «قازى» قاتارلىق يۇقىرى قاتلام ھوقۇقدارلىرى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئادىللىق، پاكلىق، ھەققانىيلىقتىن ئىبارەت قائىدە- پرىنسىپلىرىنى ئۆزلىرىگە مىزان قىلغان بولۇپ، مەيلى ئۇ قانۇن ئىپتىدائىي ياكى تولۇقسىز بولسىمۇ، ھەر قانداق ئىشتا قانۇنغا مۇراجىئەت قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنغا تايىنىش مەشرەپنىڭ ئۆزگەرمەس كۆنتەرتىپىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

مەشرەپتە «جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر» قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ، مەشرەپ ئەھلى ئىچىدىكى ئەرز- شىكايەت تۆۋەندىن يۇقىرىغا سۇنۇلىدۇ، تۆۋەندىن سۇنۇلغان دەۋا- دەستۇرلار نەق مەيداندا «سوراق» بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر سۇنۇلغان ئەرز- شىكايەت توغرا بولماي يىرەرگە ئۇۋال قىلىنغان بولسا، ئادىللىق بىلەن سوراق قىلىنىپ، شىكايەت قىلغۇچى باشقىلارغا تۆھمەت قىلىش گۇناھى بىلەن جازالىنىدۇ. جازانىڭ سالمىقى جازالانغۇچى ئۆتكۈزگەن گۇناھنىڭ ئېغىر- يېنىكلىكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. مەشرەپتە «پادىشاھ» ياكى «يىگىتبېشى» بولغاندىن تاشقىرى يەنە قازى (سوتچى) مۇ بولىدۇ. شۇنداقلا مەشرەپتە ئىنكاس قىلىنغان ئەرز- شىكايەت، دەۋا- دەستۇرلار «پادىشاھ» ياكى «يىگىتبېشى» تەرىپىدىن «قازى»نىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا چۈشۈرۈلىدۇ. مەشرەپ سورۇنىنىڭ جەمئىيەت ھاكىمىيىتىگە مۇنداق ئەينەن تەقلىد قىلىنىشى مەشرەپ سورۇنىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئېڭىدا قانۇن كۆز قارىشىنى تىكلەش، خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت فۇنكسىيەلىك رولىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن بەلگىسى. گەرچە مەشرەپ كۆڭۈل ئېچىشنى ئاساس قىلغان (ئويۇن خاراكتېرىنى ئالغان) دەك كۆرۈنسىمۇ، مەشرەپ سورۇنىنىڭ جەمئىيەت ھاكىمىيىتىگە تەقلىد قىلىنىشى، شۇنداقلا مەشرەپ ئەھلىدە ھەر قانداق ئىشتا قانۇنغا مۇراجىئەت قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش، قانۇنغا تايىنىشتىن ئىبارەت ئاڭ فورمىسىنىڭ نامايان بولۇشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قانۇن كۆز قارىشىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر①.

دۆلەت ھاكىمىيەت ئاپپاراتىنىڭ مەشرەپ سورۇنىغا تەتبىق قىلىنىشى شەكىل جەھەتتە ئويۇن خاراكتېرىنى ئالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، مەشرەپ سورۇنىدىكى قانۇن- تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ھەر بىر مەشرەپ ئەھلىگە بىۋاستە تەتبىقلانغانلىقى ئۈچۈن، مەشرەپ ھەر بىر پۇقرانى ئەمەلىي قانۇن بىلىملىرى بىلەن بىۋاستە تەربىيەلەيدۇ. بۇ خىل تەربىيىلەش خاراكتېرى ۋاستىلىق تەشۋىقات ئۇسۇلىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوغۇل چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىلا، ئاتا- ئانىلار سوۋغا- سالاملار بىلەن مەشرەپكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداقلا مەشرەپ كوللېكتىپىدىن ئۆز ئوغلىنى مەشرەپكە قېتىۋېلىشنى ئىلتىجا قىلىش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان. دېمەك، ياشلار ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپلا مەشرەپكە قاتنىشىپ، ئۇنىۋېرسال تەلىم- تەربىيە ئېلىشقا باشلايدۇ. ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپلا قانۇننىڭ نېمىلىكىنى تونۇش، قانۇن بىلىملىرىدىن ساۋاتقا ئىگە بولۇش جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەر قانداق ئادەمدە ئاڭلىق بولۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزىدۇ.

**2) مەشرەپ — خەلقنىڭ ئەدەپ- ئەخلاق مەكتىپى**

ئىجتىمائىي ئەخلاق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى، شۇنداقلا قانۇننى ئۈنۈملۈك ئىجرا

---

① ياسىن مۇخپۇل: «ئۇيغۇر ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى — مەشرەپ»، «جۇڭگو ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009- يىلى 8- ئاي نەشرى، 751- ، 779- بەتلەر.

قىلىشىنىڭ ئاساسى. پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ساپاسى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەر قانداق دەۋردە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، شۇنداقلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئېلگىرى سۈرۈشنىڭ يادرولۇق تۈگۈنى.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى تارىختىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك زوقىنى قاندۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەت يېتىلدۈرۈش سورۇنى بولۇپ كەلگەن، بۇ سورۇن خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېڭىنى كۈچەيتىش، گۈزەل ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ھازىرقى زامان مائارىپ تەربىيەسىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە مۇھىم فۇنكسىيەلىك رول ئويناپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئالىم بولاي دېسەڭ مەكتەپكە بار، ئادەم بولاي دېسەڭ مەشرەپكە بار» دېگەن ماقال كەڭ تارقالغان، شۇنداقلا ئەدەپسىز، ئەخلاقسىز، لاۋزا گەپ قىلىدىغان قىلىقسىز ئادەملەرنى كۆرگەندە «مەشرەپ كۆرمىگەن» دەپ ئەيىبلەش ئادىتى بار. دېمەك، مەشرەپ كوللېكتىپىنىڭ قوينىغا كىرىش، مەشرەپ كوللېكتىپىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى بىلەن تەربىيەلىنىش ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىدە ئادىمىيلىكنىڭ مۇھىم سۈپىتى قاتارىدا قارالغان. بۇنىڭدىن، بىز ئۇيغۇر مەشرەپلىرىگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشى مەلۇم كىشىلەر توپىنىڭ ياكى مەلۇم مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، مەلۇم كىشىلەر توپىغا ياكى مەلۇم مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى شۇ كىشىلەر توپىنىڭ ياكى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئىجتىمائىي ئەخلاق پرىنسىپىنى پەقەت مەشرەپ جەريانىدىلا ئىجرا قىلىپ قالماستىن، بەلكى زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ، مەشرەپ سورۇنىدا ئىجرا قىلىنىدىغان ئەڭ ئىلغار ئەخلاق پرىنسىپىنى ھەر قاچان، ھەر زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە ئۈنۈملۈك تەتبىقلاپ كەلگەن. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ ئىلغار ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە ئەخلاق پرىنسىپى مەشرەپ ئەھلىگە تەتبىق قىلىنىلىپ، مەشرەپ ئەھلى شۇ يۇرتتا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئىشلارغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىنغان. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىكلەر، جېدەل ـ ماجىرالار، مەشرەپ «ھاكىيمىتى»نىڭ خىزمەت ئىشلىشى ۋە ياراشتۇرۇشى بىلەن مۇۋاپىق ھەل قىلىنىپ، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلىنىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشى، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئاجىزلارنى قوغداش ۋە ئۇلارنى يۆلەش، زوراۋانلارنى چەكلەش، ئەدەپسىزلەرنى ئەدەپلەش، بىرگە ئىبرەت قىلىپ كۆپنى تەربىيەلەش مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئۇدۇمىغا ئايلانغان ئەقەللىي ئەخلاق ئۆلچىمى بولۇپ، قەلب گۈزەللىكىگە تويۇنغان بۇ خىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قارىشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى قويۇق مەھەللىۋى تۈسكە ئىگە بولۇپ، پۈتكۈل مەھەللە ھەر قانداق بىر ئىشتا «مەشرەپ»تىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىپ كەلگەن. مەھەللىدە بىرەرى قىيىنچىلىققا، ئاپەتكە، بىرەر كېلىشمەسلىككە ياكى تويۇقسىز ھادىسىگە يولۇقسا، مەشرەپ ئەھلى دەرھال ياردەمگە سەپەرۋەر قىلىنىپ، پۇلى بارلىرى پۇل، مېلى بارلىرى مال، كۈچى بارلىرى كۈچ چىقىرىپ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىغا قىزغىن ياردەم بېرىپ كەلگەن. مەھەللىنىڭ پۈتكۈل ئىشى مەشرەپ ئەھلىگە قاراشلىق بولغاچقا، مەھەللە ئەتراپىدىكى بۇزۇلغان يول، چۈۋۈلغان كۆۋرۈك، ئۆرۈلگەن تام، تىنىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممىسى مەشرەپ ئەھلىنىڭ سەپەرۋەر قىلىنىشى بىلەن راۋانلاشتۇرۇلۇپ كەلگەن. ئىگە ـ چاقىسىز بوۋاي ـ مومايلارنى، كېسەل ـ مېيىپلارنى، ئاجىز ـ مىسكىنلەرنى، غېرىب ـ غۇرۋالارنى، يېتىم ـ يېسىرلارنى يوقلاش، ئۇلارنى يۆلەش، ئۇلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ تۇرۇشمۇ مەشرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھلىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلانغاچقا، بۇ خىل ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ۋە ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى كىشىلەر قەلبىگە ئىللىقلىق ھوزۇرى يەتكۈزۈپ كەلگەن. مەسىلەن، ئاتۇشتا «باراۋەت مەشرىپى» دەيدىغان بىر خىل مەشرەپ شەكلى بار. 2003 ـ يىلى ئاتۇشتا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق «باراۋەت مەشرىپى»دە بىر قوينىڭ كاللىسى «كىمئارتۇق» قىلىنىپ ئاتمىش مىڭ يۈەنگە توختىغان، بىر قېتىملىق مەشرەپ ئۈچۈن ئېيتقاندا 60 مىڭ يۈەن ئاز پۇل ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا بىر ئاز تېڭىرقاپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ قوينىڭ كاللىسىنى كىم ساتتى؟ بىر قوينىڭ كاللىسىنى 60 مىڭ يۈەنگە ئالغان «ئەخمەق» كىم؟ قوينىڭ كاللىسىنى ساتقان ئادەم بۇ پۇلنى قەيەرگە ئىشلىتىدۇ؟ مېنىڭچە، ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇيغۇر مەشرىپىدە ھەر خىل ئويۇنلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارمىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. بۇ بىر ئويۇن، ئەمما مەردلىك، سېخىيلىق، مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ھەممە ئىشتا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش، بىر ئىش قىلىشتا يىراقنى كۆزلەش، ئەل بەختى ئۈچۈن شەخسىيەتتىن ۋاز كېچىش مەشرەپ ئەھلى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىدىغان مۇھىم ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، قوي كاللىسىنى 60 مىڭ يۈەنگە ئالغان بۇ مەرىپەتپەرۋەر مەرد يىگىت بۇ پۇلنى شۇ يىلى ئاتۇشتىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن ئىئانە قىلغان. يۈكسەك ئىجتىمائىي ئەخلاق ساپاسىنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇنداق مىساللار ئاتۇش «باراۋەت مەشرىپى»دە سان ـ ساناقسىز. بۇ خىل ھادىسە ئاتۇش «باراۋەت مەشرىپى»نىڭ تىپىك مەھەللىۋى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىللە، باشقا ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىمۇ دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭ نامايەندىسىدۇر①.

### 3) مەشرەپ ــ خەلقنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مەكتىپى

تىل ــ ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى. تىل تەرەققىياتى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ نازۇك ھالقىلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى بولغان ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ پەننى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئەنئەنىۋى ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاغزاكى ئەدەبىيات ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن ئەنئەنىۋى بۆشۈك.

بېيىت ئېيتىشىش ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەردە، بولۇپمۇ لوپنۇر ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەردە بېيىت ئېيتىشىش ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەشرەپلەردە ئېيتىلىدىغان بۇ بېيىتلار نەق مەيداندا توقۇشتىن ئىبارەت خاس ئالاھىدىلىكنى ئۆزىدە نامايان قىلغان بولۇپ، گاھىدا قىزغىن مۇسابىقە خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ، قوشاقچىلار توقۇغان قوشاقلاردىكى چوڭقۇر مەزمۇنغا تويۇنغان جانلىق خەلق تىلىنىڭ پەۋقۇلئاددە جەلپكارلىقى مەشرەپ ئەھلىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئورۇندىلىدىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى، خەلق ناخشىلىرى، خەلق داستانلىرى، ئۇيغۇر سەنەملىرى ۋە قوشاقلارغا سەپلەنگەن ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى بولغان ئاجايىپ پاساھەتلىك شېئىرىي مىسرالار ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەۋقۇلئاددە سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، پەيدىنپەي مەشرەپ ئەھلىنىڭ قەلب تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. بۇ خىل تەبىئىي ئۆزلىنىش ۋە ئىستېخىيەلىك تەربىيەنىڭ ئورنىنى ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن تولدۇرغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ئۇزاق تارىختىن بۇيان سانسىزلىغان يېتۈك شائىرلارنى،

---

① ياسىن مۇخپۇل: «ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى ــ مەشرەپ»، «جۇڭگو ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 751 ـ ، 779 ـ بەتلەر.

ئاتاقلىق يازغۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزدىن مەرھۇم نىمشېھىت، تېيىپچان ئېلىيېۋ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ لاتاپەتلىك شېئىرىي تىلىنى ئەنە شۇ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە تاۋلاپ چىققان. ئاتاقلىق ئالىم، بۈيۈك يازغۇچى مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، خەلقىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئاتاقلىق يازغۇچى مەرھۇم زوردۇن سابىر قاتارلىق سانسىز يازغۇچى، شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئاۋامغا يېقىشلىق گۈزەل ئەدەبىي تىلىنى ئەنە شۇ مەشرەپ سورۇنلىرىدا، ئەل ئارىسىدا يېتىلدۈرگەن. سانسىز مەشرەپ سورۇنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىسكەندەر ھەققۇلى، ئىمىر ھېزىم، مەھەممەت ناپىز قاتارلىقلارمۇ ئەنە شۇ «مەشرەپ»تىن ئىبارەت خەلقنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مەكتىپىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، خەلقىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان مەشھۇر قوشاقچىلارغا ئايلانغان. ئۇلار ھەر قانداق سورۇندىكى ھازىرجاۋابلىقتىن ئىبارەت قالتىس ماھارىتى بىلەن ئەل ئىچىدە ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان. ئەل ئىچىدە داڭقى چىققان مەشھۇر قىزىقچى، لەتىپىچى، يۇمۇرچى، چاقچاقچى ـــ موللازەيدىن، قاسىم «سوغۇق»، ھېسامىدىن قۇربان قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ قالتىس يېتۈك ماھارەتلىرىنى ئەنە شۇ «مەشرەپ» سورۇنلىرىدا يېتىلدۈرگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نەق مەيداندىلا قوشاق توقۇيالايدىغان يېتۈك قوشاقچىلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، جانلىق خەلق تىلى بىلەن توقۇغان قوشاقلىرى كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى بايلىقلىرى سۈپىتىدە توپلىنىپ، نەشر قىلىنغان سان ـ ساناقسىز قوشاقلار، داستانلار، ئۇيغۇر مۇقاملىرى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىغا، ئۇيغۇر سەنەملىرىگە، ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىگە شەپلەنگەن چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، يۈكسەك بەدىئىي سەۋىيەگە ئىگە پاساھەتلىك شېئىرىي تېكىستلەر ئەنە شۇ مەشرەپ سورۇنلىرىدا تەربىيەلىنىپ چىققان تالانتلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەنئەنىۋى ئاغزاكى مىراسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك قامۇسى ھېسابلىنىدۇ.

**4) مەشرەپ ـــ خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى**

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ مۇھىم رولى سەنئەت جەھەتتىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان سەنئەت چۈشەنچىسى پەقەت ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى، ئارتىسلىق سەنئىتى، دارۋازلىق، سېرىك، سېھىرگەرلىك ۋە ئورۇنداش سەنئىتىدىن ئىبارەت بىر قەدەر تار دائىرىدىكى سەنئەت تۈرىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە يۇقىرىقى سەنئەت تۈرلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى بارلىق مەشرەپ تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىگە يۇقىرىقى سەنئەت تۈرلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە سىڭدۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان سەنئەت تۈرى بولغاچقا، ھەر قايسى دەۋرلەردە ئاجايىپ تالانتلىق كاتتا مۇقامچىلار، ناخشىچىلار، سازەندىلەر يېتىشىپ چىققان①.

سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر ياشلىرى مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ ئىستىخىيەلىك سەنئەت مەكتىپىگە كىرىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئەل ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان ئەڭ مەشھۇر سەنئەتكارلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن. ئۇيغۇر مەشرىپىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئىستىخىيەلىك تەربىيەلەش رولى ھەر قانداق مۇنتىزىم سەنئەت مائارىپىنىڭ تەربىيەلەش رولىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى بولۇپ، كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مەشرىپى ئۆز قوينىدا ئەل ئىچىگە تونۇلغان سانسىزلىغان ئاجايىپ كاتتا سەنئەتكارلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن.

ئەينى دەۋردىكى كاتتا مۇقامچىلاردىن ئاكا ـ ئۇكا ھېلىم، سېلىملار، كېيىنكى ئۆمرىنى ئىلىدا ئۆتكۈزگەن ئاتاقلىق مۇقامچى ئاخۇنۇم كارۇشاڭ (مۇھەممەت موللا)، ئاتاقلىق مۇقامچى ئۆمەر ئاخۇن، خوتەنلىك ئاتاقلىق مۇقامچى سۇلايمانئاخۇن «قالۇن»، قەشقەرلىك ئاتاقلىق مۇقامچى قاسىم «ئەلنەغمە»، روزى ھوشۇر، ئىلى رايونىدا شۆھرەت قازانغان ئاتاقلىق داستانچى روزى «تەمبۇر»،

① ياسىن مۇخپۇل: «ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى ـــ مەشرەپ»، «جۇڭگو ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 751 ـ ، 779 ـ بەتلەر.

مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا، مۇقامشۇناس ئۆمەر ئاخۇن، ئابلىزخان مامۇت، تۇرپانلىق مەشھۇر مۇقامچى تۇردى «ئامۇر»، لۈكچۈنلۈك مۇقام ئۇستازى نۇر سوۋاڭ، ئىسمايىل مەزىن، قاسىم «چىۋىش»، ھازىم «جىسا»، توقسۇنلۇق مەشھۇر مۇقامچى ئابلىتىپ كېۋىر، قۇربان جاگۇت، قۇمۇل مۇقامىنىڭ پېشۋالىرىدىن ئاقپاشا، ئاخۇنبەگ قاتارلىقلار؛ تالانتلىق ناخشىچىلاردىن ئابدۇۋەلى جارۇللايىف، غىياسىدىن بارات، قۇربان ئۆمەر قاتارلىقلار؛ ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازانغان ئاتاقلىق سازەندىلەردىن؛ سەيدۇللا توختى؛ تۇرپانلىق مەشھۇر سۇنايچى شېرىپ ئۇستا، مەشھۇر دۇتارچى مۇساجان روزى، تەمبۇر ئۇستازى ھۇسەنجان جامى؛ ئاتاقلىق راۋابچى داۋۇت ئاۋۇت قاتارلىقلار؛ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىلاردىن مەرھۇم قەمبەرخانىم، مەرھۇم ھاجى راخمان، مەرھۇم ئىبراھىمجان قاتارلىقلار، شۇنداقلا ئەل قەلبىدىن ئورۇن ئالغان مەشھۇر پېشقەدەم سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت ئاساسىنى ئەنە شۇ «مەشرەپ»تىن ئىبارەت ئىستېخىيەلىك ئاممىۋى سەنئەت مەكتىپىدە يېتىلدۈرگەن.

## 5) مەشرەپ ــ خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت مەكتىپى

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۇيغۇر فولكلورىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادىتىگە مەنسۇپ بولغان نۇرغۇن ئامىللار بار، مەسىلەن، مەشرەپنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇش شەكلى، مەشرەپكە چىللاش ئۇسۇلى، مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئۆز ئارا سالاملىشىش ئادىتى (ئەرلەرنىڭ ئۆزئارا سالاملىشىشى، ئاياللارنىڭ ئۆزئارا سالاملىشىشى، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ سالاملىشىشى، سالاملىشىشتىكى سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە بىر مۇنچە پەرقلەر بار)، خوشلىشىش ئادىتى، مەشرەپتە ئولتۇرۇش قائىدىسى (ھەر بىر مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئۆز مەرتىۋىسى ۋە سالاھىيەتىگە لايىق ئورۇندا ئولتۇرۇشى، قانداق يوسۇندا ئولتۇرۇشى قاتارلىقلار)، ياشلارنىڭ چوڭلار ئالدىدىن قانداق ئۇسۇلدا ئۆتۈشى، ئوخشىمىغان رايونلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان توي مەشرەپلىرىدىكى توي ـ تۆكۈن قائىدە ـ يوسۇنى، مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە چاي سۇنۇش قائىدە ـ يوسۇنى، مەشرەپتىكى داستىخان قائىدە ـ يوسۇنى، قولغا سۇ بېرىشتىن تارتىپ داستىخانغا تەكلىپ قىلىشقۇچە بولغان تەپسىلىي جەريانلار، مەشرەپتە دېيىلىدىغان خاس سۆز ـ ئىبارىلەر قاتارلىق ئەدەپ ـ ئەخلاقتا، ئۆرپ ـ ئادەتكە ياتىدىغان نۇرغۇن قائىدە ـ يوسۇنلار بار. مانا بۇ قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشى، پەلسەپە ئىدىيەسى، پسىخىك خاراكتېرى قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالۇر، قىزىڭ چوڭ بولسا چوكانلىقىڭنى» دەيدىغان ماقال بار. بىز بۇ ماقالىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇدۇم قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تۇرمۇش قارىشىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋالالايمىز①.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىكتە تەتقىق قىلىنمىغان. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئەمەل قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان «مەشرەپ»تىن ئىبارەت بۇ خەلق مەكتىپىدە ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت ئۆگەنگەچكە، مەشرەپكە قاتنىشىش ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم مىزان بولۇپ قالغان. مەشرەپ ئەھلى بولۇش ئادىمىيلىكنىڭ نىشانىغا ئايلانغان.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بەنگۈڭتىڭى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن

① ياسىن مۇخپۇل: «ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى ــ مەشرەپ»، «جۇڭگو ئۇيغۇر مەشرەپلىرى»ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 751 ـ ، 779 ـ بەتلەر.

# ئۇيغۇرلاردىكى كۆپ تىللىق مەدەنىيەت ھادىسىسى توغرىسىدا

ئەزىز ھەسەن

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان ئورنىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تارىختا كۆپ خىل مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئەينى دەۋردىكى يازما ئەسەرلەردە كۆپ خىل يېزىقلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى، شۇنداقلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىن بېرى ئۆز تىلىنى پىششىق ئىگىلەش بىلەن بىللە، باشقا مىللەتلەر تىلىدىنمۇ پايدىلىنىپ مەدەنىيەت جەھەتتە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكى، «قوش تىل»لىق ياكى «كۆپ تىل»لىق بولۇش ھادىسىسىنىڭ بىرگە يېڭى ئۇقۇم ئەمەسلىكى قىسقىچە شەرھلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر تىلى؛ يازما يادىكارلىق؛ مەدەنىيەت؛ تەسىر

ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ يالدۇر يېزىق ئىشلەتكەن ۋە مول مەدەنىيەت ياراتقان مىللەتتۇر. تارىختا ئۇيغۇرلار ياراتقان يازما مەدەنىيەت مىراسلىرى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىلا خاتىرىلىنىپ قالماي، يەنە ئۆزىگە خوشنا بولغان نۇرغۇن ئەللەرنىڭ يېزىقىدىمۇ خاتىرىلەنگەن. بۇ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرىدىن سانسكرىت تىلى، تۇخار تىلى، خەنزۇ تىلى، پارس تىلى، ئەرەب تىلى ۋە باشقا تىللاردا خاتىرىلەنگەن. بۇ، بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىدىن ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئىگىلەش جەھەتتىكى تالانتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ باشقا مىللەتلەرگە تارقاتقان. بۇنىڭدىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بەزى قەدىمكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «قوبۇل قىلىش ۋە تەسىر قىلىش» پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىتتا ياشىغان مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مېخانىك ھالدا قوشۇلۇشى ياكى تەسىرلىشىشى بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش ياكى باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن مەدەنىيەتتۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن يېڭىلىق قوبۇل قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدىلىكلەر ئەسلىدە خېلى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ دەۋرلەردە ئىلىم ـ پەن ساھەسىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم تارماقلىرىدىن كۆپلىگەن ئالىملار، ئەدىبلەر، شائىرلار، سەنئەتكارلار، ئەدەبىي تەرجىمانلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، دۆلەت ئەربابلىرى، مەشھۇر تېۋىپلەر يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىشقا ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە قەدىمكى تىللاردىن سانسكرىت تىلى، تۇخار تىلى، پارس تىلى، خەنزۇ تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىق تىللاردىمۇ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بىز بۇنىڭدىن ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئۆز تىلىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن توختاپ قالماي، يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي

www.uyghurkitap.com



قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ھازىرغىچە تېپىلغان ۋە داۋاملىق تېپىلىۋاتقان قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى، ھەر خىل يېزىقتىكى بۇددا، مانى، نېستورى، شامان دىنىغا ئائىت 100 پارچىغا يېقىن ئەسەر، دۇنخۇاڭدىن ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، تېبابەتچىلىك ۋە مۇزىكىغا ئائىت ۋەسىقىلەر، خەنزۇچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر ئالىم ـ ئەدىبلىرىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، تىلغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ۋە باشقا خىل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك يازما ئەسەرلەر، بىزگە ئۇيغۇرلار ئۆز زامانىسىدا كەڭ رايونلاردا ئۆز مەدەنىيىتىنى تارقىتىش بىلەن بىللە باشقا مەدەنىيەتلەرنىمۇ قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن پايدىلىنىپ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، مول مەزمۇنلۇق يازما يادىكارلىقلارنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يازما يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەخلاق مىزانى، پەلسەپەۋى، دىنىي قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ يازما يادىكارلىقلارنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بىباھا ئەڭگۈشتىرىلا ئەمەس، يەنە پۈتكۈل جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان بىباھا بايلىق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ تىللىششش ھادىسىسى تۆۋەندىكى بىر قانچە دەۋرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

## بىرىنچى، ئورخۇن ـ يېنسەي دەۋرىدىكى كۆپ تىللىشىش ئەھۋاللىرى

ئورخۇن ـ يېنسەي دەۋرىگە ئائىت مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدىن «چورىن مەڭگۈ تېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «بايانچۇر (مويۇنچۇر) مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»، «سۇجى مەڭگۈ تېشى»، «ئەل ئېتمىش بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» بىلەن «ئىرق بىتىگ» قاتارلىقلار بىر قەدەر داڭلىقتۇر. بۇ مەڭگۈ تاشلار ۋە يازما ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقلىرى بىللە ئىشلىتىلگەن. تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنىڭ بىللە يېزىلغانلىقى شۇ دەۋرلەردە ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ خېلى چوڭقۇر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرسە، بۇ مەڭگۈ تاشلاردىكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا كۆرۈلگەن: lu, sængun, tudun, tutuq قاتارلىق سۆزلۈكلەر بۇ خىل مەدەنىيەت ئالمىشىشىنىڭ ھەتتا قارشى تەرەپ تىلىنىڭ لېكسىكىسىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ خىل تەسىر شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تىلغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ بىر قەدەر چوڭقۇرلۇقىنى، يەنى ئۆز تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنى ياساشتا باشقا تىللاردىن تولۇق پايدىلانغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى ئىشلىتىۋاتقان دەۋرلىرىدىلا خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەن خەنزۇچە ئۆزلەشتۈرمە سۆزلەر بولسا تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنىڭ خېلى چوڭقۇر دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋردە ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە شىمالىي يايلاق رايونلىرىدا ياشىغۇچى مىللەتلەر بىلەن ئىچكىرى رايونلارنىڭ ھەر خىل ئالاقىلىرى ئىنتايىن جانلانغان. ئۇزۇن مەزگىللىك ئالاقىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بىر قىسىم خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان خەنزۇلار بارلىققا كەلگەن ھەم ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تىل ئالاقىسى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن. بۇ خىل ئالاقە ئەگەر مەدەنىيەت تەسىرى دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسا، پادىشاھلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى خاتىرىلىنىدىغان قەبرە تاشلىرىدا ئىككىنچى بىر خىل تىلنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا، بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر ـ خەنزۇ تىللىرىنىڭ

مۇناسىۋىتىنى ئادەتتىكى تۇرمۇش تەسىرىدىن ھالقىپ مەدەنىيەت تەسىرى دەرىجىسىگە يەتكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## ئىككىنچى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كۆپ تىللىشىش ئەھۋاللىرى

ئۇيغۇرلار مىلادىيە 840 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تەدرىجىي ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىدىن غەربىگە يۆتكەپ، تۇرپاننى مەركەز قىلغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. بۇ مەزگىلدە ئۇلار ئۆزلىرى ئىلگىرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىن سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىشكە ئۆتىدۇ. سوغدى تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىل تارمىقىغا تەۋە بولۇپ، تىجارەتكە ماھىر سوغدىلار بۇ تىلنى يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىن غەربىي يۇرتقا ئېلىپ كىرىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ رايوندا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار رايون ئاتلىغان سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا سوغدىلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان بولۇپ، تەدرىجىي بۇ تىل بىلەن ئۇچراشقان (بۇ دەۋرلەردە تىللارنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىشى كۆپرەك ئىقتىسادىي بېرىش ـ كېلىشنى ئاساس قىلغان). ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تەدرىجىي مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى «قوش تىل»لىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىنچە بۇ خىل تەسىرلىشىش تەدرىجىي كۈچىيىپ ئاخىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ پەيدا بولۇشىغا يول سالغان.

ئۇيغۇرلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش بىلەن بىللە يەنە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىمۇ قۇرۇپ، يىپەك يولىنىڭ ئاساسىي غول لىنىيەلىرىنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئالغان. زېمىن دائىرىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، سۇلۇق، يۇمىن دەۋرلىرىگە كەلگەندە، شەرقتە خېشى كارىدورىدىن تارتىپ غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە يېتىپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكى خىلمۇخىل تىل ۋە مەدەنىيەت بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇچرىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، دىنىي مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا بىر قەدەر كۈچلۈك تەسىر قىلغانلىرىدىن ئىراننىڭ مانى دىنى مەدەنىيىتى، ھىندىلارنىڭ بۇددا دىنى مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بار. بۇ دىنىي تەسىرلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەدەنىيەت تەسىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، بۇ دىنلارنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋردىكى يازما يادىكارلىقلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىللە مانى يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، توخرى يېزىقى، تۈبۆت يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ دەۋردە ھەر خىل مەدەنىيەت تەسىرلىرى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ تىل مەدەنىيىتىنى موللاشتۇرغان. ھەتتا بەزى يېزىقلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاس يېزىقى قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، مانى يېزىقى مىلادىيە 762 ـ يىلى مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىققا ئايلانغان، ئوتتۇرا شەرقتىن تارقىلىپ كەلگەن سۈرىيە يېزىقى بولسا خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر تارمىقى بولغان نېستورى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغاندىن كېيىن بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەن، ھىندىستان رايونىدا پەيدا بولغان توخرى يېزىقى بولسا بۇددا دىنى كۈچا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقالغاندىن كېيىن ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، زاڭزۇلارنىڭ لاما دىنى بىر مەزگىل خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئەۋج ئېلىپ تۈبۆت راھىبلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى كۈچەيگەن. بۇنىڭ بىلەن تۈبۆت تىلىنى ئىشلىتىدىغانلارمۇ بىر مەزگىل خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن. يۇقىرىقىدەك ھەر خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان تىللار ھەر خىل يوللار بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىغا سىڭىپ كىرىپ، بۇ رايوننىڭ قوش تىللىشىش ياكى كۆپ تىللىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. گەرچە كېيىن ئۇيغۇرلار شۇ تىللارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تىلىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ جەرياندا يەنە بىر تۈركۈم قوش تىللىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇ دەۋردىكى كۆپ تىللىق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا ئابدۇقېيۇم خوجا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دەۋردە ئىلىم ـ پەن ساھەسىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم تارماقلىرىدىن كۆپلىگەن ئالىملار، ئەدىب ـ

سەنئەتكارلار، ئەدەبىي تەرجىمانلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، دۆلەت ئەربابلىرى، مەشھۇر تېۋىپلەر يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئۆز ئانا تىلىغا پۇختا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى تىللاردىن سوغدى تىلى، سانسكرىت تىلى، تۇخار تىلى، خەنزۇ تىلى قاتارلىقلارنى پۇختا ئىگىلىگەنىدى»①. بۇ دەۋردە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر شائىر، يازغۇچىلار بۇ تىللاردىن پايدىلىنىپ بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىش بىلەن بىللە، يەنە بىر قىسىم قوش تىللىق تەرجىمانلار بىر تۈركۈم داڭلىق ئەسەرلەرنى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ دەۋردىكى داڭلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئاپرىنچۇر تېكىن (ئۇنىڭ مانى دىنى مۇھىتىدا يازغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىدىن «مەرسىيە»، «نەزم» قاتارلىق شېئىرلىرى تېپىلغان)، چىسۇيا تۇتۇڭ (شائىرنىڭ بۇددا دىنى مۇھىتىدا ئىجاد قىلغان، 16 تۆتلۈكتىن ئىبارەت 60 مىسرا شېئىرى بېرلىندا چىقىدىغان «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن مەجمۇئەدە تونۇشتۇرۇلغان)، پراتيا ياشىرى (شائىرنىڭ ھازىرچە بىرگە جەمئىي 293 مىسرادىن تەركىب تاپقان ھەر خىل مەزمۇندىكى توققۇز شېئىرى ۋە «ھىكمەت پەزىلەتلىرى» ناملىق ئۇزۇن شېئىرى مەلۇم)، كى كى (بۇ شائىرنىڭ بۇددا دىنى شارائىتىدا يازغان 240 مىسرالىق يەتتە شېئىرى ۋە تەڭرىگە بېغىشلانغان 20 مىسرالىق ئىككى شېئىرى تېپىلغان)، قالىم كەيشى (شائىرنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئائىت «قۇت بولماق» دېگەن 116 مىسرا شېئىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن). ئۇنىڭدىن باشقا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بولغان ئەسەرلەردىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىلشۇناسى ۋە ئەدىب سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بۇددا دىنىنىڭ ماھىيانا مەزھىپىگە تەۋە چوڭ ھەجىملىك نوم «ئالتۇن يارۇق»؛ توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنىغا ئائىت مەشھۇر ئەسەر «چاستانى ئىلىگ بەگ»؛ مىلادىيە 1250~850 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قەدىمىي ئۇيغۇرلاردىن چىققان بۇددىست، ئەدىب ۋە ئاتاقلىق تەرجىمىشۇناس پىرتانراكشىتى توخرى تىلى نۇسخىسىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بۇددا دىنى ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئىدىيەسى بىلەن يۇغۇرۇلغان «مايترى سىمىت» ناملىق سەھنە ئەسىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئابىدارما كوشاۋاردى شاستىر»، «سەككىز يۈكمەك»، «ئامىتابا سۇترا»، «كىمقوقى»، «ئامىتا يۇس سۇترا»، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋانامىسى»، «نېستورىيان دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار پارچىسى»، «ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادقا ئائىت ھۆججەتلەر» قاتارلىق داڭلىق تارىخىي ئەسەرلەر ۋە شۇ دەۋرگە مەنسۇپ نۇرغۇن قەدىمىي ۋەسىقىلەردىن بۇ دەۋردە كۆپ خىل تىللارنىڭ غەربىي يۇرتتا تەڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار ئىسلاملىششىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىنكى كۆپ تىللىشىش ئەھۋاللىرى**

10 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ تەسىر كۈچىيىپ ئاخىرى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشى بىلەن غەربىي يۇرتتا ئومومىيۈزلۈك ئىسلاملىشىش دولقۇنىنى قوزغاپ، ئىسلام دىنى بىر نەچچە ئەسىر ئىچىدىلا غەربىي يۇرتتىكى باشقا دىنلارنى سىقىپ چىقىرىپ بۇ يۇرتتىكى ئاساسىي دىنغا ئايلاندى. ئىسلام دىنى بىلەن تەڭ يېتىپ كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ غەربىي يۇرتنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق مەدەنىيەتلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن يېپىپ تاشلىدى. كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدىكى ئۆزگىرىش مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىشنى تېزلەشتۈرۈۋەتتى. گەرچە دەسلەپكى ئىسلاملىشىش دەۋرلىرىدە بىر قىسىم رايونلاردا يەنىلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى سۇسلىشىپ باردى. قاراخانىيلار خانلىقى بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان خانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنداق قىلىپ تارىختىن بېرى ئۇيغۇرلار قوللىنىپ

① ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

كېلىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭىچە يېزىققا ئۆزگەردى. بۇ خىل يېزىق قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسلىق يېزىقى بولغانلىقى ئۈچۈن «خاقانىيە يېزىقى» دەپ ئاتىلىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىدە خانلىقنىڭ ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە كەڭ ئىشلىتىلدى.

بۇ دەۋردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلى ئالدى بىلەن بۇ دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا پارس مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم ئىجابىي تەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئىچىدە ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلىرى مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان نۇرغۇنلىغان ئالىم پەيلاسوپ، تىلشۇناس، تارىخچى، ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقىپ، ئۇلار نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەننىڭ ھەر قايسى ساھەسىگە ئائىت ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭى ئېقىم ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ئەبۇ نەسىر فارابى، جامال قارشى، ئابدۇجاپپار بىن ھۈسەيىن ئالمايى، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋائىي، ئەھمەد يەسەۋى، ئەھمەت يۈكنەكى، يۈسۈپ سەككاكى، نەسىردىن بۇرھانىدىن رابغۇزى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى ، خىرقىتى، مەۋلانى لۇتفى، موللا سىدىق يەركەندى، موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى، رەشىدىلەر دۇنياغا مەشھۇردۇر. بۇ ئالىملارنىڭ ھەممىسى «قوش تىل» ماھىرلىرى بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىدىمۇ ناھايىتى پاساھەتلىك ئىپادىلىگەن. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي ئەينى ۋاقىتتىكى تىل شارائىتى توغرىسىدا توختىلىپ: «ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلى خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئاتتەك كېتىپ باراتتى»① دەپ يازغان. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن داڭلىق ئەسەرلەردىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىن باشقا «قۇتادغۇ بىلىك» ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ، «مەشھۇنۇلھەقايىق» ، «چاھار دىۋان» ، «خەمسە» ، «مۇھەببەتنامە مېھنەتكام» ، «دىۋان زەلىلى» ، «سىدىقنامە» ، «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» ، «شاھنامەئى تۈركىي» ، «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىدىنلا بۇ دەۋر ئەدىبلىرىنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە پىششىق بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ بىۋاستە ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغانلىقى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بار. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ئەرەبچە يېزىپ ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27 ـ خەلىپىسى مۇھەممەد ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرىگە تەقدىم قىلغان.

**تۆتىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوش تىللىشىش ئەھۋاللىرى**

موڭغۇللار ئېلىمىز تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن، شىمالدىكى كەڭ يايلاقلاردا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بىرى. موڭغۇل خانلىقى قۇرۇلۇپ ئۆز قوۋمىدە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىلغار مىللەتلەرنىڭ يەن ـ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مۇشۇ بىر زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن، موڭغۇللار غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۇيغۇرلاردىن بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى بولغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلاندى. ئۆز ۋاقتىدا ئەمدىلا كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مەركەزلىشىشكە يۈزلەنگەن موڭغۇللارنىڭ تېخى بىر سىستېمىلىق يېزىقى يوق ئىدى. ئۆزىگە بويسۇندۇرغان مىللەتلەردىن مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە خېلىلا تۆۋەن تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بويسۇندۇرغان جايلىرى بىپايان، مىللەتلىرى كۆپ بولغاچقا، خانلىقنىڭ تېخىمۇ قۇدرەت تېپىپ دۇنيا مىقياسىدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى ئۈچۈن، ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى ھۆكۈمرانلىق گورۇھى ئىچىگە جەلپ قىلىپ، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش شۇنداقلا تېررىتورىيە دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە پايدىلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.

سىياسەتچىلەردىن سەئىد جىبلىل شەمسىددىن ئۆمەر، ساگگى، ئارغۇن سالى، مالىيە مۇتەخەسسىلىرىدىن ئەھمەد، مەشھۇر سەركەردە ـ ئەلى قايا، نەسرىددىن، بۈيۈك پېداگوگ ۋە يېزىقشۇناس تاتا تۇڭا، پاك دىيانەتلىك ئالىم شەمسىددىن، مەشھۇر تارىخشۇناس قاڭلى تۇتۇ، سارابان، ساكيا قايا، ئاتاقلىق ئالىم شىڭ شىمىن، ما زۇچاڭ، مەشھۇر ئاسترونوم جامالىددىن، مەشھۇر تەرجىمان ئەنسارى، ئاتاقلىق دىپلومات راببان سائۇما، مارك، مەشھۇر بىناكار ئەختەرىددىن، مەشھۇر شائىر سەيدۇللا قاتارلىق كۆپلىگەن داڭلىق شەخسلەر بار ئىدى. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يازما يادىكارلىقلاردىن ئەنسارى يازغان «نادىر نوملار يەشمىسى»، تەرجىمە قىلىنغان «ئىبىزەتنامە»، «نەسىرنامىدىن پارچىلار»، «نەسىرنامە»؛ قاڭلى تۇتۇنىڭ باشچىلىقىدا سارابان، ساكيا قايا قاتارلىقلار تۈزگەن «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «سوڭ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى»؛ جامالىددىن يازغان «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۈيۈك بىرلىك تەپسىراتى»؛ تۆمۈر تۆۋرۈك يازغان «دېھقانچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى»؛ قوسقۇي يازغان «تائام تەييارلاش دەستۇرى»؛ غۇربىتى يازغان «مۇھەببەت خاتىرىسى»، «شىتى» ناملىق دىراممىلار؛ سەيدۇللانىڭ «يەنمىن تويلىمى»؛ شىڭ شىمىننىڭ «خەتتاتلىق ھەققىدە مۇھاكىمە». «رەسساملىق ھەققىدە مۇھاكىمە»، «قامۇسۇلئالەم»؛ ما زۇچاڭ يازغان «پىنھانلىق تويلاملىرى»، «شىتئەن تويلىمى»، «يىللار خاتىرىسى»، «قارىغايلىق ھۇجرا خاتىرىسى». تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن «پادىشا رەسمىنىڭ بۈيۈك نۇسخىسى»، «چىڭگىزخاننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى»؛ شائىر كۆكۈنىڭ «بەيخوڭ راۋىقى»، «دوستۇمغا ئامانەت»، «يۆياڭ راۋىقى»، «قەھرىمانلارغا تەقدىم» قاتارلىق ئەسەرلەر بار. بۇ دەۋردىكى ئەسەرلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى كۆپىنچە ئەسەرلەر بىۋاستە خەنزۇ تىلىدا ياكى موڭغۇل تىلىدا ئىجاد قىلىنغان. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ موڭغۇل، خەنزۇ تىللىرىنى ئىگىلەش ئەھۋالى توغرىسىدا ئابلىز مۇھەممەت سايرامى بىلەن ئابدۇرازاق توختى «يۈەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابىدا: «ئارغۇن سالى ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغانلىقى ۋە زېرەك تىرىشچان بولغانلىقى ئۈچۈن، دەسلەپىدە بۇددا راھىبلىرىدىن تەلىم ئالغان ھەم سانسكرىتچە، خەنزۇچە تىل ـ يېزىقلارنى پۇختا ئۆگەنگەن. قۇرامىغا يەتكۈچە تۈبۈتچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە تىللارنىمۇ پۇختا ئىگىلەپ، ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلگەن ئالىم بولۇپ چىققان»[①] دەپ يازغان. « ‹يۈەن سۇلالىسى تارىخى› دا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى نۇرىنىنىڭ ئوغلى بولۇپ، كىچىكىدە ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدىن تەلىم ئالغان. قۇرامىغا يەتكۈچە موڭغۇلچە ـ خەنزۇچە تىل يېزىقلارنى پۇختا ئىگىلىگەن». «تاتاتۇڭا ئادەتتىكى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كىچىكىدىنلا بىلىم ئېلىشقا چىن دىلىدىن ئىشتىياق باغلىغانىدى. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندە موڭغۇل تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ چىققانىدى» دەپ يازىدۇ. تاتاتۇڭانىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلغانلىقى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش. چىڭگىزخان بۇ دەۋردە موڭغۇللارنى بىرلەشتۈرۈپ، موڭغۇل مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ئۆچمەس ئۇلۇغ تۆھپە قوشقان بولسا، بۇ دەۋردە ياشىغان قوش تىللىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئالىملىرى ۋە سەركەردە ـ ھۈنەرۋەنلەر يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن موڭغۇل، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئاجايىپ زور روللارنى ئوينىغان.

### بەشىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى قوش تىللىشىش ئەھۋالى

خەنزۇ تىلىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىرى تارىختىن بېرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئىپادىلىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ھەر خىل يەرلىك كۈچلەرنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ مەركەز بىلەن بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ـ خەنزۇ تىللىرىنىڭ تەسىرى بارا ـ بارا كۈچىيىشكە باشلىغان.

---

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى تەدرىجىي كۈچىيىپ بارغان، بۇ مەزگىلدە، قۇمۇل ـ تۇرپان رايونلىرىدا شۆتاڭلاردا ئوقۇيدىغان ئۇيغۇرلار كۆپەيگەن. گومىنداڭ دەۋرىدە خېلى كۆپ بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى خەنزۇ تىلىدا يېتىشىپ چىقىپ، گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ مۇهىم ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېهتىياجى شىنجاڭدىكى هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ تىلىغا بولغان ئېهتىياجىنى ئاشۇرغان، بۇنىڭ بىلەن ئومومىي مىللەت دائىرىسىدە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن. پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ يېقىندىن قوللىشى نەتىجىسىدە مەيلى تىل ـ يېزىق خىزمىتىدە ياكى ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشتە بولسۇن ناهايىتى ياخشى ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان تەسىرى تارىختا مىسلىي كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تېز ئىلگىرىلىگەن. ئىسلاهات ـ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇ تىلى دۇنيادىكى تەسىر دائىرىسى ئەڭ كۈچلۈك تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. بۇ خىل يۈزلىنىش ئۇيغۇر ـ خەنزۇ تىللىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى تەسىردىن ئاۋام ـ خەلق ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدىغان يېڭى بالداققا كۆتۈرۈلدى. نۆۋەتتە، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى ۋەزىيەتتە تۇرىۋاتقان بولۇپ، مەيلى ئۇيغۇرلار ياكى خەنزۇلاردا بولسۇن قارشى تەرەپنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش قارىشى ناهايىتى كۈچلۈك بولماقتا، هازىر خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلار پۈتۈن پەن تۈرىنىڭ هەممىسىگە چېتىلىدۇ. لېكىن، ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى بىۋاستە خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش سەۋىيەسىگە يېتىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن خىزمەت ئىشلىرىدا بىۋاستە خەنزۇ تىلى قوللىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان خەنزۇلارمۇ ئاز ئەمەس. هۆكۈمىتىمىز بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى چىڭ تۇتىۋاتقان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي تىللارنى قوغداش خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ. ئىشىنىمىزكى، بۇ خىل يۈزلىنىش دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا مۇهىم رول ئويناپلا قالماستىن، يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومومىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىدا ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

**پايدىلانمىلار:**


1. جۇ شياۋزۇ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى داڭلىق كىشىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

2. گۇ باۋ تۈزگەن: «شىنجاڭدىكى تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

3. غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

4. ليۇ جىڭمىن، شېڭ خەنشۈي تۈزگەن: «غەربىي رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر شېئىرلىرى توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

5. ئابلىز مۇهەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

6. ئابدۇقېيۇم خوجا بىر: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.


**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى

**جاۋابكار مۇهەررىرى:** رەشىدە مامۇت

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك» نامى توغرىسىدا

## ـ خەنزۇچە 印特伽، موڭغۇلچە «ئېنېتكېگ»، تىبەتچە «ئېندەكەگ» توغرىسىدا قوشۇمچە تەھلىل

ئابلىكىم ئابدۇرەشىد

**مۇھىم مەزمۇنى:** قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان ھىندىستاننى كۆرسىتىدىغان «ئەنەتكەك» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۇزاقتىن بېرى دۆلىتىمىز ئىچى- سىرتىدىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلدى. بۇ ماقالىدە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى ۋە تارىخىي يازما مەنبەلەر ئاساسىدا «ئەنەتكەك» نامىنىڭ قەدىمكى سوغدى تىلىدىن كەلگەن نام ئىكەنلىكى شەرھلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ نامىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلى، موڭغۇل تىلى ۋە تىبەت تىلىدىكى ۋارىيانتلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى؛ ئەنەتكەك؛ سوغدى تىلى

قەدىمكى دۇنيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان ھىندىستاننىڭ نامى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ھەر قايسى دۆلەت ۋە رايون خەلقلىرىنىڭ يازما مەنبەلىرىدە تۈرلۈك شەكىلدە خاتىرىلىنىپ كەلگەنىدى. «ھىندىستان»نىڭ قەدىمكى غەرب مەنبەلىرىدىكى نامى بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن Sind، Hindu دىن ئىبارەت بۇ ئىككى نام ۋە ئۇلارنىڭ فونېتىكا جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان Indos, Indi, India قاتارلىق بىر قانچە ۋارىيانتلىرىغا مەركەزلەشكەنىدى. قەدىمكى ئىككى دەريا ۋادىسىدا ياشىغان خەلقلەر تىلىدىكى «ھىندىستان»نى كۆرسىتىدىغان «مېلۇخخا» (Meluhha) دېگەن نام بىرئاز ئۆزگىچە بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە پىكىر ئىختىلاپى مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما كۆپلىگەن تەتقىقاتلاردا بۇ نامنىڭ «ھىندىستان»نى كۆرسىتىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ①. «ھىندىستان» نامىنىڭ شەرق مەنبەلىرىدىكى بولۇپمۇ قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ناملىرى ئۇزاقتىن بېرى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن بولۇپ، تەتقىقاتچىلار قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن "身毒"، "捐毒"، "天竺"، "天毒"، "印度"، "悬度"، "印特伽"نى چۆرىدىگەن ھالدا بۇ ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ سانسكرىت، ئىران، توخرى، تۈرك ۋە سوغدى تىللىرىدىكى نامى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

يازما مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھىندىستان نامىنىڭ شەرق ۋە غەرب ئەللىرى خەلقلىرى تىلىدىكى نامى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم جەھەتتە بەزىبىر فونېتىكىلىق پەرقلەر كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ نامدا ئەكس ئەتكەن فونېتىكىلىق پەرق ۋە ئۆزگىرىشلەر ھىندىستان ۋە

① قەدىمكى سۇمېر تىلىدا خاتىرىلەنگەن ۋەسىقىلەردىكى «مېلۇخخا» (Meluhha) دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى فىنلاندىيەلىك تەتقىقاتچىلاردىن ئاسكو پارپولا (Asko Parpola) بىلەن سىمو پارپولا (Simo Parpola) قەدىمكى دىراۋىد تىلىدىكى «ئېگىز يەر»، «ئېگىزلىكتىكى دۆلەت» مەنىسىدىكى «مېلاكام» (melakam)غا باغلاپ چۈشەندۈرسە؛ جون خانسمان «مېلۇخخا» (Meluhha) ھىندىستاننى ئەمەس، بەلكى قەدىمكى مىسىرنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ «مېلۇخخا» (Meluhha) نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات تېخى ئاخىرقى خۇلاسىگە كەلگىنى يوق. 1975 ـ يىلى راملا تاپار (Ramila Thapar) يەنە «مېلۇخخا» (Meluhha) دېگەن نام دراۋىد تىلىدىكى «غەرب» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «مېلۇككۇ» (mēl_u_kku) دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى مۇئەييەن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان «ھىندىستان» نامىمۇ تارىخىي تىلشۇناسلىق ئىلمىدە مۇئەييەن تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مەزمۇنلارنىڭ بىرىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان «ھىندىستان» نامى ئاساسىي جەھەتتىن «ئەنەتكەك» (Änätkäk)، «ئەنەدەكە \ ئىنىدىكە» [ändäk(ä)/Indäkä] («ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»)① ۋە «سىندۇ» (Sïndu)② دىن ئىبارەت ئۈچ خىل نامغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئەنەتكەك» ۋە بۇ نامغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە ھىندىستاننىڭ نامى ئالدى بىلەن «مايترى سىمىت»نىڭ قۇمۇل نۇسخىسى (يەھيارىھىم نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 3 ـ بۆلۈمىنىڭ خاتىمىسىدە ئۇچرايدۇ:

alqu šastar nomlaraγ adartlayu uqtačï waibaš šastarlaγ noš suwsus ičmiš aryač(a)ntri bodis(a)w(a)t k(i)ši ačari änätkäk tilintin tohri tilinčä yaratmïš p(a)rtanrakšit k(a)ranwaz-ika türk tilinčä äw(i)rmiš maitrisimit [nom bitig] dä badari barmanning yaγiš yaγamaq [atlïγ baštïnqï] ülüš tükädi.

[تەرجىمىسى: بارلىق شاستىرلارنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان، ۋايباش شاستىرنى ئۆگەنگەن ئارياچانترى بودىساتۋا ئۇستاز ئەنەتكەك تىلىدىن توخرى تىلىچە ياراتقان (ئىجات قىلغان)، رتانراكشىت كارانۋازىكا توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان مايترى سىمىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى ئارخانتنىڭ ئاۋدانى (تەمسىلى) ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم تۈگىدى]③.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك» نامى يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «شۈەنزاڭ بىئوگرافىيەسى»نىڭ 3 ـ بۆلۈمىدە «كۈنتۈن ئەنەتكەك» (küntün änätkäk) شەكلىدە كېلىپ «جەنۇبىي ھىندىستان»نى كۆرسەتكەن④. بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭ بىئوگرافىيەسى»نىڭ 7 ـ بۆلۈمىدە:

m(ä)n küentso öŋrä änätkä(k) kä barmišta alp adalig yolta ür keč ämgänmiš(k)ä

[تەرجىمىسى: مەن (شۈەنزاڭ) ئەنەتكەككە قاراپ ماڭغاندا، ناھايىتى مۈشكۈل ۋە خەتەرلىك ئۇزۇن يوللارنى جاپالىق ھالدا بېسىپ ئۆتتۈم]⑤ شەكلىدە ئۇچرىسا، مەزكۇر «بىئوگرافىيە»نىڭ 8 ـ بۆلۈمىدە:

[änät]käk yerintä, kächti gaŋ [ü]güz suvin öŋdün buluŋ p[u]rvadeš ulušta...

[تەرجىمىسى: ئەنەتكەك زېمىنىدا، گانگ دەرياسىنىڭ كېسىشىدىغان يېرىدىكى شەرقىي پۇرۋادېسا

---

① مىڭ دەۋرىدە تۈزۈلگەن «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دە «ھىندىستان» (西天) «ئەنەدەكە \ ئىنىدىكە» [ändäk(ä)/Indäkä] شەكلىدە خاتىرىلەنگەن. قاراڭ:

明代汉文回鹘文分类词汇《高昌馆杂字》，民族出版社，北京：1984 年版，第 43 页。

② «ھىندىستان» نامى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە» داستانىدا «سىندۇ» (Sïndu) شەكلىدە ئۇچرايدۇ. قاراڭ:

Paul Pelliot, “Sur la légende d'Uruz-khan en écriture ouigoure”, in: *T'oung Pao.* Second Series, Vol. 4 / 5 (1930), p. 338.

③ ئىسراپىل يۇسۇپ، دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېيۇم خوجا: «مايترى سىمىت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 4 ـ بەت.

④ Mehmet Ölmez und Klaus Röhrborn, *Die alttürkische Xuanzang-Biographie* III. Nach der Handschrift von Paris, Peking und St. Petersburg sowie nach dem Transkript von Annemarie v. Gabain. Harrassowitz Verlag. Wiesbaden, 2001, S. 121.

⑤ Klaus Röhrborn, *Die alttürkische Xuanzang-Biographie* VII. Nach der Handschrift von Leningrad, Paris, Peking und St. Petersburg sowie nach dem Transkript von Annemarie v. Gabain. Harrassowitz Verlag. Wiesbaden, 1991, S. 95.

www.uyghurkitap.com



خانلىقىدا...]① شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا بۇ نام يەنە تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا بىئوگرافىيەسىگە ئائىت بولغان پارچىدە (ھازىر گېرمانىيەنىڭ مايىنس مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، نومۇرى: Mainz131TIIY37) «ئەنەتكەك» شەكلىدە ئۇچرايدۇ②. بىز يۇقىرىقى يازما مەنبەلەرگە ئاساسەن، «ئەنەتكەك» نامىنىڭ ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ھىندىستان»نىڭ «ئەنەتكەك» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلالىشىمىز مۇمكىن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك» نامى ئۇزۇندىن بېرى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئوخشاشمىغان كۆز قاراش ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۆبىنتنېر «توخار تىلى» ناملىق كىتابىدا: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئەنەتكەك› دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس»③ دەپ كۆرسەتسە؛ ئەڭ بۇرۇن خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «ھىندىستان» نامىنى تەتقىق قىلغان چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلاردىن بىرى بولغان ھىندىستانلىق پ. س. باگچى (P.C.Bagchi) ئۇيغۇرچىدىكى «ئەنەتكەك» نامى كۇسەن تىلى (توخار تىلى B دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىكى in-dᶦək-ka>Indäk(a) دىن قوبۇل قىلىنغان دەپ قارايدۇ. كۇسەن تىلىدا h تاۋۇشىنىڭ سۆز بېشىدا كەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ «ئەنەتكەك» نامىنى توخرى تىلىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشىنىڭ بىردىنبىر تىل ئاساسى ئىدى④. پ. س. باگچىنىڭ بۇ قارىشىنى قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، ئاپتورنىڭ توخرى تىلىدىكى in-dək-ka>indäk(a) نى «ياۋچى» تىلىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشى ئانچە قايىل قىلارلىق ئەمەس، چۈنكى ھازىرغىچە «ياۋچى» تىلىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تىل مەنبەسى يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تىلنى «ياۋچى» تىلى دەپ ئاتاشمۇ شەرق ۋە غەرب تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا كۆپ مۇنازىرە پەيدا قىلىدىغان تېما بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ كۆز قارىشى ناھايىتىمۇ ئاجىز تىل ۋە تارىخىي پاكىت ئاساسىغا قۇرۇلغان، بولۇپمۇ تىل نۇقتىسىدىن كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاپتورنىڭ تەتقىقاتىدا توخرى تىلىدىكى بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى كۆرسىتىلمىگەن. بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، توخرى تىلىدىكى «ھىندىستان» نامى in-dək-ka >indäk(a) بولماستىن، بەلكى yentuke ئىدى⑤. ئۈچىنچىدىن، ئاپتور تۈركىي تىلىدىكى «ھىندىستان» ئاتالغۇسىنىڭ ئەسلىي شەكلىنى كۆرسەتمىگەن بولۇپ، بۇ يەردە ئاپتورنىڭ پىكرى پەرەز ئاساسىغا قۇرۇلغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ «ھىندىستان»نى نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. بۇ پەقەت شۈەنزاڭ بىلەن تۈرك خاقانى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتە ئۇچرايدىغان "印特伽" نامىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان پەرەزدىنلا ئىبارەت خالاس.

چيەن ۋېنجۈڭ ئەپەندى «ھىندىستان نامىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ماقالىسىدە «ئەنەتكەك» نامىنى شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى "印特伽" دېگەن نام بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كۇسەن تىلىدىكى Yentu Kemneدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن (ئاھاڭ

① Klaus Röhrborn, *Die alttürkische Xuanzang-Biographie* VIII. Nach der Handschrift von Paris, Peking und St. Petersburg sowie nach dem Transkript von Annemarie v. Gabain. Harrassowitz Verlag. Wiesbaden, 1996, S. 16.

② J.P. Laut, Ein Brchstück einer Alttürkischen Buddhabiographie, *Ural-Altashce Jahrbücher*, N.F.3, 1983, S. 88-101.

③ H.W. Bailey, "Ttaugara", *BSOS*, University of London, Vol. 8, No. 4 (1937), p. 894, note 2.

④ P.C. Bagchi, Ancient Chinese Name of India, *Monumenta Serica*, 13 (1948), pp. 366-375.

بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلما تەرجىمىسى شۈي ۋېنكەن ئەپەندى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان. قاراڭ:
徐文堪：《关于对“印度”等译名的考辩和研究 — 纪念师觉月教授逝世五十周年》，《传统中国研究集刊》，第三辑，上海社会科学院《传统中国研究集刊》编辑委员会编，2007年，第256~265页。

⑤ Xavierr Tramblay, Irano-Tocharica et Tocharo-Iranica, *BSOAS*, Vol. 68, Part. 3, 2005, p. 428.

تەرجىمىسى) دەپ قارايدۇ①. ئاپتور بۇ يەردە ئۆزئارا سىلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىككى نام ئوتتۇرىسىدا مەيلى فونېتىكىلىق ياكى ئەمەلىي تىلشۇناسلىق ئىسپاتلىرى جەھەتتىن بولسۇن يەنىلا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان. چۈنكى «ئەنەتكەك» بىلەن سېلىشتۇرۇلىدىغان توخرىچىدىكى ئوبيېكت خاتا تاللانغانىدى.

«ئەنەتكەك» نامىنى كۇسەن تىلىغا باغلايدىغان بۇ خىل پىكىرنى شۈي ۋېنكەن ئەپەندىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۈي ۋېنكەن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، كۇسەن تىلىدىكى Yentukemne دېگەن سۆزدىكى kemne «دۆلەت، زېمىن» مەنىسىدىكى kem بىلەن بىرلىك يۆنىلىش كېلىش بەلگىسى بولغان ne دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «شاپائەت ئىبادەتخانىسىدىكى سامسى ئاچارى تەزكىرىسى» (《大慈恩寺三藏法师传》) بىلەن «سۇڭ دەۋرىدىكى راھىپلار تەزكىرىسى» (《宋高僧传》) دە خاتىرىلەنگەن "印特伽" بولسا Yentukemneنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. سوغدىچە ’yntk’w، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى ’n’tk’k نىمۇ توخرىچىدىكى Yentukemne بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغىلى بولاتتى②. يۇقىرىقى كوزقاراشقا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «ئەنەتكەك» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى يەنىلا كۇسەن تىلىدىكى Yentukemne بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ خىل كۆزقاراش كېيىنكى «ھىندىستان» نامىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەتقىقاتلاردا تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنىدى③. مېنىڭچە، يۇقىرىقى تەتقىقاتلاردا ئەسلىدىنلا سىمانتىكا ۋە فونېتىكا بىرلىكىگە ئىگە بولغان «ئەنەتكەك» نامى كۇسەن تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلۈپ، زورمۇزور ھالدا Yentu+kem+ne دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكلىك فونېتىكا ۋە سىمانتىكىلىق بىرلىككە ئايرىلىپ، مەسىلىنىڭ ئەسلى ھەل بولۇش يولىدىن يىراقلاپ كېتىلگەن.

2

«ئەنەتكەك» نامى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان"印特伽" توغرىسىدا دۆلەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار بۇ ناملارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى قەدىمكى فونېتىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدە ئىزدەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ناملارنىڭ باشقا تىللاردىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى ۋە سۆز قۇرۇلمىسىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدى. مېنىڭچە، «ئەنەتكەك» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كۇسەن تىلىغا ئەمەس، بەلكى سوغدى تىلىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى بولۇشى مۇمكىن.

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقى ۋە غەربىي ئوتتۇرا قىسمىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىل ۋە يېزىق جەھەتتىكى تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى تىلىدىكى كۆپلىگەن سۆز ۋە يەر ناملىرى، بۇددىزم ئاتالغۇلىرى سوغدى تىلى شەكلىدە غەرب ۋە شەرقتىكى خەلقلەرنىڭ تىلىغا تارقالغانىدى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن "突厥" نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا كۆپلىگەن كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە بىرلىككە كەلگەن قاراش تېخى شەكىللەنگىنى يوق، ئەمما ۋېنگرىيەلىك تەتقىقاتچى ج. خارماتتا (J. Harmatta) نىڭ كۆزقارىشى بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۇ: « ‹突厥› بولسا ‹تۈرك› نامىنىڭ سوغدىچە شەكلى بولغان Turkīt/Turkīdنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى»④ دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بۇ قاراش بىزنىڭ [*indukak] ’n’tk’k ۋە "印特伽" ناملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئوخشاشلا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

---

① 钱文忠：《"印度"的古代汉语译名及其来源》，《中国文化》，1990 年第 4 期，第 177~181 页。

② Xu Wenkan: "Hanyu Wailaici de Yuyuan Kaozheng he Cidian Bianzuan (Philological Research on the Etymology of Loan_Words in Sinitic and Dictionary Compilation)", *Sino_Platonic Paper*, Num. 36, February, 1993；徐文堪：《关于"身毒"、"天竺"、"印度"的语源》，《词库建设通讯》1996 年第 10 期。

③ 梁晓虹，徐时仪，陈五云：《佛经音义与汉语词汇研究》，商务印书馆，北京：2005 年，第 331~341 页。

④ J. Harmatta, "Irano_Turcica", *Acta Orientalia Academiae Scientiarum Hungaricae*, Tomus XXV, 1972, pp. 263_273.

«ئەنەتكەك» نامى بىلەن فونېتىكا ۋە سېمانتىكا جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولغان نام دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان سوغدىچە قەدىمكى خەت ـ چەكلەردە 'yntk'w, 'yntkwt شەكلىدە ئۇچرايدۇ①. بۇ نام يەنە ئارشاك (پارفىيە) تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىمۇ hyndwg'ng دېگەن سۈپەت شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ②. لېكىن، ئارشاك تىلىدىكى hyndwg'ngنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك»نىڭ بىۋاسىتە مەنبەسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئارشاك تىلىدا پارس تىللىرىغا ئوخشاش سۆز بېشىدىكى بوغۇز سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش ـh تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، لېكىن بۇ تاۋۇش سوغدى تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنمايتى. شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك» نامىنى سوغدىچىدىكى 'yntk'w, 'yntkwt بىلەن بىر مەنبەلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

سوغدىچىدىكى 'yntk'wنىڭ كۆرسەتمە ئىسىم شەكلى بولغان 'yntk'kنى فونېتىكا جەھەتتىن 'yntk+kدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى 'yntk بولسا ئىران تىللىرىدىكى «ھىندىستان»نى بىلدۈرىدىغان Hindu نىڭ سوغدىچە شەكلى بولۇپ، سوغدى تىلىدا سۆز بېشىدا كەلگەن بوغۇز سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش ـh تەلەپپۇز قىلىنمايتتى. بۇ ئىسىمنىڭ ئوتتۇرا زامان پارس تىلىدىكى شەكلى hindūγ، ئەرمەن تىلىدىكى شەكلى hnduk ئىدى③. سوغدىچە 'yntkدىكى k ـ بولسا ھىندى ـ ئىران تىللىرىغا خاس بولغان ئىسىمدىن سۈپەت ياسايدىغان «بىخاۋرىخىي» قوشۇمچىسى ika ـ, aka ـ, iku ـ سوغدىچە شەكلى ئىدى④. سوغدى تىلىدىن باشقا يەنە قەدىمكى شىنجاڭدىكى تىللار بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن سانسكرىت، ئىران ۋە توخرى تىللىرىدىكى «بىخاۋرىخىي» قوشۇمچىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى كۆزقاراش ھەر خىل بولسىمۇ⑤، ئەمما بۇ خىل قوشۇمچە يۇقىرىقى تىللاردا بىردەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ھۆججەت، خەت ـ چەك» دېگەن سۆز سوغدىچىدە pwst'k، باكترىيە تىلىدا πωσαγο، قەدىمكى پارس تىلىدا paustaka، سانسكرىتچە puṣtaka، كۇسەن

② Hans Reichelt, *Die Sogdischen Handschriftenreste des Britischen Museums*, Teil. II, 'Die Nicht_Buddhistischen Texte', Heidelberg, 1931. p. 14, 70.

② W. B. Henning, "A List of Middle_Persian and Parthian Words", *BSOS*, Vol. Ix, 1937_39, p. 83.

③ H. W. Bailey: "Ttaugara", *BSOS*, University of London, Vol. 8, No. 4 (1937), p. 894. note 2.

④ k ـ بولسا ھىندى ـ ئىران تىللىرىدىكى ئىگىلىك كېلىش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان قوشۇمچە بولۇپ، سانسكرىتچىدە «بىخاۋرىخىي» قوشۇمچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. «بىخاۋرىخىي» بولسا «با» (بار) + «ئۇرىخىخ» (گۆرۈچ)دىن ئىبارەت ئىككى تەركىبتىن تۈزۈلگەن بىرىكمە سۆز بولۇپ، سانسكرىتچىدە «گۆرۈچى كۆپ»، «گۆرۈچلۈك»، «مول گۆرۈچ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بىخاۋرىخىي» قوشۇمچىسى ئاساسەن ئىسىمغا ئۇلىنىپ كېلىپ ئىسىمدىن سۈپەت ياسايدىغان گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، túṇḍa (چىش) + ika (لىق) = túṇḍika (چىشلىق). بۇ قوشۇمچىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى «لىق» (سۇ + لىق)، «لۇق» (ھوسۇل + لۇق) قوشۇمچىلىرى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بولىدۇ. «بىخاۋرىخىي» قوشۇمچىسى يەنە يەر ناملىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۇيغۇرچىدىكى «نىڭ»، «لىق»، «لىك»لارغا ئوخشاش تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن، Āgni + ika = āgnika (ئاگنىنىڭ، ئاگنىي تىلىچە دېگەن مەنىدە). قاراڭ:

Franklin Edgerton: "The K_Suffixes of Indo_Iranian", *Journal of American Oriental Society*, Vol. 31, No. 3 (1911), pp. 296_342.

⑤ توخرى A (قاراشەھەر تىلى) تىلىدا «بىخاۋرىخىي» قوشۇمچىسى k ـ، توخرى B (كۇسەن تىلى) تىلىدا ike ـ بولۇپ، پىنائولت ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى باكترىيە تىلىدىكى γ ـ غا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. قاراڭ:

Georges_Jean Pinault, "Tocharian and Indo_Iranian: Relations between Two Linguistic areas", *Indo_Iranian Languages and Peoples*, Edited by Nicholas Sims_Williams. Oxford University Press, 2002, p. 277.

ئەمما دېيتېر ۋېبېر توخرىچىدىكى بۇ قوشۇمچىنى قەدىمكى ئىران تىللىرىدىن كىرگەن قوشۇمچە دەپ قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قاراڭ:

Dieter Weber, "Khotanische Suffix", Bücherbesprechungen. *Zeitschrift der Deutschen Morgenländischen Geselschaft*. Band 143, 1993, p. 423.

نىكولاس سىمس ۋىللىيامس سوغدى ۋە ئارشاك (پارفىيە) تىللىرىدىكى «بىخاۋرىخىي» قوشۇمچىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى قەدىمكى ئىران تىللىرىدىكى قوشۇمچە k(k)a, *iča ـ* بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. قاراڭ:

Nicholas Sims_Williams, *Ancient Afghanistan and its Invaders: Linguistic Evidence from the Bactrian Documents and Inscriptions.*

(توخرى تىلى B) تىلىدا postak, postäk قاراشەھەر (توخرى تىلى A) تىلىدا postak شەكلىدە ئۇچرايدۇ①.

سوغدى تىلىدا قەدىمكى ھىندى-ئىران تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان قوشۇمچىلاردىن باشقا يەنە ئۆزىگە خاس بولغان كۆپلىگەن قوشۇمچىلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە k- بولسا سوغدىچىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان «بىخاۋرىخي» قوشۇمچىسى بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئىسىمغا ئۇلىنىپ كېلىپ «...دىن ياسالغان»، «...نىڭ»، «...لىق» مەنىسىدىكى سۈپەت ياسايدۇ②. بىزگە مەلۇم بولغان سوغدىچە ۋەسىقىلەردە بۇ خىل «بىخاۋرىخي» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان يەر نامى ۋە ئىسىمدىن ياسالغان سۈپەتلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، kwr'ynk (كروراننىڭ، كرورانچە)③، sγwδy'n'k (سوغدىنىڭ، سوغدىچە) ④، 'kwcyk=əkučīk (بەلكىم سانسكرىتچە «كۇچانىڭ، كۇچاچە» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك)⑤، sm'rknδh/sm'rknδk? («سەمەرقەند» نامىنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى بولسا كېرەك)⑥.

ئۇنداق بولسا سوغدىچە 'n'tk'k, 'ntk'k ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئەنەتكەك»تىكى ئىككىنچى (ياكى ئاخىرقى) k- نى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ پروفېسسور بېيلېي (Harold Bailey) بۇ ئىككىنچى k- نى سوغدىچە «ھىندىستان»نى بىلدۈرىدىغان 'yntk'w نىڭ ئىسىم شەكلى، چۈنكى سوغدىچە سۆزلۈكلەردە -k, -'w, -y ھەرپلىرى سوغدى تىلىنىڭ رودىمېنتلاشقان ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىش قائىدىسى بويىچە ئۆزئارا ئالمىشىدۇر، شۇڭا بۇ قائىدە بويىچە تولدۇرغۇچى شەكىلدىكى 'yntk'w نىڭ ئىسىم شەكلى 'yntk'k بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ⑦. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەدىمكى ھىندى-ئىران تىللىرىدىكى كۆپلىگەن k- بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلۈكلەر زادى «بىخاۋرىخي» قوشۇمچىسى k- بىلەن ياسالغان سۈپەت سۆزمۇ ياكى ئەسلىدىنلا تەركىبىدە k- بار بولغان ئىسىم شەكلىدىكى سۆزمۇ؟ بۇنى ئايرىۋېلىش ھەقىقەتەنمۇ تەس⑧. مېنىڭ قارىشىمچە، «ھىندىستان» نامى سوغدىچىگە 'ynt'k [induk] شەكلىدە⑨ قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە سوغدىچە سۈپەت ياسىغۇچى «بىخاۋرىخي» قوشۇمچىسى k- قوشۇلۇپ 'yntk'k [indukak] شەكلىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ، سوغدىچە ۋەسىقىلەردە «ھىندىستان» نامىنىڭ 'ntk'k, 'n'tk'k، 'ntk'w قاتارلىق

① Xavierr Tramblay, "Irano-Tocharica et Tocharo-Iranica", *BSOAS*, Vol. 68, Part. 3, 2005, p. 43.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىش كېرەككى، بۇنداق «بىخاۋرىخي» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان نامدىن «تاجىك»نى مىسال قىلىشقا بولىدۇ: Taj+ik. بۇ نام تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە 大食 دەپ خاتىرىلەنگەن. 大食دىكى 食 قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا zsjik، ɕoku، dziki دەپ ئوقۇلىدىغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى فونېتىكىسىدا ئىران تىللىرىدىكى «بىخاۋرىخي» قوشۇمچىسى k- تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. قاراڭ:

（瑞典）高本汉著：《中国音韵学研究》，商务印书馆，北京：2003年，第718页。

② Prods Oktor Skjærvø, *An Introduction To Manichean Sogdian*, Lecture Notes, Iranian Studies, Harvard University, 2008, p. 79.

③ Hans Reichelt, *Die Sogdischen Handschriftenreste des Britischen Museums*, Teil. II, 'Die Nicht-Buddhistischen Texte', Heidelberg, 1931. S. 11.

④ Hans Reichelt, *Die Sogdischen Handschriftenreste des Britischen Museums*, Teil. II, 'Die Nicht-Buddhistischen Texte', Heidelberg, 1931. S. 70.

⑤ W. B. Henning, Argi and the "Tokharians", *BSOS*, Vol, IX, 1937-39. p. 550.

⑥ Hans Reichelt, *Die Sogdischen Handschriftenreste des Britischen Museums*, Teil. II, 'Die Nicht-Buddhistischen Texte', Heidelberg, 1931. S. 14.

⑦ H. W. Bailey, "Ttaugara", *BSOS*, University of London, Vol. 8, No. 4 (1937), pp. 894, Note 2.

⑧ Franklin Edgerton: "The K-Suffixes of Indo-Iranian", *Journal of American Oriental Society*, Vol. 31, No. 3 (1911), p. 21.

⑨ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ھىندىستان» نامىنىڭ سوغدىچىدىكى 'ynt'k [induk] قا يېقىن شەكلى ئوتتۇرا زامان پارس تىلىدا hindūγ، ئەرمەن تىلىدا hnduk شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئافغانىستاندىن بايقالغان قەدىمكى باكتېرىيە تىلىدىكى ھۆججەتتە *αvδaγo* [*anta-ka] دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. «باكتېرىيە لۇغىتى»دىكى ئىزاھاتتا بۇ سۆز «رايون» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مېنىڭچە، بۇ سۆز «ھىندىستان» نامى بولغان 'ynt'k [induk]، hindūγ ۋە hnduk بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى ئىسىم بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «بىخاۋرىخي» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان سۈپەت سۆزى قەدىمكى باكتېرىيە تىلىدىكى ھۆججەتلەردە يەنە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، *παρσαγγο* ‹ (بىخاۋرىخي قوشۇمچىسى) *αγγο*+ (پارس) *παρσο*. بۇ «پارسنىڭ، پارسچە» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇخشىمىغان شەكىللەردە ئۇچرايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر.

سوغدىچە yntk'k' [indukak] قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە ئۆزگەرتىلىپ، «ئەنەتكەك» شەكلىدە قوبۇل قىلىنغان. سوغدىچە yntk'k' [indukak] بولسا «ھىندىستان» بىلدۈرىدىغان yntk' [induk] نىڭ تولدۇرغۇچىلىق رولىنى ئۆتەيدىغان سۈپەت شەكلى بولۇپ، بۇ سۆز سوغدىچىدە «ھىندىستانىنىڭ»، «ھىندىنىڭ»، «ھىندىچە» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تەرجىمانلار سوغدى تىلىدىكى بۇ سۆز ياساش قائىدىسى بىلەن تولۇق تونۇش بولمىغانلىقتىن، بۇ سۆزنى سوغدىچە سۈپەت شەكلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئىسىم شەكلىدە قوبۇل قىلغان. «ئەنەتكەك» دېگەن بۇ سۆزنىڭ تولدۇرغۇچىلىق شەكلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەنەتكەك» دېگەن سۆزدە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى بۇ سۆز بىلەن بىللە كەلگەن «ئەنەتكەك تىلىنتىن» (til*in*tin änätkäk) دىكى in ـ(til*in*) دا ئىپادىلەنگەنىدى. in ـ قوشۇمچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تولدۇرغۇچىلىق رولىنى ئۆتەيدىغان قوشۇمچە بولۇپ①، بىز ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە قىلساق، «ھىندى + چە + تىل + چە + دىن» يەنى «ھىندىچىدىن» دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ.

3

«شاپائەت ئىبادەتخانىسىدىكى سامسى ئاچارى تەزكىرىسى» (《大慈恩寺三藏法师传》) بىلەن «سۇڭ دەۋرىدىكى راھىپلار تەزكىرىسى» (《宋高僧传》) دە تىلغا ئېلىنغان "印特伽"نىڭ كېلىپ چىقىشى ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا كۇسەن تىلىدىكى Yentukemne بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالدى②. چيەن ۋېنجۇڭ ئەپەندىنىڭ "印特伽" نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى كۆزقارىشى ئۆزگىچە زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇ «‹ھىندىستان› نامىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسى ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيەسى» ناملىق ماقالىسىدە، ئالدىدا «شاپائەت ئىبادەتخانىسىدىكى سامسى ئاچارى تەزكىرىسى»دىكى "印特伽" توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، "印特伽"نى n'tk'k, 'ntk'k ياكى 'ntk'نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارىسا، ئارقىدىنلا «سۇڭ دەۋرىدىكى راھىپلار تەزكىرىسى»دىكى «ھىندى نوملىرى كۇسەنگە تارقالغان، كۇسەنلىكلەر ھىندى تىلى (سانسكرىت تىلى؟)نى چۈشەنمەيدۇ؛ ئۇلار «ھىندىستان» نى"印特伽" دۆلىتى دەپ ئاتايدۇ» دېگەن نەقىلگە ئاساسەن، "印特伽"نى كۇسەن تىلىدىكى Yentukemne نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ③. ئەگەر بىز تەپسىلىي كۆزىتىدىغان بولساق، كۇسەن تىلىدىكى Yentukemne بىلەن "印特伽"نى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا فونېتىكا جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇشتا ھەقىقەتەنمۇ قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە Yentukemne (ھىندىلار زېمىنى) بىلەن"印特伽" ئوتتۇرىسىدىكى سىمانتىكىلىق باغلىنىشمۇ ئانچە قايىل قىلارلىق ئەمەس.

مېنىڭچە، "印特伽"نى سوغدىچە yntk'wنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

---

① A. Von Gabain, *Alttürkische Grammatik*, Verbesserte Auflage, 1950, p. 98.

② Xu Wenkan: "Hanyu Wailaici de Yuyuan Kaozheng he Cidian Bianzuan (Philological Research on the Etymology of Loan_Words in Sinitic and Dictionary Compilation)", *Sino_Platonic Paper*, Num. 36, February; 梁晓虹，徐时仪，陈五云:《佛经音义与汉语词汇研究》，商务印书馆，北京:2005 年，第 331_341 页。

③ 钱文忠:《"印度"的古代汉语译名及其来源》，《中国文化》1990 年第 4 期，第 179 页。

چيەن ۋېنجۇڭ ئەپەندىنىڭ "印特伽"نى كۇسەن تىلىدىكى Yentukemneنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەن كۆزقارىشىنىڭ يەنە بىر ئاساسى شۇكى، ئاپتور توخرىلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ئۈستۈن، شۇڭا بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۈركچىگە ئەمەس، بەلكى توخرىچىغا باغلاش ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل كۆزقاراش نەزەرىيە جەھەتتىن پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۈستۈن ـ تۆۋەنلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ تارىخىي سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرۈش — مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش ۋە مەدەنىيەتنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش قانۇنىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئانچە قايىل قىلارلىق ئەمەس.

خەنزۇچىدىن باشقا كۆپلىگەن تىللاردىكى «ھىندىستان» نامى ئاساسەن دېگۈدەك تىل ئارقا سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش ـ h بىلەن باشلانغان بولۇپ، پارس تىلىدا hyndwg (سۈپەت شەكلى، «ھىندىستانلىق» دېگەن مەنىدە)، ئارشاك (پارفىيە) تىلىدا hyndwg'ng (سۈپەت شەكلى، «ھىندىستانلىق» دېگەن مەنىدە)①، خوتەن ساك تىلىدا hīdvaṃga (سۈپەت شەكلى)، جىنا سانسكرىتچىدە hindukadeśa، جىنا ئاۋام تىلىدا hiṃduga-desa، ئاۋېستا تىلىدا hendu, hindu، زوروئاستىيانچە پەھلەۋى تىلىدا hinduk, hindukān، ئەرمەنىيە ئارشاك تىلىدا hndk, hndakam، كۇسەن تىلىدا Yentukemne (بۇ سۆز يېرىم سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان)②، پەقەت سوغدى تىلىدىكى ئاتىلىشى 'yntk'w سوزۇق تاۋۇش [i], [ə], [ɛ] بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ فونېتىكا جەھەتتىن "印特伽"دىكى "印" (?in) بىلەن بىردەكلىككە ئىگە③. "特"نىڭ «گۇاڭيۈن» (《广韵》)دىكى ئوقۇلۇشى 徒得切 بولۇپ، بىز ئۇنىڭ قەدىمكى فونېتىكىسىنى dok/dək دەپ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز④. تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ شاھزادىلىرى 特勤 دەپ خاتىرىلەنگەن (بەزىدە دەپمۇ 特懃 يېزىلغان) بولۇپ، بۇ قەدىمكى تۈركچە «تېگىن» (tegin)نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. 10 ـ ئەسىردىكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىسىغا ئاساسەن جامىس خامىلتون "特"نى t'əɣ دەپ ئەسلىگە كەلتۈردى⑤. بىز يۇقىرىقى تىل پاكىتلىرىغا ئاساسەن، "印特伽"نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا *ɛ(ə)ntə(o)k(k)a دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. بۇ دەل فونېتىكا جەھەتتىن سوغدىچە «ھىندىستان» نامى بولغان 'yntk'w بىلەن ماس كېلىدۇ.

دېمەك، «شاپائەت ئىبادەتخانىسىدىكى سامىسى ئاچارى تەزكىرىسى» بىلەن «سۇڭ دەۋرىدىكى راھىپلار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن "印特伽" بولسا سوغدىچە 'yntk'wنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. تارىخىي يازما خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سوغدىلار قەدىمكى دەۋردە ھەرقايسى رايون ۋە ئەللەر ئوتتۇرىسىدا قاتناپ سودا قىلغاچقا، كۆپ خىل تىل بىلىدىغان تەرجىمانلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. بۇ نۇقتىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن ئولپان ئېلىپ كەلگەن ئولپان ئۆمىكى ۋە سودا ئۆمەكلىرىگە ھەمىشە سوغدىلارنىڭ ئۆمەك باشلىقى ۋە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ يول باشچىلىرى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ. ۋېي ـ جىن سۇلالىلىرى بىلەن سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇددا سۇترالىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنىشىغا سوغدىلار مۇھىم

① W. B. Henning, "A List of Middle-Persian and Parthian Words", *BSOS*, Vol. Ix, 1937-39, p. 83.

② 钱文忠：《"印度"的古代汉语译名及其来源》，《中国文化》，1990 年第 4 期，第 178 页。

③ "印" خېتىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ئوقۇلۇشى «گۇاڭيۈن» (广韵) دە ?in دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. قاراڭ:
梁晓虹，徐时仪，陈五云：《佛经音义与汉语词汇研究》，商务印书馆，北京：2005 年，第 341 页。

④ "特"نىڭ لى فاڭگۇي ئەسلىگە كەلتۈرگەن فونېتىكىسى dək . قاراڭ:
李方桂：《上古音研究》，商务印书馆，北京：2001 年，第 14 页。
. قاراڭ: ۋاڭلىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگەن فونېتىكىسى dək
王力：《同源字典》，商务印书馆，北京：1982 年，第 148 页。

⑤ 张广达：《有关西州回鹘的一篇敦煌汉文文献 —S. 6551 讲经文的历史学研究》载张广达：《文书典籍与西域史地》，广西师范大学出版社，2008 年，第 164 页。

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شۈي شۇيا ئەپەندى «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان «سوغدى، سوغدىلار ۋە توققۇز ئوغۇزلار توغرىسىدا ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدە، 粟特نى «سوغدىيانا»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بۇ توغرىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»نىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇچرايدىغان 粟特 دېگەن نام «سوغدنىڭ» (Soɣdiq) ۋە ياكى «سوغداق» (Soɣdaq) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن. 粟特دىكى 特نىڭ قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدىكى ئوقۇلۇشى dok/dək بولۇپ، ئورخۇن تېكىستلىرىدە ئۇچرايدىغان «سوغداق» (Soɣdaq) بىلەن بىر مەنبەلىك بولۇشى مۇمكىن. ئاننا مارىيە گابايىن خانىممۇ خەنزۇچە 粟特 دېگەن نام يەلكىم خەنزۇچە قەدىمكى تۈرك تىلىدا Soɣd(i)q دەپ ئاتالغان دەپ قارايدۇ. قاراڭ:
A. Von Gabain, *Alttürkische Grammatik*, Leipzig, 1950, p. 334.

توھپە قوشقانىدى①. ئەينى دەۋردىكى غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقە لىنىيەسىدە سوغدىلار ئاكتىپ رول ئوينىغان بولۇپ، تۈرك خانلىقىنىڭ ۋىزانتىيەگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى سوغدىلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى دەل سوغدىلاردىن بولغان كانگىيەلىك مانىياخ (Maniach) ئىدى②. مېنىڭچە، شۈەنزاڭ تۈركلەرنىڭ بارگاھىغا بارغاندا، تۈركلەر بىلەن بولغان سۆھبەتتە تەرجىمانلىق قىلغان سوغدى تەرجىمانلىرىنىڭ ئېغىزىدىن ’yntk’w دېگەن نامنى ئاڭلاپ، ئۇنى "印特伽" شەكلىدە خاتىرىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

## 4

موڭغۇل تىلىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك» بىلەن بىر مەنبەلىك بولغان «ھىنىستان» نامى ئۇچرايدۇ. ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلىدىكى «ھىندىستان» نامى «ئېنېتكېگ» (موڭغۇل تىلىدا ھىندى ئوكيانىنى «ئېنېتكېگ دالاي» دەپ ئاتايدۇ) بولۇپ③، موڭغۇلچىدىكى بۇ نامنىڭ سۆز قۇرۇلمىسىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سۆز بېشىدا تىل ئارقا سىرىلاڭغۇ تاۋۇش -h نىڭ يوقلۇقىغا ۋە سۆز ئاخىرىدىكى k- گە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بۇ نامنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك» بىلەن بىر مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. پائۇل پېللىئوتمۇ بۇ نامنىڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە ئۇچرايدىغانلىقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىن موڭغۇلچىغا كىرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ④.

ئەمما، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى موڭغۇلچە ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان «ھىندىستان» نامى بىردەك ئەمەس ئىدى. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»نىڭ تولۇقلىما قىسمىدا 欣都思 دېگەن نام ئۇچرايدۇ⑤. بۇ نامنىڭ موڭغۇلچە قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئېنىق مەنبە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ موڭغۇلچە ئەسلىي ئوقۇلۇشى ۋە كېلىش مەنبەسىنى ئىشەنچلىك ھالدا كۆرسىتىپ بېرىش ئىمكانىيىتىمىز يوق. لېكىن، ئې. خاينىش (E. Haenisch) نىڭ تەتقىقاتىدا «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا ئۇچرايدىغان 欣都思种 بىلەن 直至欣都思种地面 نىڭ موڭغۇلچە ئوقۇلۇشىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا Hindus irgen («ھىندىستانلىق كىشىلەر») ۋە Hindus-un γaĵar-a («ھىندىستان زېمىنىغا يېتىپ باردى») دېگەن شەكىلدە ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ⑥. 欣都思 دېگەن بۇ نام يەنە «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»نىڭ «سۆزلۈكلەر ئىزاھاتى»دا ئوخشاشلا hindus دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن⑦. ئاپتورلارنىڭ بۇ يەردە نېمىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، 欣都思نى Hindus دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى بىزگە نامەلۇم. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىدا سىرىلاڭغۇ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش -h- ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس ھەرپ بولمىغاچقا، بىز ھازىرچە بۇ نامنىڭ موڭغۇلچە زادى Sindu، Šindu، Hindu ياكى Indu دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا قولىمىزدىكى مەنبەلەر ئاجىزلىق قىلىدۇ.

① 张广达：《粟特人在佛经翻译中的作用》载张广达：《文本、图像与文化交流》，广西师范大学出版社，2008年，第290-294页。

②［法］沙畹：《西突厥史料》，中华书局，2004年，第208-209页。

③ 新蒙汉词典编委会编：《新蒙汉词典》，商务印书馆，北京，2007年，第1702页。

④ Paul Pelliot (Review), "Huang-Ts'ing K'ai-kuo Fang-lüeh" (Die Gründung des manschurischen Kaiserreiches). By Erich Hauer, in: *T'oung Pao,* Second Series, Vol. 25, No. 5(1928). p. 442.

⑤ 额尔登泰 乌云达赉：《蒙古秘史》校勘本。内蒙古社会科学院，1980年。

⑥ E. Haenisch, *Manghol un Niuca Tobca'n.* Leipzig, (1937) 92 § 261 .

بۇ ئىزاھات فرانسىس ۋۇدمان كلىۋېس (Francis Woodman Cleaves) نىڭ «1362 - يىلى تىكلەنگەن خەنزۇچە-موڭغۇلچە ئابىدە» (The Sino-Mongolian Inscription of 1362) ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ 94 - بېتىدىن ئېلىندى.

⑦ 额尔登泰、乌云达赉、阿萨拉图：《蒙古秘史词汇选释》，内蒙古人民出版社，呼和浩特，1980年，第192~193页。

موڭغۇلچىدە «ھىندىستان» نامى يەنە سۆز بېشىدا تىل ئارقا سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش ـ h بولمىغان ھالەتتە 1362 ـ يىلى تىكلەنگەن «شاھزادە ئىندۇ ئۈچۈن تىكلەنگەن خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە ئابىدە» بىلەن 1335 ـ يىلى تىكلەنگەن «خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە ئابىدە»دە Indu شەكلىدە ئۇچرايدۇ①. بۇ ئابىدىدىكى Indu خەنزۇچە 忻都نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىمۇ ياكى تەرجىمان بۇ نۇقتىدا باشقا مەنبەلەردىن پايدىلاندىمۇ؟ بۇنى بىلمەك تەس②. ئەمما، ۋاقتى سەل كېيىنرەك بولغان مەنبەلەردە موڭغۇلچىدىكى «ھىندىستان» نامى بىر قەدەر تۇراقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، بۇ نۇقتىنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى» (《华夷译语》) دە ئۇچرايدىغان موڭغۇلچە «ھىندىستان» نامىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ لۇغەتنىڭ «خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈك» قىسمىدا «ھىندىستان» نامى ened(t)geg (那答克"西天") ۋە eldeged يەنى enedged (安惕客惕"西天") شەكلىدە ئۇچرايدۇ③. بىز بۇ تىل مەنبەلىرىدىن پەرەز قىلىشىمىزچە، 14~15 ـ ئەسىرلەردە «ھىندىستان» نامى موڭغۇل تىلىدا سۆز بېشىدا تىل ئارقا سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش ـ h بولمىغان ھالەتتىكى ened(t)geg شەكلىدە تۇراقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى موڭغۇلچە «ھىندىستان» نامى كۆپ مەنبەلىك بولۇپ، بۇ نامنىڭ بەزىسى ئىران تىللىرىدىكى «ھىندىستان» نامىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولسا، بەزىلىرى خەنزۇچە «ھىندىستان» نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. سۆز قۇرۇلمىسىدىن

① Francis Woodman Cleaves, "The Sino–Mongolian Inscription of 1362 in Memory of Prince Hindu", in: *Harvard Journal of Asiatic Studies*, Vol. 12, No. 1 / 2 (Jun., 1949), p. 93.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان شاھزادە ئىندۇ ھىندىستانلىق شاھزادىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دايۈەن يىللىرىدا «غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىندۇ ئىسىملىك ئۇيغۇرنى كۆرسىتىدۇ. ئىندۇ بەشبالىقتىكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى كېيىن تۇرپانغا كۆچۈپ بارغان. ئىندۇ دېگەن بۇ مۆتىۋەر ئەلەم ۋە قەلەمدە يېتىشكەن كىشى بولۇپ، تۇرپاندىكى ۋاقتىدا كۆپلىگەن ئالىي مەنسەپلەردە ئولتۇرغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يۇڭچاڭغا كۆچۈپ بارغان ۋە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا يۇكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. كېيىن شاھزاد ئىندۇ يۇڭچاڭدا ۋاپات بولغان. بۇ ئابىدە دەل مۇشۇ كىشىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن 1362 ـ يىلى تىكلەنگەن.

② «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى «سىندۇ» (Sïndu)نىڭ كېلىپ چىقىشى بىرئاز مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ توغرىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن بارلىق ئىرانىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلىدىكى «ھىندىستان» نامى ئاساسەن تىل ئارقا سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش ـ h بىلەن باشلانغان بولۇپ، پەقەت سانسكرىت تىلىدىكى ۋەسىقىلەر(«ۋېدا» ۋەسىقىلىرى)دىلا «ھىندىستان» نامى ـ s بىلەن باشلانغان ھالەتتىكى Sindhu شەكلىدە ئۇچرايدۇ. قاراڭ:

梁晓虹，徐时仪，陈五云：《佛经音义与汉语词汇研究》，商务印书馆，北京，2005 年，第 331–341 页。

ئەمما خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «ھىندىستان» نامىلىرىدىن بولغان 身毒، 懸度 ، 信度، 辛頭، 信图، 辛图 قاتارلىق نامىلارنىڭ ھەممىسى ـ š بىلەن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نام ئۇچرايدىغان خەنزۇچە مەنبەلەرنىڭ يىل دەۋرى بىلەن «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ يېزىلغان دەۋرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تولىمۇ يىراق بولۇپ، بىز «سىندۇ» (Sïndu)نى بۇ نامىلار بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسىمىز يوق. گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ پىكرى بويىچە، «ئوغۇزنامە» داستانى مىلادىيە 13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان بولۇپ، بۇ يىل دەۋرىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، مۇشۇ مەزگىللەردە خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە يازما مەنبە ۋە تاش ئابىدىلەردە ئۇچرايدىغان «ھىندىستان»نى كۆرسىتىدىغان（思）欣都 دېگەن نام 忻都 بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ تەخمىنەن پەرەز قىلالايمىز.

③ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «خەنزۇچە ۋە باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى»نىڭ «خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈك» قىسمىدا «ھىندىستان» نامى ened(t)geg (那答克"西天") شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ «سۆزلۈك»نىڭ تولۇقلىما قىسمىدا ئۇچرايدىغان «ھىندىستان» نامى بىر ئاز پەرقلىنىك بولۇپ، «سۆزلۈك»نىڭ تولۇقلىما قىسمىدا eldeged (安惕客惕"西天") دەپ يېزىلغان. موڭغۇل تىلىنىڭ فونېتىكىسىدا تىل ئۇچى تاۋۇشى ـ l ـ بىلەن دىماق تاۋۇشى ـ n ـ ئۆزئارا ئالمىشىدىغان بولۇپ، موڭغۇل تىلىنىڭ كۆپلىگەن دىيالېكتلىرىدا «ئالتۇن»نى alt'an دەپ ئاتىسا، دۇڭشياڭ تىلىدا ant'an دەپ ئاتايدۇ. «ھەسەل»نى موڭغۇل تىلىنىڭ كۆپلىگەن دىيالېكتلىرىدا pal دەپ ئاتىسا، دۇڭشياڭ تىلىدا pan دەپ ئاتايدۇ. «تاتلىماق، ماتىلىماق» مەنىسىدىكى malt'a دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىنىڭ ئايرىم دىيالېكتلىرىدا mant'a دەپ ئوقۇلىدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، بىز eldeged (安惕客惕"西天") نىڭ ened(t)geg دەپمۇ ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

قارىغاندا، «خەنزۇچە ۋە باشقا تىللارنىڭ سىلىشتۇرما سۆزلۈكى»نىڭ «خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈك» قىسمىدا ئۇچرايدىغان «ھىندىستان» نامى ened(t)geg بىلەن ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلىدىكى «ئېنېتكېگ» (Enetkeg) بىر مەنبەلىك نام بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھىندىستان» نامى بولغان «ئەنەتكەك» بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولاتتى.

## 5

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك» نامى موڭغۇلچىدىن باشقا يەنە تىبەت تىلىدا endäkäg شەكلىدە ئۇچرايدۇ①. مەلۇم بولۇشىچە، تىبەت تىلىدا «ھىندىستان» نامىنى ئىپادىلەيدىغان بىرقانچە نام بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «رگيا ـ گار» (Rgya_gar) تىبەت تىلىدىكى «ھىندىستان»نى ئىپادىلەيدىغان ئورتاق نام ئىدى②. تىبەت تىلىدىكى endäkägنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بېرتولد لائۇفېر (Berthold Laufer) خەنزۇچىدىكى «ھىندىستان»نى بىلدۈرىدىغان Yin_tu kuo (*In_du kwok)غا باغلايدۇ③. مېنىڭچە، بېرتولد لائۇفېرنىڭ بۇ كۆزقارىشىغا قوشۇلۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئاپتور ئەسەردە بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي خەنزۇچە شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆز قۇرۇلما نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ خەنزۇچە ئەمەس، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «ئەنەتكەك» ۋە موڭغۇلچىدىكى «ئېنېتكېگ»كە يېقىن كېلىدۇ.

تىلشۇناسلىق پاكىتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تىبەت تىلىدا ئۇيغۇرچە، تۈركچە، موڭغۇلچە تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلۈكلەر كۆپ ئىكەن. مەسىلەن، تىبەت تىلىدىكى «پاگ ـ شى» [pag_ši] (قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بىكشۇ»، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «باخشى»)④، «چۇبا» [č'u_ba, č'u_pa] (ئۇيغۇرچىدىكى «چاپان»)، «ئۇلاگ» [u_lag] (ئۇيغۇرچە «ئۇلاغ»)، «چاگس ـ ماگ» (ئۇيغۇرچە «چاقماق»)⑤ قاتارلىق سۆزلەر. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرچىدىن بىۋاستە تىبەت تىلىغا كىرگەن سۆزلۈكلەر بولسا، بەزىلىرى موڭغۇلچە ئارقىلىق تىبەتچىگە كىرگەن ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر ئىدى. دېمەك، موڭغۇللار بىلەن تىبەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئورتاقلىق قاتارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، تىبەتچىدىكى endäkäg سۆزىنى موڭغۇلچە ئارقىلىق تىبەتچىگە كىرگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە نام دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھىندىستان» نامى ھەرخىل بولۇپ، بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما مەنبەلەردە «ئەنەتكەك»، «ئىندۇكا»، «ئىندۇك»، «سىندۇ» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئەنەتكەك» نامى «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دە ئۇچرايدىغان «ئىندۇكا» بىلەن مەنبەداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كۇسەن تىلى (تونخرى B تىلى) دىكى Yentukemneغا ئەمەس، بەلكى سوغدى تىلىدىكى n'tk'k, 'ntk'k, 'ntkw'لارغا باغلاشقا بولىدۇ.

سوغدىچىدىكى «بىخاۋرۇخىي» قوشۇمچىسى k ـ بىلەن ياسالغان yn'tk'k' قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا

---

① گابايىن خانىم: «شۆنزاڭ بىئوگرافىيەسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»، «پىروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ژۇرنىلى»نىڭ تىل ۋە تارىخ قىسمى، 7 ـ بۆلۈم، بېرلىن: 1935 ـ يىلى نەشرى، 169 ـ بەت؛ ياڭ فۇشۆ: «ھىندى بۇددا مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 108 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② تىبەت تىلىدا «ھىندىستان»نى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن «رگيا ـ گار» (Rgya_gar)دىن باشقا، يەنە «خپاگس ـ يۇل» (Hphags_yul)، «خپاگس ـ خكرۇنس» (Hphags_hkhruňs)، «بسود ـ نامس ساگشى» (Bsod_nams sa_gshi)، «ساخى ـ سنىن ـ پو» (Sahi_sñiň_po) قاتارلىق سۆزلەر بار. قاراڭ: Sarat Chandra Das, Rai Bahadur, C. I. E, *Tibetan English Dictionary*, 1951, p. 304 .

③ Berthold Laufer, "Loan_Words in Tib, tan", *Toung Pao*, Second Series, Vol. 17, No. 4 / 5 (Oct. _Dec, 1916), p. 498.

④ Berthold Laufer, "Origin of the Word Shama", *American Anthropologist*. New Series, Vol. 19, No. 3 (Jul. _Sep, 1917), pp, 361_371.

⑤ Berthold Laufer, "Loan_Words in Tibetan", *Toung Pao*, Second Series, Vol, 17, No. 4 / 5 (Oct_Dec1916), p. 491_492.

«ئەنەتكەك» شەكلىدە ئۆزلەشكەن بولسا، yn'tk'k’نىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بولغان yn'tkw’ «شاپائەت ئىبادەتخانىسىدىكى سامسى ئاچارى تەزكىرىسى» بىلەن «سۇڭ دەۋرىدىكى راھىپلار تەزكىرىسى»دىكى "印特伽" بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ھازىرقى ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى زامان موڭغۇل تىلىدا «ھىندىستان»نى بىلدۈرىدىغان بىرقانچە نام بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئىنېتكېگ» دېگەن نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك»تىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا، endäkäg موڭغۇلچە ئارقىلىق تىبەتچىگە كىرگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەنەتكەك» دېگەن سۆز ئىدى.

[بۇ ماقالە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مۇنەۋۋەر ياش ئوقۇتقۇچىلار تەتقىقات تۈرى ــ «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى. تەستىق نومۇرى: XJNU0803]

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن

# قۇمدەريا قەبرىستانلىقىنىڭ قايتا بايقىلىشى ۋە قېزىلىشىنىڭ تاماملىنىشى

ئەنۋەر ھەسەن

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

## 9. چىغ سېۋەتلەر

قەبرىلەردە ساپال بۇيۇملار يوق، چۈنكى بۇ رايوندا مۇۋاپىق كەلگۈدەك سېغىز توپىنىڭ يوقلۇقى ئېنىق. برونزا قاچىمۇ يوق، گەرچە قۇمدەريا قەبرىستانلىقى برونزا دەۋرىگە تەئەللۇق بولسىمۇ (ئەلۋەتتە، بۇ جايدىن تۆمۈردىن ياسالغان نەرسە بايقالمىدى)، لېكىن قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان كىچىك تىپتىكى زىننەت بۇيۇملىرى ۋە بېزەك تاختىلىرى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ياغاچ بۇيۇملاردىن، ئۇلارنىڭ مېتاللارنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەڭ دائىرىدە ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، يەرلىك ئىشلەپچىقىرىشتا مەدەنىيەتنىڭ كەم بولۇشى، بۇ بۇيۇملارنىڭ ئەمەلىي قېزىش جەريانىدا ئاز ئۇچرىشى، ئۇلارنىڭ جەسەتلەر بىلەن برونزا بۇيۇملار ۋە باشقا بۇيۇملارنى بىللە كۆممەسلىكىگە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، قۇمدەريا قەبرىستانلىقىنىڭ ئاھالىسى ماددىيىنىڭ ئورنىدا ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتنىڭ تېرىسى، يۇڭ، ياغاچ، ئۆزگىچە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ساپىقى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى، يىلتىزى، دەرەخ چىۋىقلىرى ۋە ھەرخىل تالالاردىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. قەبرىدە بار بولغان باغلام ھالەتتىكى قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى قۇمدەريا قەبرىستانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ئۆسۈملۈك كەمسىز مۇھىتتا بۇ ئوت ـ چۆپلەر ئۇلارنىڭ ئېتىبارلىشىشىغا ئېرىشكەن.

قەبرىلەردە باشتىن ئاخىر ئوت ـ چۆپتىن، چىغدىن ياكى باشقا ئۆسۈملۈك ماتېرىياللىرىدىن توقۇلغان كىچىك سېۋەتلەر قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلار تىپىك ھالدا جەسەتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇلغان. سېۋەتنى ئاچقاندا، ئىچى ئادەتتە بىر پارچە ئاق يۇڭ رەخت بىلەن پېچەتلەنگەن. ئىچىدە دانلىق زىرائەتلەردىن بۇغداي ۋە دان ھەمدە بۇغدايدا قىلىنغان يېمەكلىك قاتارلىقلار بار. ئېنىسلى زىننەتلىنىپ ئىنچىكە ئىشلەنگەن سېۋەتلەر بولسا قۇمدەريا قەبرىستانلىقى ئاھالىلىرىنىڭ تاماق قاچىسى ۋە قاچىلاش ئەسۋابى قىلىشتىكى تەڭداشسىز بۇيۇمى ئىدى. ئۇلارنى كۆتۈرۈشتە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، سېۋەت ئاغزىنىڭ ئىككى قىرىدىن يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن.

بەزى سېۋەتلەر ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ كېڭەيگەچكە، بىر قاراشتا كومزەككە ئوخشايدۇ، يەنە بەزىلىرى سىلىندىرسىمان شەكىلدە. كۆپىكە ماھىر ئالدىنقى قاتاردىكى سېۋەت توقۇش ئۇستىلىرى بۇ سېۋەتلەرگە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ غولى ۋە ساپىقىدىن باشقا ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تالالىرى ۋە ئەۋرىشىم كىچىك دەرەخ چىۋىقلىرى ۋە ياش يىلتىزلىرىنىمۇ ئىشلەتكەن. ئۇلار يۇڭ توقۇلمىلارنى ئىشلىگەندىمۇ، ئوخشاش بولمىغان رەڭدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ گېئومېتىرىك نۇسخىلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئىشلەتكەن ماتېرىيالنىڭ پارقىراقلىقى ۋە سۈپەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان. يېڭىلىق يارىتىش سەۋىيەسى ۋە ئېھتىياجى، بۇ كىچىك سېۋەتلەردىكى ئېستېتىك زوق، ئۇلارنىڭ كۆرۈنەرلىك مەدەنىيەتكە قامەتلىك ھالدا كىرگەنلىكىنى نامايان قىلغان.

## 10. چاكاندا ۋە باشقا دەپنە بۇيۇملىرى

ئۇششاق چاكاندا شاخلىرى قۇمدەريا قەبرىستانلىقىدىكى ھەربىر جەسەتنىڭ يېنىغا قويۇلغان. بەزى جەسەتلەر راستلا باغلام چاكاندىلار بىلەن ئورالغان، بەزىلىرىدە بولسا كىچىك خالتا ئىچىگە

سىلىنغان چاكاندا (يەنە بوغداي ياكى ئارپا قاتارلىقلارمۇ بار) جەسەتنىڭ بەدىنىدىكى يېپىنچىنىسىغا ئوراپ قويۇلغان. بۇ يەردە ياشىغان ئاھالىلەر چاكاندىنى بىر ئالاھىدە مۆلۈك دەپ قارىغان. بۇ يەردە چاكاندا بىرخىل رەسمىيەت ئىچىملىكىنىڭ خورۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ كىشىلەرگە ئەبەدىي خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە دەپ قارالغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چاكاندا مەيلى شەرقتە ياكى غەربتە بولسۇن، ئەنئەنىۋى دورىلارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. چۈنكى چاكاندا دىماقنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئۆپكە يوللىرىنى كېڭەيتىش ئالاھىدىلىكىدىن باشقا، يەنە شامال ئۈچۈرۈپ كەلگەن قۇملارنى توسۇشتا ناھايىتىمۇ قىممەتلىكتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، جەسەتلەرنىڭ بويىنىنىڭ يان تەرىپىگە قوي ياكى كالىنىڭ قۇلىقى ئازراق قويۇلغان ھەمدە جەسەتلەر بىلەن بىللە يۇلغۇن شاخلىرى ۋە قىزىل يۇڭ يىپ بىلەن ئورالغان پەي قەلەملىرى بىللە كۆمۈلگەن. بۇ يەردە يەنە جىنسىي پەرق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان بۇيۇملارمۇ بار. مەسىلەن، ئەر جەسەتلەر دەپنە قىلىنغان قەبرىلەردە ئۆلۈكنىڭ ئالدىغا تىكلەنگەن ئاياللارنىڭ ئەۋرىتى ئويۇلغان تۇۋرۇكلەرنىڭ ئىككى يېنىغا ھەمدەپنە بۇيۇمى قىلىنغان يا ۋە يا ئوقى قويۇلغان. ئاياللارنىڭكىگە بولسا كىچىك ياغاچتىن ئويۇلغان زەكەر جەسەتنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان. بۇ يەردىكى جەسەتلەرگە ھەمدەپنە قىلىپ قويۇلغان باشقا تەبىئىي نەرسىلەر بىلەن زىننەت بۇيۇملىرى ئارىسىدا ناھايىتى كىچىك پەرق بار. ئەرلەرنىڭ كىگىز قالپاقلىرى ئاساسەن ئېگىز ۋە ئۇچلۇق بولۇپ، بىر قاتار پەيلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. ئاياللارنىڭكىنى ئەرلەرنىڭ بۆكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كەڭرى ۋە يۇمىلاق بولۇپ، بىر تال پەي بىلەن زىننەتلەنگەن. ئەرلەرنىڭ پلاشلىرىنىڭ پېشىغا پۆپۈك تۇتۇلغان بولسا، ئاياللارنىڭ پلاشلىرىنىڭ باش قىسمى بىلەن مۈرىلىرىگە پۆپۈك تۇتۇلغان. ئاياللارنىڭ بەل كىيىمى ئاددىي ۋە تار بولۇپ، خۇددى بەلباغقا ئوخشايدۇ، خۇددى بۇ ئاياللار قىسقا يوپكا كىيىۋالغاندەك.

## 11. ئولتۇراق رايونى

قۇمدەريا قەبرىستانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن سىرلىق ئىشلار، بولۇپمۇ يېقىن ئەتراپتىكى رايونلاردا ئوخشاش دەۋرگە مەنسۇپ ئولتۇراق رايونىنىڭ بولماسلىقى، بۇ رايوندا قېزىش قىلىۋاتقان ئارخېئولوگلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى. بەش كىلومېتىرلىق دائىرىدە ھېچقانداق ھاياتلىق ئىزى يوق ئىدى. قەبرىستانلىقنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن سىرتىغا يەنە 10 كىلومېتىر دائىرىدە تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوخشاش دەۋرگە ئائىت ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراق رايون ئىزى تېپىلمىدى. بۇ خېلى چوڭ قەبرىستانلىق بولۇپ، كىشىلەر قەيەردىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى دەپنە قىلغان؟ ئۇلار ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ يىراق جايلاردا قەبرىستانلىق بەرپا قىلغان، يۇكسەك ھەرىكەتچان كۆچمەنلەر تېپىغا كىرمەيدۇ. دۆڭلۈكنىڭ ئۈستى يۈزىگە تىكىلەنگەن غايەت زور تۇۋرۇكلەر ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاشالاردىن قارىغاندا (يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن، چوڭ تېپتىكى ئۆكۈەك تاختايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئاساستا)، ئۇ ئادەمگە بىر خىل روشەن ھەشەمەتلىك، يەنى ئىسراپخورلۇق تۇيغۇسىنى بېرىدىغان بولۇپ، ئىشلىتىلگەن ياغاچلارنى قاقاس چۆللۈكتە ھەرقايسى تەرەپلەردىن كۆز بىلەن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

قۇمدەريا قەبرىستانلىقىغا ئىشلىتىلگەن بۇ غايەت زور ياغاچلار قەيەردىن كەلگەن؟ بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن بۇ رايون قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغان بولۇپ، قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن قالدۇق يىلتىز ۋە قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى بايقالدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، قۇمدەريا قەبرىستانلىقىدىكى بۇ غايەت زور ياغاچلار 3000~4000 يىلدىن بۇيان ئوخشاش بولغان ناچار ھاۋا شارائىتى ئاستىدىمۇ ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغاچنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسمى بوران ۋە قۇمنىڭ مۇھىتقا بولغان زور بېسىمنى تۆۋەنلىتىپ، قۇملۇقنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆرسەتكەن. كەڭ، ئۇزۇن ۋە ئۆتكۈر كېسىلگەن تۇۋرۇكلەر، ماھىرلىق بىلەن ئويۇلغان ئورەكلەردىن، بۇ يەردە ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئالاھىدە مۇرەككەپ جابدۇقلارنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرگىلى

بولىدۇ.

قۇمدەريا قەبرىستانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھەم ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغىنى 1979 ـ يىلى ۋاڭ بىڭخۇا بىلەن مۇ شۇنيىڭ تەرىپىدىن بايقالغان كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قاراغول (گۇمۇگۇ) ۋە تۆۋەنئېقىن (تيېەنخې) قەبرىستانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى ئوخشاش (3500 يىل بۇرۇن) بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرمۇ سۇس قوڭۇر چاچلىق، قاڭشارلىق، نېپىز لەۋلىك بولۇپ، بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ياۋروپالىقلارغا ئوخشايدۇ. قاراغول ۋە تۆۋەنئېقىن قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەرگىمۇ ناھايىتى ياخشى توقۇلغان دانلىق زىرائەت سېلىنغان كىچىك سېۋەتلەر قويۇلغان ھەمدە جەسەتلەرنىڭ بېشىغىمۇ ئۇچلۇق بۆك كىيدۈرۈلگەن. قاراغول قەبرىستانلىقىدا ئىشلىتىلگەن ياغاچ تۈۋرۈكلەر قۇمدەريا قەبرىستانلىقىدا ئىشلىتىلگەن ياغاچ تۈۋرۈكلەرگە ئوخشىمايدىغان يېڭى نۇسخىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قاراغولدا تۈۋرۈكلەر يەتتە مەركەزداش چەمبەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇزۇن رەتلىك چەمبەرلەر خۇددى ھەممە تەرەپتىن نۇر چېچىپ تۇرۇۋاتقان قۇياشقا سىمۋول قىلىنغان. دېمەك، قۇمدەريا قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان ئاھالىلەر ئارىلىقى 40 كىلومېتىرلا كېلىدىغان قاراغول ۋە تۆۋەنئېقىن قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان ئاھالىلەر بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك جەھەتتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، مىلادىيەدىن 2000 يىل بۇرۇن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ياشىغان ئاھالىلەر بىلەن ئوخشاش مەزگىلدە قۇمدەريا بويلىرىدا ياشىغان ئاھالىلەر ئوخشاش رايون مەدەنىيىتىگە تەۋە دەپ قارايمەن. ئۇلار جۇغراپىيەلىك مۇھىت، ئۆرپ ـ ئادەت، تەن قۇرۇلمىسى، ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېقىنلىقىدىن باشقا، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس دەپنە ئادەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

## 12. قۇمدەريا قەبرىستانلىقىنىڭ دەپنە ئالاھىدىلىكى




بىزنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرلىرىدىكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە ئائىت بىلىشلىرىمىز بولسا تارىمنىڭ شىمالىي قىرلىرىنى بىلىشىمىزگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى كەمچىل. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا قەبرەغول مەدەنىيىتىگە ئوخشاش ساقلىنىپ قالغان قەبرىستانلىقلار ئاۋرېل ستېيىن ۋە بېرگمانلارنىڭ خاتىرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئاۋرېل ستېيىن ئەينى مەزگىلدە لوپنۇر رايونىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش جەريانىدا دەپنە قىلىش ئادىتىدە ئوخشاشلىقى بولغان بىرنەچچە قەبرىستانلىقنى ۋە ياخشى ساقلىنىپ قالغان قۇرۇق جەسەتلەرنى بايقىغان ھەمدە بۇ توغرىدا توختالغان. ئاۋرېل ستېيىننىڭ 1927~1928 ـ يىللىرى تارىم ۋادىسىدا ئېلىپ بارغان قېدىرىپ تەكشۈرۈشلىرىدە، ئۆردەك (لەقىمى بولۇشى مۇمكىن) بوۋاينىڭ رولى ئالاھىدە بولغان. ئۆردەك بوۋاي ئاۋرېل ستېيىنگە ياردەمچى بولۇپ يول باشلاپ بەرگەن بىر ئۇيغۇر بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە ئۆردەك ئۆزى كۆرگەن قۇمدەريا قەبرىستانلىقنى ئاۋرېل ستېيىن بىلەن بىللە تېپىشتا مەغلۇپ بولغان، بىراق ئاۋرېل ستېيىندىن كېيىن شۋېتسىيەلىك ئارخېئولوگ بېرگمان ئۆردەكنىڭ قايتا يول باشلىشىدا بۇ قۇمدەريا قەبرىستانلىقنى تاپقان ھەمدە ئۇنىڭغا «قۇمدەريا قەبرىستانلىقى» ياكى «ئۆردەك قەبرىستانلىقى» دەپ نام بەرگەن.

فولـك بېرگمـان بايقىغـان قـۇم بارخانـدىكى تىـك تۈۋرۈكلـۈك قەبـرىلەر بولـسا قەبرەغـول قەبرىستانلىقىدىن بالدۇر ئىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى مەزگىلدە قۇم بورانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئۆتىگەن تىك تۈۋرۈكلەردىن يۈزدىن ئارتۇق، ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر ئەتراپىدا، تۈۋرۈكلەر قىزىل بويالغان بولۇپ، 75دىن ئارتۇق تۈۋرۈك يىقىلىپ چۈشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە يەنە تىك ۋە يىقىلغان ھالەتتىكى پالاق شەكىللىك ياغاچ تۈرۈكلەرمۇ بار بولۇپ، يەنە تۆپىلىكتە 120دىن ئارتۇق ئۆكەكلەرنىڭ ياغاچ تاختىلىرى قالايمىقان تاشلىۋېتىلگەن، بۇلارنى بىرلەشتۈرگەندە ئاز بولغاندىمۇ 8 ئۆكەكنىڭ تاختىيى ئىكەنلىكىنى، تۆپىلىكنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدە چىرىپ كەتكەن جەسەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ چېچىلىپ تۇرۇشى ئارخېئولوگىيەلىك نۇقتىدىن ئالغاندا خېلى ئېغىر ئىدى. تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدىن يەنە قامىتى ۋە شەكلى ناھايىتى ئېنىق بولغان بىر ئەر بىلەن ئىككى ئايالنىڭ ياغاچتىن ياسالغان بەدەن شەكلى بايقالغان. بېرگمان بۇ يەردە دائىرىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. ئەينى ۋاقىتتا بەشىنچى نومۇرلۇق قەبرىدىكى قۇرامىغا يەتكەن ئەرنىڭ جەسىتى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. بۇ جەسەتنىكى بەزى ئىزلاردىن قارىغاندا، ئۇ بەلكىم بېشى قاتتىق زەخمىلەنگەندىن ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن، جەسەت تۈز قىلىنىپ قۇم ئورەككە ياتقۇزۇلۇپ، ئىككى يان تەرەپتىن توغراق ياغىچىدىن قىلىنغان ئۆكەك ياغىچى ئىككى ئۇچىدىن بىرىكتۈرۈلۈپ جەسەت ئورالغان، ئاندىن جەسەتنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا قىلىپ ياغاچ تاختىلار قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىرنەچچە كالا تېرىسى بىلەن ئورالغان. بۇ ئۆكەكنىڭ ئاستى يوق، خۇددى دۈم كۆمتۈرۈلگەن قولۋاقنىڭ ئۆزى. بۇ جەسەتكە يۇڭدىن توقۇلغان پىلاش يېپىلغان، بېشىغا بۆك كىيدۈرۈلۈپ، بوغقۇچ بىلەن ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىن بوغۇلغان، ئۇنىڭ بېشىنىڭ يېنىغا بۇغداي سېلىنغان چىغ سېۋەت قويۇلغان. بۇ سېۋەتتىن بۇغدايدىن باشقا ئاز بىر قىسىم تېرىقمۇ تېپىلدى. بېرگمان بۇ يەردە «خەننامە»دە خاتىرىلەنگەندەك چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ئاساس قىلىنغان بولۇشى، بۇنداق قاقاس رايوندا دانلىق زىرائەتلەر بەلكىم خوشنا ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىلغان. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان قەبرەغول قەبرىستانلىقىدىنمۇ بۇغداي ۋە تېرىق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى بايقالدى. بىز بۇ قەبرەغول قەبرىستانلىقىنى دېھقانچىلىق تۇرمۇشى بىلەن باغلىماي تۇرالمايمىز. بۇ قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بېزەك بۇيۇم بولسا سۆت رەڭلىك ئەينەك مارجان بولۇپ، سېۋەتتە يەنە ئارپىدىن قىلىنغان ئۇماچمۇ بار. بۇ 5 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتنىڭ ئوڭ قولىدا يۇلغۇن ياغاچ تۇتۇقلۇق، يەنە بىر قىسىم بۇغداي ۋە چاكاندا ئۇۋاقلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا چېچىپ قويۇلغان، ئۇنىڭدىن باشقا جەسەتنىڭ ئاستىدىن ئوق ئۇچى بولمىغان تۆت دانە ئوقيا قېزىۋېلىنغان، بوينىنىڭ ئەتراپىغا ئۇششاقلانغان بىرنەچچە پارچە كالىنىڭ قۇلاقلىرى قويۇلغان. باشقا ئۆكەكلەردىمۇ بۆركۈتنىڭ ئېگەك سۆڭىكى ۋە ئاتنىڭ پۇت سۆڭىكىدىن باشقا ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ئاساسەن ئوخشاش. تۆپىلىكتە قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىدا يەنە چېچىلىپ ياتقان بىر قىسىم تاشتىن قىلىنغان باشاقلىق ئوقيا، چىغ سېۋەت ۋە تارغاقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.



خۇددى بىز كۆرگىنىمىزدەك، ياغاچلارنى تىكلەپ قويغان، چاكاندا، دانلىق زىرائەت سېلىنغان چىغ سېۋەتلەرنى ئىشلەتكەن، ساپال بۇيۇملار كەمچىل بولغان، ئۇمۇمىي ئالاھىدىلىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ قەبرىستانلىقتا قەبرەغول قەبرىستانلىقى يېقىن جايلاشقان. بۇ خىل دەپنە مۇراسىمى بۇ رايونلاردا بەلكىم تاكى خەن دەۋرىگىچە داۋاملاشقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىگە 200 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى كېيىنكى مەزگىلگە توغرا كېلىدىغان يىڭپەن قەبرىستانلىقىدىنمۇ ساپال بۇيۇملارغا قارىغاندا ئورگانىك بۇيۇملاردىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى كۆپرەك بايقالغان، قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىمۇ ياغاچ قوۋزاقلىرى بىلەن ئورالغان. بىراق، بۇ قەبرىستانلىقتىن يەنە تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان تۆمۈر قوراللار، توقۇلمىلارنىڭ ئىچىدىمۇ يىپەك توقۇلمىلار، پاختا رەخت قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان بولۇپ، يىل دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 300- يىلىدىن مىلادىيە 500- يىلىغىچە دەپ بېكىتىلگەن، بىز بۇنىڭدىن بۇ خىل دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا خېلى بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشقانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

## 13. خۇلاسە

قەبرىستانلىقتا ئەرلەرنىڭ زەكىرىگە تەقلىد قىلىنغان تۈۋرۈكلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىگە تەقلىد قىلىنغان تۈۋرۈكلەردىن باشقا، يەنە ياغاچتىن ياسالغان ئادەمنىڭ بەدەن شەكلى ئويۇلغانلىرىمۇ بار بولۇپ، بەزىلىرى ئاسان ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدىغان راستتەكلا قىياپەتتە، بەزىلىرىنىڭ جىنسىي ئەزالىرى كۆپتۈرۈلگەن بولۇپ، پۈتۈن قەبرىستانلىق كۆپىيىشكە بولغان مەپتۇنلۇق بىلەن تولغان. يەنە قەبرىلەردىنمۇ ناھايىتى كۆپ مىقداردىكى ياغاچ ئويما زەكەرلەر قېزىۋېلىندى، بەزىلىرى ناھايىتى جانلىق ئەمەلىي بولسا، بەزىلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، قۇمدەريا قەبرىستانلىقىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىيىش ئۈنۈمگە بولغان ئارزۇسى بۇ يەردىكى قەبرىلەرنىڭ بىرەرسىدىمۇ كەم قالغان ئەمەس، ھەتتا جەسەتلەرمۇ شۇنداق.

قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ھەممەپنە بۇيۇملىرىنى ھەرگىزمۇ شەھۋەتپەرەسلىك دەپ تەسۋىرلەش ياكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ زور ياخشىلىقى دەپ قاراشقا بولمايدۇ، بۇ قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ سانلىق مىقدارى ۋە سۈپىتىگە قاراپ، كىچىك مۇرەن ئاھالىلىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە ئادەتلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. بەزى جەسەتلەر بىلەن بىللە قويۇلغان ياغاچتىن ئويۇلغان كىچىك ئادەمنىڭ يۈزى (ھەممىشە ناھايىتى مۇبالىغە قىلىنغان ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق ۋە ئورا كۆزلۈك) نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ يا ئوقنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە بېزەكلەرنىڭ تىپولوگىيەسىدە، قايسى مەدەنىيەت تىپىدىكىلەر بىلەن بۇ قۇمدەريا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنى سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ؟ بۇ يەردە چاكاندىنى قۇمدەريا ئاھالىلىرىدەك قايسى جەمئىيەت توپى يەنە ئەتىۋارلايدۇ؟ برونزا دەۋرىدىكى قايسى ئاھالىلەر قۇمدەريا قەبرىستانلىقىدىكىگە ئوخشاش قىزىل بويالغان چوڭ كالا مۈڭگۈزىنى ئۆزلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىدىكى تۈۋرۈكلەرگە ئېسىپ قويىدۇ؟ قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ئىلان شەكىللىك ھوقۇقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياغاچ ھاسا نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار بەزى مىس بېزەك تاختىغا ياغاچ قۇرۇلمىلارنى تىقىپ قويىدۇ؟ بەلكىم ھەممىسى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن، باشقا قەبرىستانلىقلاردىكى ياغاچ جابدۇقلار ئويمىچىلىقىدىمۇ بەزى ئوخشاشلىقلار بارمۇ؟ بۇ قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان مول ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە يىل كېتىدۇ، بىراق خىزمەت تاماملانغاندا، بىز ياۋرو- ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى بۇ برونزا دەۋرى مەدەنىيىتىنى، تېخىمۇ تەپسىلىي ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزاھلىيالىشىمىز مۇمكىن. بۇ تەسۋىرلەش بولسا قۇمدەريا قەبرىستانلىقى ئاھالىسىنىڭ غەرب بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئۇلارنىڭ شەرق مەدەنىيىتىدىكى تەدرىجىي تەرەققىياتىدا ھەر تەرەپلىمە باغلىنىشىنى نۇقسانسىز ئېچىپ بېرىدۇ.

قۇمدەريا قەبرىستانلىقىدىكى يېقىنقى بىر يۈرۈش قېزىشتا، بۇ قەبرىستانلىقتىن جەمئىي 330 قەبرە قېزىۋېلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، 163 قەبرە ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان، 167 قەبرە بولسا قەبرە ئوغرىلىرى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. 30 ئۆكەك جەسەت بىلەن بىللە ھەمدە

قىزىۋېلىنغان 1000دىن ئارتۇق ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىندى. قۇمدەريا قەبرىستانلىقى ئېچىپ بەرگەن مەدەنىيەت بولسا شەرقىي ئاسىيادىكى ئەينى مەزگىل مەدەنىيىتى بىلەن ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بىز يۇقىرىدا كۆرگەندەك، قۇمدەريا قەبرىستانلىقىدىكى ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت بولسا غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى يېقىنراق. دېمەك، يىپەك يولىدىكى برونزا مەدەنىيىتىدىكى كىشىلەر شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەتتىكى بوشلۇقتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان، خۇددى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىكىدەك.

## پايدىلانمىلار:


1. فولك بېرگمان: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

2. فولك بېرگمان: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

3. شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەييارلىغان: «2002 ـ يىلى قۇمدەريا قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتىن دوكلات»، «چېگرا رايون ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى» 2004 ـ يىللىق 3 ـ سان.

5. فولك بېرگمان: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 75 ـ بەت.

6. ئىدىرىس ئابدۇرۇسۇل، لى ۋېنيىڭ: «2003 ـ يىلى قۇمدەريا قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى 2003 ـ يىللىق 1 ـ سان.

8. ماللوري، ج. پ ۋە ۋىكتور ھ. مىير: «تارىم قۇرۇق جەسەتلىرى»، لوندون: 2000 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 148 ـ بەت.

10. ياپونىيە NHK تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن ھۆججەتلىك فىلىمدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.


**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن

# ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۆزگىرىشى

مۇتەللىپ ئىقبال

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھادىسىسى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاسمان جىسىملىرىغا، ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرگە ۋە ئەجداد ـ قەھرىمانلارغا چوقۇنۇشتەك ئېتىقاد شەكلىگە ئىگە. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھادىسىسى ھەرقايسى خەلق مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىدا ساقلىنىۋاتقان ئىپتىدائىي ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرنى مىسال قىلىش ئارقىلىق، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھادىسىلىرىنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىپتىدائىي ئېتىقاد؛ ئۇيغۇرلار؛ ئىسلام دىنى

ئىپتىدائىي دىن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئەڭ دەسلەپ ياۋايىلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەچكە، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى ئادەتلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولغانىدى. مەسىلەن، قۇياشنى قەدىمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان مىللەت، قەۋملەر ئۇلۇغلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان. چۈنكى، قۇياش ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تەبىئەتتىكى ھەممە شەيئى ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق ئېتىقاد ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

ئىپتىدائىي دىن ئىنسانىيەتنىڭ باللىق دەۋرىدىكى ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، كۆپ خۇدالىق دىنغا تەۋە. شۇڭا، ئۇ كېيىنكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن يەھۇدى دىنى، خىرىستىيان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق بىر خۇدالىق دىنلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھەققىدە غەرب ئالىملىرى كۆپ ئىزدەنگەن بولۇپ، ئالىملار ئۇنى «ئىپتىدائىي ئېتىقاد» ياكى «خەلق ئېتىقادى» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئاتاپ كەلگەن. قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بەزى تەتقىقاتچىلار تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى « ‹شامان دىنى› ئاتالغۇسى خەلقئارا ئاتالغۇغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇ ‹ئىپتىدائىي دىن› ، ‹ئىپتىدائىي ئېتىقاد› دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. شۇڭا، ئىپتىدائىي ئېتىقادنى ‹شامان دىنى› دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ»① دەپ قارايدۇ. شامان دىنىنىڭ دىن ياكى دىن ئەمەسلىك مەسىلىسى ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا خېلى كۆپ تالاش ـ تارتىشلارنى قوزغىغان. بەزى تەتقىقاتچىلار شامان دىنىنى بىر خىل ئىپتىدائىي دىن دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە مېنىڭ شامان ئاتالغۇسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىمدىكى سەۋەب، كۆپ سانلىق تەتقىقاتچىلار ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنى شامان دىنى ئېتىقادى دەپ قارايدۇ. بۇ، بەلكىم تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا شامان (باخشى)لارنىڭ رولىنىڭ چوڭ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «شامان» ئاتالغۇسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تىلىدىن كېلىپ چىققان ئىلمىي ئۇقۇم. شۇ نەرسە ئېنىقكى، شامان ئېتىقادىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھادىسىلىرى بىلەن كۆپىنچە ئوخشاشلىققا ئىگە. دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندى: «شامان دىنى ئىپتىدائىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي

① راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 4 ـ بەت.

ئېتىقاد تەرەققىياتى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە»① دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇلار تارىخىدىكى ئېتىقاد هادىسىلىرى ئالىملار تەرىپىدىن ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەپ قارىلىۋاتقان هادىسىلەر بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئوخشاش بولغاچقا، مەن بۇ ماقالىدە ئىپتىدائىي ئېتىقاد دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتىم.

ئىنسانىيەت 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ روشەن تەسىرىنى بايقايمىز. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئىزلىرى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە بەزى كىشىلەر مەدەنىيەتتىكى بەزى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرىنى «خۇراپاتلىق» قالپىقى بىلەن چۆرۈپ تاشلاشقا ئورۇنىدۇ. بۇ خىل قاراش تولىمۇ بىمەنە، چۈنكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرى مەدەنىيەت بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن. مەسىلەن، خەنزۇ مىللىتىنىڭ قەدىمدە ئەجدىرھانى ئۇلۇغلاپ توتېم قىلىشى بۈگۈنكى كۈندە بايراملاردا ئەجدىرھا ئويۇنى ئويناش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار يەنە «福» خېتىنى چاغان ۋە باشقا بايراملاردا ئىشىكىگە تەتۈر چاپلاپ قويۇپ، بەختلىك بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ھىندىستان كوچىلىرىدا كالىلار ئەركىن يۈرەلەيدۇ، چۈنكى، ھىندىستانلىقلار قەدىمكى دەۋردە كالىنى ئۆزىنىڭ توتېم ئوبيېكتى قىلغانىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ياكى سۈنئىي دىنلاردىكى نۇرغۇن هادىسىلەر ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەسىرى خېلى زور بولۇپ، بۇ ھەقتە ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان نۇرغۇن دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئىسلام دىنى ئۇيغۇلاردا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان دىن بولۇپ، هازىرغا قەدەر مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئىپتىدائىي دىنىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئىسلام دىنىدىكى بەزى ئادەت ـ مۇراسىملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۆزگىچە مەدەنىيەت هادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «نۇرغۇن ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەرگە ئىسلامىيەت قاراشلىرى سىڭىپ كىردى ياكى ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن قالغان ئادەتلەر ئىسلامچە چۈشەندۈرۈلدى ياكى چۈشىنىلدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دەسلەپكى ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىگە ئىسلامىيەت يوپۇقى يېپىلدى»②.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئەمما كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئۇلار ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان سۈنئىي دىن ــ نېستورى دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ تەسىرى ئاساسىي جەھەتتىن سىقىپ چىقىرىلغان ياكى ئىسلامىيەت شۇ دىنلارنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلغانىدى. بىۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئىسلام دىنى ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق بىر دىنني ئىدىيە بىلەن سىغىشالمىسىمۇ، ئەمما نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرى ئىسلام دىنى تۈسى قويۇق جايلاردىمۇ هازىرغىچە ساقلانغان ۋە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن.

ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد هادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقىتلاردىمۇ شۇ دىنلار بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بىز تارىخىي ماتېرىياللارغا قارايدىغان بولساق، ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئۇيغۇلار مانى ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان چاغلاردىمۇ شۇ خىل دىنلار بىلەن بىللە

① دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىللى سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ شامان دىنى توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 9 ـ بەت.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 35 ـ بەت.

مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقاشقا بولىدۇ. «شامان ئېتىقادى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېتنىك تۇرمۇشى ۋە ئىدېئولوگىيە هاياتىدا ئۇزاق ساقلاندى. نىيە ئەتراپىدىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردە خاننىڭ شامان باخشىلىرىنىڭ كېسەل داۋالىشىنى مەنئىي قىلىش يارلىقى يېزىلغان. بۇ شامانىزم پائالىيەتلىرىنى مىلادىيەدىن كېيىنكى 2~3 ـ ئەسىرلەردە سالماقلىق داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»①. بىز ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىگە نەزەر سالساق، كۆك تەڭرى ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنىڭ خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى بايقايمىز. خاقانلار ئۆزلىرىنى «كۆك تەڭرىدە قۇت بولمىش ××× خاقان» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەڭگۈ تاشلاردا يەنە قەھرىمانلارغا ۋە ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئىزلىرىنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ.

«دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى چوقۇم بەلگىلىك ئىدىيە، ئەمەلىيەت ۋە تەشكىلىي شەكىلدىن تەركىب تاپىدۇ»②. بۈگۈنكى كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا، شۇنىڭدەك قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا شامان باخشىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پىرىخونلۇق، سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. دېمەك، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا شامان دىنىنىڭ پائالىيەت سورۇنى ۋە شەكلى ھېلىغىچە مەۋجۇت.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ دىنغا ئېتىقاد قىلغان مىللەت. 10 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىسلاملىشىش مۇساپىسى تاكى 15~16 ـ ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشقان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئېتىقاد سىستېمىسىنى ئىسلام دىنى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيان تەدرىجىي ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىدا يەنىلا مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى ئادەتلەر ئىسلامچە تۈس ئېلىشقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى بىلەن بىرلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. بۇنداق ئادەتلەرنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يەنە بەزى ئادەتلەر ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمىغان ياكى ئىسلامچە تۈس ئالمىغان. بۇ نۇقتىدىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، چوڭ جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئىسلام ئېتىقادىدا بولسىمۇ، ئەمما قىسمەن جەھەتتىن ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت.

ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا بۈگۈنگىچە تەسىر قىلىشى ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا تۆۋەندىكىدەك خاراكتېرلەنگەن:

### 1. نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئىسلامچە تۈس ئالغان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ئېتىقاد سىستېمىسىدا روشەن ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان. گەرچە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى كېيىنچە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى شامان ئېتىقادىنى مانى دىنىغا ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن، بىر قىسمى گەنسۇ، تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىغا كۆچۈپ، شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن بىللە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلاملىشىش مۇساپىسى باشلانغان بولۇپ، بۇ جەريان تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ ئىسلام دىنىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا كېڭەيتىشىگىچە داۋاملاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشقان.

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 35 ـ بەت.

② گۇڭ جياجۈن: «ياپونىيەنىڭ فولكلورى ۋە دىنى»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت.

ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن، ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ـ ئادەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ جەرياندا ئىسلاملىشىشقا باشلىغان. موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يادا قىلىش ئادىتى توغرىسىدا توختىلىپ: «بۇرۇن نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنى جۇدى تېغىغا سۆرەپ چىقىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە زېمىن ئايرىپ رۇخسەت بەرگەن چاغدا، يافەس دادىسىدىن: ‹ماڭا دۇئا ئۆگەتسىڭىز، مەن خالىغان چاغدا دۇئا قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرىدىغان بولسام› دەپ ئىلتىماس قىلغانىدى. دادىسى بۇنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلدى. ئاللا ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىسمى ئەزەم دېگەن ئايەتنى ئەۋەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى تاشقا نەقىش قىلىپ ئويۇپ بەردى. بۇ تاشنى ئەرەبچە ‹ھەجەرىلمەتەر› (يامغۇر ياغدۇرىغان تاش) دەيدۇ. تۈركلەر ‹يادا تاش›، ياكى ‹جادا تاش› دەپ ئاتايدۇ»① دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شامان ئېتىقادىدىكى ئادەتلەرنى ئىسلامچە ئىزاھلاشقا باشلىغان. ئىسلاملىشىش ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قېلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

خانىدا ئاكىرا «يادا ئەپسۇنى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە شامان دىنىدىكى يامغۇر تىلەش ئادىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلامچە تۈس ئالغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ: «يەنە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەزەربەيجان مىللىتىدىن بولمىش سەيياھ سەيفى (تۇرپاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە بولغان ئارىلىقتا 40 كۈن چۆل سەپىرى قىلىپ، چۆلنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن كارۋان) ‹كىلىماتنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن› يادا ئەپسۇنى ئوقۇغان. بۇ چاغدا ئۇلار ‹قۇرئان كەرىم› دىكى سۈرە ‹شەمس› دىكى بىر ئايەتنى قىرائەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرە بىردىنبىر ئىسپاتتۇر»② دەپ يازىدۇ. بىز بۈگۈنكى كۈندە ئىپتىدائىي ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك قايسى بىر ئادەتنى كۆزەتسەك، ئۇنىڭ روشەن ئىسلامىي تۈس ئالغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندىكى شامان ئېتىقادى پائالىيەتلىرىدە خۇدانىڭ نامىنى زىكرى قىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ۋە باشقا ئەل سەيياھلىرىنىڭ كىتابلىرىدىن كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد پائالىيىتىنىڭ مەلۇم قىسمىغا ئىسلامىي ئامىللار قوشۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە يېزىلاردا كىشىلەر سۇ تىلىمەكچى بولسا، گەرچە ئىلگىرىكىدەك يادا تېشى ئىشلىتىلمىسىمۇ قۇربانلىقتىن كېيىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئاللادىن مول ھوسۇل ۋە باياشاتلىق تىلەش ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان. ئىسلام دىنى ئىدىيەسىدە ناماز ئوقۇغۇچى تەرەت ئالماقچى بولۇپ سۇ تاپالمىسا توپا ئىشلىتىپ تەيەممۇم قىلسىمۇ بولىدۇ، ئىسلام ئىدىيەسىدە توپا پاك دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ھامىلدار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ كەچتە تالاغا چىقىشىنى مەنئىي قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاياللارغا باشقا جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىشىدىن قورقىدۇ. بۇ، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يامان روھ ۋە جىن ـ شاياتۇنلار بىلەن ئىسلام دىنى ئىدىيەسىدىكى جىن قارىشىنىڭ بىر ئۇقتىدا كېسىشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇرۇنلاردا تۇغۇتلۇق ئاياللار بىرەر زەخمەتكە ئۇچرىسا شامان باخشىلىرى جىنلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئىشلار بار ئىدى. ئىسلام دىنى گەرچە جىنلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما باخشىلارنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىسلام ئىدىيەسىدە ئاللادىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقنىڭ ئىككىنچى بىر شەيئىگە تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئىسلام دىنى ئۆزىدىن غەيرىي ھەرقانداق بىر ئېتىقاد پائالىيىتىنى چەكلەيدۇ. چۈنكى، ئاللادىن باشقا غەيرىي نەرسىلەرگە ئىشىنىش كۇپۇرلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنداقتا، ئىپتىدائىي

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 45 ـ، 46 ـ بەتلەر.

② [ياپونىيەلىك] خانىدا ئاكىرا: «يادا ئەپسۇنى ھەققىدە»، «مىراس» ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 4 ـ سان. بۇ باياننى خانىدا ئەپەندى پاللاس ئەپەندىنىڭ «شەرقتىكى موڭغۇللار تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 348 ـ، 350 ـ بەتلىرىدىن ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ، بۇ كىتاب سانكت پېتېربورگتا 1801 ـ يىلى رۇسچە نەشر قىلىنغان.

ئېتىقادىنىكى بەزى ئادەتلەر نېمە ئۈچۈن ئىسلاملىشىدۇ؟ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

1) ئامالسىزلىق پسىخىكىسى. ئامالسىزلىق پسىخىكىسى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى روشەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى، تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەبىئەتتىن ئايرىلمايتتى. شۇڭا، تەبىئەتتىكى ھەربىر خىل ئۆزگىرىش ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل ھادىسىلەرنى تولۇق چۈشەنمەيتتى. ئۇلار تەبىئەتتىكى قۇياش چىقىش، چاقماق چېقىش، يامغۇر يېغىش، بوران چىقىش، يۇلتۇزلارنىڭ كۆچۈشى، ھەرخىل يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۆزلىرىگە خىرىس قىلىشى قاتارلىق نۇرغۇن ھادىسىلەرنى چۈشىنىش جەھەتتە ئامالسىز ئىدى. ئەڭ مۇھىمى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەربىر شەيئى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. ئەگەر قۇياش چىقمىسا ئۇلارنىڭ پائالىيەت قىلىشى تەسكە چۈشەتتى. قاتتىق بوران ئۇلارنىڭ پائالىيەت سورۇنىنى كىچىكلىتەتتى، چاقماق ئۇلانىڭ ھاياتىغا خەۋپ بولاتتى، ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئۇلارنى تىنچ قويمايتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەرخىل كېسەللەردىن كېلىپ چىققان ئۆلۈم ئالدىدا ئاجىز ئىدى، جۈملىدىن تەبىئەتتىكى نۇرغۇن ھادىسە ۋە شەيئىلەر ئالدىدا ئۇلار تولىمۇ ئاجىز ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزى چۈشەنمىگەن، قورققان، ئەيمەنگەن، ئامالسىزلىق ھېس قىلغان چاغدا شۇ شەيئىلەرنى ئۇلۇغلىغان ۋە ئۇلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئاشۇ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش، بەختەرلىككە ئېرىشىش ئويى ئاستىدا ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئاستا ـ ئاستا كېلىپ چىقىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەنە شۇنداق روھىي ئويغىنىش ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن، ئاز قىسمى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكلىرى تەبىئەتكە بولغان كۈچلۈك بېقىندىلىقنى شەرت قىلغاچقا، تەبىئەت بىلەن بىللە ياشاش ئۇيغۇرلاردىن تەبىئەتتىكى ناچار شارائىت ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى تەلەپ قىلاتتى. 15 ـ ئەسىردىن كېيىن يىپەك يولى خارابلىشىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار سىرتتىن يېڭى تېخنىكا ۋە قوراللارنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا ئىگىلىكىدە سانائەتلىشىش دۇنيادا تېخى 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ئەمەلگە ئاشتى. ناچار تەبىئىي شارائىت، قۇرغاقچىلىق، ئاپەت، پۇتمەس سىياسىي نىزا ۋە ئاز ھوسۇل ئالدىدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى تولىمۇ ئاجىز ھېس قىلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى بولغان دېھقانچىلىقتا، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە نوقۇل ئادەم كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى ئېغىر قۇرغاقچىلىق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى كېڭەيتىشكە توسالغۇ بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ شىنجاڭدا دېھقانچىلىقنىڭ تېخى ماشىنىلىشىپ بولالماسلىقى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۇزاققىچە تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ياشاش يولىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا، يېزىلاردا ھازىرغىچە ئاي ۋە يۇلتۇزلار ھەرىكىتىگە قاراپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن مول ـ ھوسۇل ئېلىشتىن بىشارەت بېرىدىغان ئادەتلەر ساقلانماقتا.

گەرچە مېدىتسىنا تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەلتۆكۈس ئومۇملىشىپ بولالماسلىقى بىلەن ئىپتىدائىي داۋالاش ئۇسۇللىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بەزى يەرلەردە ھېلىغىچە شامان باخشىلىرىنىڭ كېسەل داۋالاۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئىچىدە بەزى كىشىلەر يەنىلا داخانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزىگە ۋە يېقىن كىشىلىرىگە دۇئا ئوقۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل ئۇسۇل

ئارقىلىق يامان جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان قەستىنى ياندۇرۇپ، تىنچ، خۇشال ياشىغىلى بولارمىش.

روھىي جەھەتتىكى ۋە تەبىئەت دۇنياسى ئالدىدىكى ئامالسىزلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى مەلۇم ئوبيېكتىپ ئاساس بىلەن تەمىنلەپ بەرگەن. چۈنكى، بۇ يەردە ماشىنىنىڭ ئاۋازىدىن كەتمەننىڭ ئاۋازى يۇقىرى ئىدى.

بۇگۈنگىچە ساقلىنىۋاتقان سۇ تىلەش ۋە زاراخەتمە قاتارلىق ئادەتلەرگە دىققەت قىلساق، سۇ قىسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتىپ مەسىلىنىڭ كىشىلەرنى بۇ خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر قىلغان. گەرچە يامغۇر تىلەش، يادا قىلىش، سېھىر ئىشلىتىش، كېسەل داۋالاش، پىرە ئويىنىتىش، مازار تاۋاباتى (ئەجدادلارغا چوقۇنۇش) قاتارلىق ئادەتلەر ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ھادىسە ئىسلام دىنى ئامىللىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. ئۇيغۇلار يامغۇر تىلىمەكچى بولسا شۇ يۇرت جامائىتى ئېقىن بېشىغا توپلىشىپ چىقىدۇ. كىشىلەر نەزىر بۇيۇملىرىنى ئۆزلىرى خالىس بىللە ئېلىپ چىقىدۇ ھەمدە ئېقىن بېشىدا قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ قان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، شۇ يۇرتنىڭ سۈيىنىڭ مول بولۇشىنى، كىشىلەرنىڭ مول ـ ھوسۇل ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلىشىپ قايتىشىدۇ. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىكى ئامالسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي جەھەتتىكى تەسەللىي ئىزدەش يۇقىرىقى ئادەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئىسلامىي تۈس ئېلىشىغا سەۋەب بولغان.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە «كىشىلەر بۇنداق مۇدھىش ـ قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە قۇربى يەتمىگەن ھامان ئۇلارغا چوقۇنۇپ، ئۇلارنى ئۇلۇغلايتتى. بۇنداق ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا قۇربى يەتمىگەندە، ئۇلارغا بولغان تەقۋادارلىقى ۋە مۇھەببىتى بىلەن ئۆزلىرىدىكى ۋەھىم تۇيغۇسىنى يوقىتىشقا ئورۇناتتى»①. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ خىلدىكى ۋەھىمە ئېڭى ۋە ئۇلار ئالدىدىكى ئامالسىزلىق كىشىلەرنى يۇقىرىقىدەك ئادەتلەرنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە جەمئىيەتتە ئاساسلىق رول ئويناۋاتقان ئىدىيە سىستېمىسىغا ماسلاشتۇرۇشقا ئېلىپ باردى.

(1) ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى قاراشلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقى ۋە روھىي دۇنياسىدىكى كۈچلۈك تەسىرىمۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىپتىدائىي دىندىكى بەزى قاراشلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، ئىسلام دىنى ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى قاراشلانى چەتكە قاقمىغان. بەزى كىشىلەر قەدىمدىن قالغان ئاشۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە نېمە پايدىسى بار؟ دېيىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى تالاش ـ تارتىش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ھەرخىل سۈنئىي دىنلارنىڭ زەربىسىدىن ئامان قېلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىشى، ئۇنىڭ ئەينى زاماندا مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ھېچقانداق رولى بولمىغان نەرسىنى كىشىلەرنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىشى ناتايىن. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە رول ئوينىغانلىقىدا.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «يادا» سۆزىگە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «يادا ــ بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار (يادا تاشلار) ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانىدى. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى»②. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى

① ئەسەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 76 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 1 ـ بەت.

ئۆز دەۋرىدە خېلى زور دەرىجىدە رول ئوينىغان. گەرچە بىز بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى رولىنى ئىسپاتلاشقا تولۇق ئاساسىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ خەلق مەنىۋىيىتىدىكى ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى. بۇ خىل يادا قىلىش ئۇسۇللىرى ئىسلامدىكى قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئاللادىن مەدەت تىلەش قارىشى بىلەن بىرىكىپ، باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك سۇ ۋە يامغۇر تىلەشنىڭ يېڭىچە شەكىللىرىنى ياراتقان.

ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يەنە بىر ئۆزگىچە مەدەنىيەت هادىسىسى پەرھىزدۇر. پەرھىز ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئېتىقاد شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان، ئۇنىڭغا سۈنئىي دىنلارنىڭ تەسىرى سىڭگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ قائىدە ـ شەكلىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «دىنىي پەرھىز ئىنسانىيەت ياراتقان تۇنجى مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت تەرتىپى، ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ»①. دېمەك، ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ قانۇنى بولغان پەرھىز قاراشلارنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىشى پەرھىزنىڭ بىر قاتار ئوبيېكتىپ رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. گەرچە بەزى پەرھىز قاراشلار ئېنىق خۇراپىيلىق تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى پەرھىزلەر قەدىمدىن بۇيان ئەخلاق رولىنى ئۆتەپ كەلگەن. پەرھىزلەر كىشىلەرنى بەزى ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەيدۇ. مەن كىچىك ۋاقتىمدا «قاراڭغۇدا ئوت ئوينىساڭ يامان بولىدۇ»، «كەچتە ئاچقۇچ ئوينىساڭ يامان بولىدۇ»، «نانغا دەسسىسەڭ كور بولۇپ قالىسەن» دېگەندەك پەرھىزلەرنى تولا ئاڭلايتتىم. بۈگۈن ئويلىنىپ باقسام، بۇ خىلدىكى پەرھىزلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رولى تولىمۇ چوڭقۇر ئىكەن. ئەگەر يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەر بولمىغان بولسا ئوت ئاپىتى كۆپلەپ يۈز بېرىشى، نۇرغۇن قۇلۇپلار چېقىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، بەزى پەرھىزلەر كىشىلەرنى يامانلىقتىن توسۇپ، زىيان تارتماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. يەنە بەزى پەرھىزلەر كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نورمال راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. دېمەك، بۇيەردە ئىپتىدائىي ئېتىقادنى مەنبە قىلغان پەرھىز قاراشلار تا بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەلگەن.

ئېتىقادنىڭ كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە غەرب ئالىملىرى كۆپ ئىزدەنگەن بولۇپ، غەربتىكى دىنىي پىسخىكا ئالىملىرى نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئىشلىگەن ۋە دىن ۋە ئادەم پىسخىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى پەن نۇقتىسىدىن ئىسپاتلاشقا ئورۇنغان. «ئىلگىرى دىن تەرىپىدىن داۋالىنىپ باققان كىشىلەرنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، داۋالانغان كىشىلەرنىڭ گەرچە بەدىنىدە ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى تېخىمۇ ساغلام ۋە بەختلىك ھېس قىلىشقان»②. دېمەك، مەيلى سۈنئىي دىنلار ياكى ئىپتىدائىي دىنلار بولسۇن، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىن قانائەت ئىزدەش تۇيغۇسى دىنىي ئېتىقادنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى مەلۇم دەرىجىدە روھىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە هايۋانلارنى توتېم قىلىشى، ئەجدادلىرىغا ئاتاپ نەزىر قىلىش قاتارلىق ئادەتلەر مانا مۇشۇنداق روھىي قانائەت ئىزدەشتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەجدادلار ئېڭىدىكى باتۇرلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلىنىڭ ئورنىنى ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىپ قازا قىلغانلارنىڭ قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلىش ئىگىلىدى»③. باتۇرلارغا ۋە ئەجدادقا چوقۇنۇش شامان دىنىدىكى ئېتىقاد ئادىتى بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر: «قەبىلە ۋە مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردە ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ روھى ياخشى روھقا ئايلىنىدۇ، باتۇرلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ روھى تىرىلىپ

① خۇ شېڭ: «دىنىي پەرھىز»، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە ۋەسىقىلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ بەت.

② مىكائىل ئارگىيول: «دىن پىسخىكاشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە» (خەنزۇچە)، جۇڭگو خەلق ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 149 ـ بەت.

③ راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 192 ـ بەت.

بىزنى قوغدايدۇ» دەپ قارىغان. باتۇرلارغا ۋە ئەجدادلارغا تېۋىنىش ئىبتىدائىي بۈگۈنكى كىشىلەر يولۇققان خىلمۇخىل مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشتا روھى مەدەت بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام تارىخىدىكى قەھرىمانلار مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى مۇھىم ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئىسلام بىلەن بىرىكىپ كېتىشى ئۇنىڭدا مەلۇم دەرىجىدە ئەخلاق خۇرۇچى بولغانلىقىدا. ئىنسانىيەتنىڭ تۇتىم تۈزۈمى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قەبىلىلەرنىڭ قانۇنى بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىشى ئۆز يۇرتىدىن يىراق ئۆرىسە، كىشىلەر ئۇنى «يەر يۇتسۇن»، «يەر جاڭنى بېرەر»، «تۇزۇم ئۇرسۇن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەيدۇ. بۇ، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يەر ۋە تۇزنى ئۇلۇغلاش ئادىتىدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا يەنە «نانغا دەسسىسە كۆزى كور بولىدۇ» دېگەندەك مەزمۇندىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر بار. بۇ، ئىسلام دىنىدىكى تېجەشلىك بولۇش، ئىسراپ قىلماسلىق قاراشلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئۆزىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئەخلاق ئامىللىرى بار.

(2) ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى «سىرلىق بولۇش» قارىشىمۇ ئىسلام دىنىدىكى «بارلىق شەيئىلەر ئاللانىڭ ئىلكىدە، بارلىق غايىبنى بىلگۈچى بىر ئاللادۇر» دېگەن قاراش بىلەن ئۆزئارا كېسىشكەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر «بەزى جەسەتلەرنىڭ بۇزۇلماي ساقلىنىپ، قول- پۇت تىرناقلىرى ۋە چاچ ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ هايات كىشىلەرنىڭ چۈشىدە ئايان بولۇشى، باشقىلارنىڭ چۈشلىرىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ هايۋانلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشى، كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشى قاتارلىق هادىسىلەرگە ناهايىتى هەيران قالغان»①.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان هەرىكەتلەر مەغلۇب بولغاندا ۋە قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، بۇلارنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن ئويلىنىشقا باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى پېرىخونلۇق- سېھىر ئىشلىتىش بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. كىشىلەر ئۆزلىرى چۈشەنمىگەن هادىسىلەر ۋە پائالىيەتلەرنى سېھىر قىلىش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇنىڭ بىلەن پال ئېچىش بارلىققا كەلگەن. پال ئارقىلىق كىشىلەر مەلۇم نەرسىنىڭ سىرىنى بىلەلەيدىغان، كەلگۈسى زاماندا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر تاپالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.

بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر نېمە ئۈچۈن يامغۇر ياغىدىغانلىقى، قۇياش تۇتۇلىدىغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلدى. جۈملىدىن ئىپتىدائىي ئىنسانلار سىرلىق بىلگەن نەرسىلەر بۈگۈنكى كىشىلەر ئۈچۈن سىرلىق تۇيۇلمايدىغان بولدى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، كۆپ سانلىق كىشىلەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئاساس ئىگىلىك شەكلى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ پەننىي بىلىملەرنى بىلىش پۇرسىتى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلار چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام ئەقىدىسىدىكى هەممە ئىشلار ياراتقۇچىنىڭ ئىلكىدە بولۇش قارىشىمۇ بەزى كىشىلەردە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ بولماسلىقتەك تۇيغۇنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان.

ئىسلام دىنى مۇكەممەل دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزى مەسىلىلەرنى پەن بىلەن ئوخشىمايدىغان يول بىلەن چۈشەندۈرگەچكە، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى سىرلىقلىق تۇيغۇسى ئىسلام قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ، ئىپتىدائىي دىنىي ئادەتلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان.

2. نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئىنسانىيەتنىڭ هازىرغا قەدەر ياراتقان مەدەنىيىتىنى پەن ۋە دىن ياراتقان مەدەنىيەت دەپ ئىككىگە

① راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 55 ـ بەت.

بۆلۈشكە بولىدۇ. پەن ياراتقان مەدەنىيەت ئىنسانلارغا نۇرغۇن جەھەتتىن قۇلايلىق ئېلىپ كەلدى، ئەمما يېڭىدىن پەيدا بولىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ كۆپ. دىن ياراتقان مەدەنىيەت تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ سىرلىقلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېزەپ كەلدى.

مىللەت مەدەنىيىتىنى دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ بايان قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ھىندىستان كىشىلىرى كالا ئېتىقادچىلىقىنى ھازىرغا قەدەر ساقلاپ كەلگەن. ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇش ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى تونۇش ئادىتى ئىدى. دۆلىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، چاغان ۋە باشقا بايراملاردا كىشىلەر پوجاڭزا ئاتىدۇ، مەلۇم بىر جايدا يېڭىدىن ئىش باشلىسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. پوجاڭزا ئېتىپ يامان روھلارنى قوغلاش دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇنى «بۇ دېگەن خۇراپىي ئادەت» دەپ ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەيلى سۈنئىي دىنلىرى ياكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىدىكى ئادەتلەر بولسۇن، بەزى ئادەتلەر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ يىمىرىلمەس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلىش ھاجەتسىز.

ئۇيغۇلار تۇرمۇشىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنى مەنبە قىلغان بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان مۇھىم تەرەپتۇر. بۇ ئامىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب. ئۇيغۇلارنىڭ كۆك مەشرىپى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ــ كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش ئادىتىدىن كەلگەن. كۆك مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان ھەرخىل ھەرىكەتلەر ۋە ئوتتۇرىغا ئېلىنغان كۆك (مايسا) كىشىلەرنىڭ يېڭى بىر يىلدا مول ـ ھوسۇل ئېلىشنى ئۈمىد قىلىش ئېڭىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ئىدىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى قارلىق تاشلاش ئويۇنىمۇ قارغا بولغان سېغىنىشنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا، بۇ ئويۇن ئادەتتە تۇنجى قار ياغقان ۋاقىتلاردا ئوينىلىدۇ. قار ــ مول ـ ھوسۇلنىڭ بېشارىتى. ئەگەر قار ياخشى ياغسا، كېيىنكى يىلى زىرائەت ئوبدان ئوخشايدۇ.

تارىخنى ئەسلىسەكمۇ، ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، ئىدىقۇت (قوچۇ) ئۇيغۇر خانلىقى نامىدىكى «ئىدىقۇت» سۆزى «قۇت بەرگۈچى خۇدا» دېگەن نامنى بىلدۈرەتتى. ئۇيغۇلار يەنە بىرسىنى قارغىماقچى بولسا «يەر يۇتقاي» دەپ قارغايدۇ. بۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆز تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبكە ئايلىنىپ كەتكەن.

بۆرە توتېم مەدەنىيىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ خېلى چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەرنى ئالساق، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بۆرىگە باغلايدىغان ۋەقەلىكلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا بۆرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەدەنىيەت ئامىللىرى بولغان. بۇرۇنلاردا بوۋاق تۇغۇلسا «قىز تۇغۇلۇپتىمۇ ـ ئوغۇلمۇ» دېگەننىڭ ئورنىغا «بۆرە تۇغۇلۇپتىمۇ ـ تۈلكىمۇ» دەيدىغان ۋە بوۋاقنىڭ بويىنىغا بۆرە ھۇشۇقى ئاسىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى.

ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان مېيىت ئۈزىتىش ئادەتلىرىدىكى ئۈچ، يەتتە، يىگىرمە، قىرىق ۋە يىل نەزىر ئادەتلىرى ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى شۇ خىل سانلارنى ئۇلۇغلاش قارىشىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا كىشى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنداق نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈش چەكلەنگەن. ئەمما، ئۇيغۇرلار يەنىلا بۇ خىل نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈشنى بۇرچ دەپ قارايدۇ. نەزىر ئارقىلىق ئۆلگەن كىشىگە خاتىرجەملىك ۋە جەننەت تىلەيدۇ. قەرەللىك ھالدا نەزىر ئۆتكۈزۈپ ياغ پۇرىتىدۇ. راخمان ئابدۇرېھىم بۇ ھەقتە: «ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئائىلىسى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى دەپنە قىلغاندىن باشلاپ ئۈچىنچى، يەتتىنچى، يىگىرمىنچى، قىرقىنچى، يۈزىنچى كۈنلىرى ۋە بىر يىلى توشقان كۈنى كالا ياكى قوي ئۆلتۈرۈپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ جامائەتكە ئۆلۈپ

كەتكەن ئائىلە ئەجدادىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزىدۇ. كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ روھى مەرھۇم ــ ئەجدادىنىڭ روھىغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ھەر يىللىق ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ۋە ھەر ھەپتە ئىچىدىكى جۈمە كۈنلىرى ئەجدادىنىڭ قەبرە بېشىغا بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ، ھەر پەيشەنبە كۈنى، ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادى چۈشىگە كىرىپ قالغان كۈنى ۋە يامان چۈش كۆرۈپ قالغان كۈنلىرى ئەجداد روھىغا ئاتاپ بوي سالىدۇ. مانا بۇلارنى ئۇيغۇلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى ئەجداد روھىغا چوقۇنۇشنىڭ قالدۇق تەسىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ»① دەپ يازىدۇ. بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەر تۇرمۇشىغا قارايدىغان بولساق، ئەرەبلەردە بۇ كۈنلەر (ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلانغان سانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۈنلەر)دە نەزىر ئۆتكۈزۈلمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن ئۈچ، يەتتە، يىگىرمە، قىرىق سانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، تارىختا ھەرخىل دىنلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇلۇغلايدىغان سانلىرى بولغان، شۇنداقلا سانلارنىڭ مەدەنىيەت مەنىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئەمما يۇقىرىقى سانلار شامان دىنىدا ئالاھىدە مەنىگە ئىگە. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلادىكى بۇ خىل نەزىر پائالىيىتىنى ئىپتىدائىي ئېتىقادلار بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشى بار دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل نەزىر پائالىيىتى كېيىنچە ئۇيغۇلار مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

بارائەتنى مىسالغا ئالساق، ئۇ ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم ئىدى. «بارائەت مۇراسىمى ئىسلام كالېندارى (ھىجرىيە) بويىچە ھەر يىلى شەھبان (8 ـ ئاي) ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈن ئەسلىدە ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ ـ كەبىرلىرىنى يۇيۇش كۈنى»②. ئەسلىدە بۇ كېچىنى ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت، كىشىلەرنىڭ گۇناھى ئۈچۈن تەۋۋا قىلىش، ئاللاغا سېغىنىشتىن ئىبارەت. ئەمما، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بۇ پائالىيەتنى ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇيغۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ كۈنلەردە ياغ پۇرىتىش (مايدا قۇيماق ۋە پوشكال سېلىش ۋە باشقا نەزىر تامىقى ئېتىش قاتارلىقلار) ئارقىلىق ئەجدادلار روھىغا سېغىنىش ۋە ئۆلارنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر ياغ پۇراتمىسا، ئەجدادلار روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ ئىسلامىي تۈس ئالغان كۆرۈنۈشى، شۇنداقلا ئۇيغۇلار مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

3. بەزى ئېتىقاد ئادەتلىرى ئەسلىي ھالىتى بويىچە ساقلانغان. ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تارىخى ئۇزۇن، خەلق تۇرمۇشىدىكى تەسىرى چوڭقۇر بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆپلىگەن ئېتىقاد ئادەتلىرى يوقىلىپ ئاز بىرقىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بىرقەدەر كۆپ. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىنى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن، بەزىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن، يەنە بىرقىسمى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئېتىقاد ئادەتلىرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ بىلىش سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مائارىپ ۋە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن، كىشىلەر بەزى ئادەتلەرنىڭ تولىمۇ خۇراپىي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى بايقىدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەندى. چۈنكى، شىنجاڭدىكى ئىسلام تارىخىدا سوپى ـ ئىشانلار ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ، ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، خەلقنى ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغان، بۇنىڭ بىلەن كۆپ سانلىق كىشىلەردە سوپىلارغا چوقۇنىدىغان قاراش شەكىللىنىپ قالغان. «جاھالەت

① راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 190 ـ بەت.

② ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 343 ـ بەت.

پىرلىرى» شىنجاڭنى قاپلىغان ئاشۇ دەۋرلەردە كۆپ سانلىق ئېتىقادچىلار ئاللاغا ئەمەس، سوپى - ئىشانلارغا قول بېرىپ، سوپى - ئىشانلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دېمەك، ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ئانچە ساپ ئەمەس ئىدى. گەرچە ئىسلام دىنى دەسلەپتە شىنجاڭغا بىرقەدەر ساپ تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيالىق سوپىلارنىڭ شەخسىي غەرىزى بىلەن ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بۇرمىلىنىپ كەتكەنىدى. كىشىلەر ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىسلام ئېتىقادىغا خىلاپ بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى قالاق ئادەتلەرنى تۇرمۇشىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى دۇنيادىكى دەھرىيلىشىش دولقۇنىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى قىلچە پايدىسى بولمىغان ئادەتلەرنى ئۇنتۇشىغا تۈرتكە بولدى.

شۇنداق بولسىمۇ، يەنە بىرقىسىم يېزا - قىشلاقلاردا بەزى ئېتىقاد ئادەتلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر يېڭى چىققان ئاينىڭ ئېغىزى تۆۋەن ياكى يۇقىرى بولسا مول - ھوسۇل بولىدۇ، ئەگەر ئېغىزى قىيسىق بولسا مول - ھوسۇل ئاز بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەردە ئادەم بەدىنىگە يارا چىقىپ قالسا، ئايغا كۆرسىتىدىغان ئادەت بار. ھازىر ئۇيغۇر يېزىلىرىدا كىشىلەر تۇنجى سودا قىلغاندا پۇلنى يەرگە تاشلاپ، ئاندىن ئالىدىغان ياكى بېشىدىن بىر ئايلاندۇرۇپ يانچۇقىغا سالىدىغان ئادەت مەۋجۇت. تۇنجى سودا قىلىنغان ۋاقىتتا سودىگەر ياكى سېتىقچى ئالغۇچىغا: «سودا ئېقىپ كەتسۇنمۇ؟» دەيدىغان، ئالغۇچىمۇ: «ئېقىپ كەتسۇن» دەپ تىلەك تىلەيدىغان ئىش مەۋجۇت. يۇقىرىقى ئادەتمۇ تۇپراققا ئېتىقاد قىلىش قارىشىدىن كەلگەن. بەزى جايلاردا تارىخى ئۇزۇن دەرەخلەرنى «مۇقەددەس دەرەخ» دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن پەرزەنت تىلەيدىغان، ئۇنداق دەرەخلەرنى كەسسە «قولى تۇتماس ياكى ساراڭ بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارايدىغان ئادەت مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى كىشىلەر تۇمار ئېسىۋالسا بالا - قازادىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى رايونلاردا شامان باخشىلىرىنىڭ قىزىتىلغان كەتمەنگە دەسسىتىش ئارقىلىق كېسەل داۋالىشىغا ئوخشاش ئىپتىدائىي ۋە قالاق ئۇسۇل ساقلانغان. ھازىرمۇ كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار سۇغا ۋە ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرۈشنى، كۈنگە قاراپ تەرەت قىلىشنى يامان كۆرىدۇ... بۇ خىلدىكى ئادەتلەرنى كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدىكى مەۋجۇت بولۇش مەسىلىسى تارىخى ئۇزۇن ھەم ئۆزگىچە ھادىسە. گەرچە ئۇيغۇرلار تارىختا خىلمۇخىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرى تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ داۋاملاشقان ھەم ئىسلام دىنى ئىدىيە مۇھىتىدا ئىسلام دىنىنىڭ پائالىيەت شەكلى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. ھەممىگە مەلۇم، ئىسلام دىنى ئاللادىن باشقا ھەرقانداق بىر شەيئىگە ئېتىقاد قىلىشقا يول قويمايدۇ. ئەگەر ئېتىقاد قىلىنسا، دىندىن يۈز ئۆرۈگەنلىك بىلەن باراۋەر بولىدۇ. شۇڭا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۆزگىچە شەكلىنى تەتقىق قىلىپ بېقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى چوڭ.

**ئاپتور:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2009 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن

# «ھىزبۇت» توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات

ئەخمەتجان ھەسەن

**مۇھىم مەزمۇنى:** دىنىي جەھەتتىكى سىڭىپ كىرىشتىن قارىغاندا، «ھىزبۇت» ھېچقاچان ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان ئەمەس، بەلكى ئىسلامنى يېپىنچا قىلىپ دىنىي ئەسەبىيلىكنى ئۆزىگە مەنىۋى قورال قىلغان. سىياسىي جەھەتتىن قارىغاندا، «ھىزبۇت» قانداقتۇر ئىسلامدىكى مەزھەپ ئەمەس، بەلكى ئىسلامنى سىياسىيلاشتۇرۇشتۇرۇشقا، تەشكىلىي ئايپاراتلاشتۇرۇشقا، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئەسەبىيلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىۋاتقان، زوراۋان - تېررورلۇق مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر تاللىشى قىلغان دىنىي ئەسەبىي تەشكىلات. بۇ ماقالىدە «ھىزبۇت»نىڭ بارلىققا كېلىشى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ، ئىسلامىي نۇقتىدىن ئۇنىڭ بەزى سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «ھىزبۇت» ؛ مەلۇمات

ئەرەب تىلىدىكى «ھىزبۇت»نىڭ تىلىمىزدا «ئازادلىق پارتىيەسى» دېگەن مەنىسى بار. ئۇ بىر خەلقئارا دىنىي ئەسەبىي تەشكىلات، شۇنداقلا خەلقئارا زوراۋان - تېررورچى تەشكىلات. «ھىزبۇت» ھازىرغىچە بۇرمىلانغان، ئەسەبىيلەشكەن دىنىي ئەقىدىلەرنى بازارغا سېلىپ، ئاشكارا ياكى مەخپىي ھالدا تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، 40 نەچچە دۆلەتتە ئوخشىمىغان كۆلەمدە زوراۋان تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىپ، ھاكىمىيەتكە قارشى ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە چەكلەنگەن، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئەزالىرى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغان ياكى تېگىشلىك جازاغا تارتىلغان. بۇ تەشكىلات رايونىمىزغا سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى چەت ئەللەردە قىلغىنىغا ئوخشاشلا ئىسلام دىنىنى يېپىنچا قىلىۋېلىپ دىنىي ئەسەبىيلىكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تارقاتقان ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى، جەمئىيەت مۇقىملىقى شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ ئېلىپ كەلگەن. دىنىي تونىغا ئورۇنىۋالغان بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى خەلق ئالەمگە ئاشكارىلاپ ئىسلامدىن ئايرىپ تاشلاش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز بولۇپ، بۇ كەڭ ئېتىقادچى ئامما ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

## 1. ئىسلام تارىخىدىكى دىنىي ئەسەبىيلىك

دىن تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن، مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىتىن تارتىپلا زوراۋانلىقنى، قىرغىنچىلىقنى، قان تۆكۈلۈشنى ئۆز دىنىي تەشەببۇسىغا ئايلاندۇرغان دىن يوق دېيەرلىك. مەيلى يەھۇدى دىنى، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ياكى باشقا دىنلار بولسۇن ھەممىسى بارلىققا كېلىش بىلەن تەڭلا ئىنسانلار ئارىسىدا مېھىر - مۇھەببەت ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆز نىزامىغا ئايلاندۇرغان. ئىسلام دىنى تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ، «كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئىتتىپاقلىق، تىنچلىققا چاقىرىش، زوراۋانلىق - ئۆچمەنلىككە قارشى تۇرۇش»نى ئۆزىنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيەسى قىلغان.

ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر خاۋارىجلار بولۇپ، مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. «خاۋارىج» دېگەن سۆز «چىقىپ كېتىش»، «ئايرىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېمەك، ئۇلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ سېپىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنى كۆرسىتىدۇ، ھەزرىتى ئەلى دەل مۇشۇ «خاۋارىجلار» تەرىپىدىن

ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ گۇرۇھ ئىچىدىكى ئەڭ ئەسەبىي ئېقىم ــ ئەزراقىيە ئېقىمى بولۇپ، بۇ ئېقىم «خاۋارىجلار گۇرۇھىدىكىلەردىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ‹كاپىر› دەپ قاراپ، ئۆز گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ باشقا مەزھەپتىكىلەرگە ئەگىشىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلماسلىقنى، باشقىلار بوغۇزلىغان ھايۋان گۆشىنى يېمەسلىكنى، باشقىلار بىلەن نىكاھلانماسلىقنى، باشقىلار بىلەن مىراسخورلۇق مۇناسىۋىتىدە بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار باشقا مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلارنى خۇددى جاھالەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر بىلەن مۇشرىكلارغا ئوخشاش، دىنغا ئېتىقاد قىلىشتا باشقىدىن مۇراسىم ئۆتكۈزمىسە، مەزلۇم ـ ئاجىز ۋە بوۋاق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر دەرھال ئۆلتۈرىۋەتكەن»①. ئۇلار يەنە «ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە باشقا نۇرغۇن ساھابىلەرنى دىنسىز ۋە دوزاخنىڭ ئوتىدا كۆيگۈچىلەر»② دەپ ھېسابلىغان.

خاۋارىجلاردىن كېيىنكى يەنە بىر دىنىي ئەسەبىي كۈچ قەرمەتىيلەر ئىدى. «قەرمەتىيلەر» دېگەن نام بىلەن ئاستا ـ ئاستا تونۇلۇشقا باشلىغان بۇ بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ تېگى شىئە مەزھىپى بولۇپ، دەسلەپتە بۇلار مەخپىيمۇ ئەمەس، رادىكالچىلارمۇ ئەمەس ئىدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ناھايىتى تېزلا بىر بۇزغۇنچى كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. «10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئىراق، ھىجاز ۋە نەجىد قاتارلىق جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان. 914 ـ يىلدىن 943 ـ يىلغىچە بولغان بۇ 30 يىلدا، قەرمەتىيلەرنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرق قىسمىدا قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، پۇتكۈل رايون قالايمىقانچىلىق ۋە بالايىئاپەت ئىچىدە قالغان. 930 ـ يىلى ئەبۇ سەئىد (قەرمەتىيلەرنىڭ ئالىي سەركەردىسى) نىڭ ئوغلى مەككىنى ئىشغال قىلىپ، ‹ھەجەرۇل ئەسۋەد› (قاراتاش) نى بۇلاپ ئۆزىنىڭ پايتەختى بەھرەيىنگە ئاپىرىۋالغان»③.

قەرمەتىيلەردىن كېيىنكى يەنە بىر دىنىي ئەسەبىي كۈچ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئاسساسىنلار ئېقىمى بولۇپ، ئۇ بىر يوشۇرۇن قەستچىلەر گۇرۇھى ئىدى. بۇ مەخپىي تەشكىلات ئەينى زاماندا ئىسلامنى ناھايىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان. «بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى يىراق ـ يېقىندىكى جايلارغا ئەۋەتىلىپ، مەخسۇس يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تېررورلۇق پەيدا قىلغان. نۇرغۇن داڭلىق شەخسلەر ۋە كۈچلۈك پادىشاھلار ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلگەنىدى. ئەڭ بۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغىنى مەلىكشاھنىڭ داڭلىق ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك بولدى»④. بۇنداق ۋەقەلەر ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ۋە يېقىنقى زاماندا يۈز بېرىپلا قالماي، بەلكى ھازىرقى زاماندىمۇ يۈز بېرىپ تۇردى. ئالايلۇق، 1981 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مىسىر زۇڭتۇڭى ئەنۋەر سائادەت ئىسلام مۇجاھىد⑤ لىرىنىڭ ئوقىدا قازا قىلدى.

1979 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ئەسىر ئالمىشىدىغان كۈن ئىدى. دىنىي رادىكال جۇھەيمان ئىسلام دۇنياسىدىكى «ھەر 100 يىلدا مەھدى⑥ ياكى دىنىي نىجاتكاردىن بىرى چىقىپ بەندىلەرنى قۇتقۇزىدۇ» دېگەن رىۋايەتتىن پايدىلىنىپ، شۇ يىلى ھەج مەزگىلىدە قېيىنئىنىسى مۇھەممەد قاھتانىنى «بەندىلەر تەقەززا بولغان مەھدى» دەپ ئېلان قىلدى. ھەممىدە بىر توپ قوراللىق دىنىي ئەسەبىي، زوراۋان ـ تېررورچى كۈچنى ئەگەشتۈرگىنىچە مەككىدىكى مەسجىدىل ھەرەم (ھەرەم مەسچىتى) گە باستۇرۇپ كىرىپ، ھەج تاۋاپقا كەلگەن نەچچە 10 مىڭ نامازخاننى تۇتقۇن قىلىۋالدى ۋە ئۇلارنى سەئۇدى جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەقىقىي ۋە قانۇنلۇق ئىسلام دۆلىتى ۋە

---

① [مىسىرلىق] ئەھمەد ئەمىن: «ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى ــ ئىسلامنىڭ سۇبھى دەۋرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى 512 ~ 513 ـ بەتلەر.

② زەمىر سەئىدۇللازادە، پەرھات غاپپار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 181 ـ بەت.

③ [پاكىستانلىق] سەئىد فەييىاز مەھمۇد: «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى، 268 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى ئەسەر، 294 ـ بەت.

⑤ مۇجاھىد: «جىھاد قىلغۇچىلار، غازاتچىلار» دېگەن مەنىدە.

⑥ مەھدى: «توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ۋە نىجاتكار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، شىئە مۇسۇلمانلىرى ئىمامنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، «مەھدى» دەپ ئاتايدۇ.

تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، ھىجرىيەنىڭ 15 ـ ئەسىرىنى نۇسرەت بىلەن كۈتۈۋېلىشقا دەۋەت قىلدى. شۇ قېتىمقى قوراللىق توپىلاڭ تاكى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سەئۇدى ھۆكۈمەت تەرەپ باستۇرغىچە داۋام قىلدى. شۇ قېتىمقى قوراللىق توپىلاڭدا قازا قىلغان ۋە يارىلانغان بىگۇناھ نامازخان نەچچە ئونغا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى 100 نەچچىگە يەتتى①.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا يېتىشىپ چىققان ئىسلام تالىپلىرى (تالىبانلار)، كېيىن شەكىللەنگەن تالىبان رادىكالىستىك ھاكىمىيىتىمۇ شۇلار جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ جازا تەدبىرلىرى ناھايىتى قاتتىق بولدى. زىناخورلار چالما ـ كېسەك قىلىندى؛ ئوغرىلارنىڭ قولى كېسىپ تاشلاندى؛ ھاراق ئىچكەنلەر دەررىگە بېسىلدى؛ تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، كىنو، تېلېۋىزىيە، سىن فىلىملىرى، مۇزىكا دېگەندەك كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرى قاتتىق مەنئىي قىلىندى. ئېتىزدا ئەمگەك قىلىدىغان ئاياللارنىڭ رومالىدا يۈزىدىن باشقا يېرىنى چىڭ ئورىشى، شەھەرلەردىكى ئاياللارنىڭ ئۈستىبېشىغىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە تەلەپ قويۇلدى؛ ئاياللارنىڭ سىرتلاردا خىزمەت قىلىشىغا يول قويۇلمىدى، ئايال تىلەمچىلەر ياكى ئائىلىسىدىكى ئەرلەر بىلەن بىللە كوچىغا چىققان ئاياللاردىن باشقا ھەرقانداق ئايال زاتىنىڭ تالا ـ تۈزگە يالغۇز چىقىشى مەنئىي قىلىندى. قىزلارنىڭ پەقەت سەككىز ياشقا كىرگۈچىلا ئوقۇشىغا يول قويۇلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغىنى «قۇرئان كەرىم» بىلەنلا چەكلەندى؛ قىزلار مەكتىپى تاقىۋېتىلدى. تالىبان يەنە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز بۇت ــ باميان بۇتىنى ۋە باميان غارىدىكى 6000 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك بۇتنىڭ ھەممىسىنى پارتلىتىپ ۋەيران قىلىۋەتتى. 2001 ـ يىلى ئامېرىكا تالىبان رادىكالىستىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى ئاۋام ئارىسىدا يەنىلا ساقلىنىۋاتىدۇ، بىر قىسىم قوراللىق كۈچلىرى يەنىلا تىمسىقلاپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئافغانىستاندا بۈگۈنكى كۈندىمۇ زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۈزۈلمەيۋاتقانلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئەسەبىيلەشكەن دىنىي ئەقىدىلەرنى دەستەك قىلغان دىنىي سىياسىي گۇرۇھلار ۋە ئېقىملار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ تۈرلۈك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ ھالەت تاكى زامانىمىزغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن، «ھىزبۇت تەھرىر»، «ھىجرەت»، «ساداقەتمەنلەر ئۇيۇشمىسى» دېگەنگە ئوخشاش.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەيلى قايسى خىل شەكىل، قايسى خىل ئەقىدىدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچ ۋە تەشكىلات بولسۇن، ئۇلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان تەلىماتلىرى ۋە تار نەزەرىيەلىرى تارىختىن بۇيان مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ بارا ـ بارا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قېلىپ، پەقەت تىنچلىققا مايىل، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق تەشەببۇسىغا ئىگە، تەرەققىيپەرۋەر، مۆتىدىل ئېقىمدىكىلىرى ھازىرقى كۈنگە قەدەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. مانا بۇنىڭدىن ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا يول قويۇش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدىكى كۆز قاراش ۋە تەلىماتلارنىڭ ئۇزاقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە يول تۇتقانلارنىڭ تامامەن يوقىلىدىغانلىقىنى ياكى كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ لەنىتىگە قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئاددىي ھەقىقەتنى چۈشىنەلەيمىز.

خۇددى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچ «خاۋارىج»لار، 10 ـ ئەسىرلەردىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچ «قەرمەتىي»لەر ۋە 12~13 ـ ئەسىرلەردىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچ «ئاسساسىن»لار تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنگە ئوخشاش، بۈگۈنكى كۈندىكى «ھىزبۇت تەھرىر»، «ھىجرەت» ۋە «ساداقەتمەنلەر ئۇيۇشمىسى» دېگەنگە ئوخشاش دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە تەشكىلاتلارمۇ تەدرىجىي ئاجىزلاپ ئاخىرى يوقىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمغا تۈپتىن خىلاپ ۋە تامامەن زىت.

شۇڭا، ھازىر مەۋجۇت بولىۋاتقان دىنىي ئەسەبىيلىك، يۈز بېرىۋاتقان زوراۋان ـ تېررورلۇق توغرىسىدا

① جىن يىجيۇ: «دەۋرىمىزدىكى ئىسلامىيەت مەسىلىسى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، 48 ~ 49 ـ بەتلەر.

تارىخنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدىكى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ... ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزسەك، ئۇنىڭ يوقىلىشقا بولغان ئىشەنچىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. بىراق ئۇ ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن ياكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ ياردىمى بىلەن يوقالمايدۇ. بەلكى پۈتكۈل يەر شارىدىكى ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، تىنچلىق، مۇقىملىق ۋە خاتىرجەملىكنى سۆيىدىغان ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا تايانغاندىلا، ئاندىن بۇ ئاپەتنى تۈپتىن يوقاتقىلى بولىدۇ، بۇنى تارىخ ئىسپاتلىغان ۋە ئىسپاتلاۋاتىدۇ.

مېنىڭچە، زامانىمىزدىكى خەلقئارا دىنىي ئەسەبىي تەشكىلات ـ ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئەزالىرى ھەقىقىي ئىسلام ئەقىدە ـ ئەھكاملىرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ناتونۇش بولسا كېرەك. ئەگەر ئازراق تونۇشلۇقى بولغان بولسا، ئۆزلىرىنى بۇ تەشكىلات قوينىغا ئاتماس ئىدى ۋە مۇنداق تەشكىلات قۇرماس ئىدى. بىر قىسىم ھىزبۇتچىلارنىڭ ھىزبۇت ھەققىدىكى ئاشۇرۇۋېتىلگەن، كۆپتۈرۈلگەن ماختاش سۆزلىرى (ھىزبۇت تەھرىر ئەزالىرىدىن باشقا ھېچكىم ئىسلامنى توغرا چۈشەنمەيدۇ، ھېچكىم ئىسلام ئۈچۈن قايغۇرمايدۇ، ھېچكىم ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى ئويلىمايدۇ دېگەندەك سەپسەتىلەر) ئۈستىدە پاخشىراق ئويلىنار ئىدى.

## 2. ھىزبۇتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلامىي سىياسىي پارتىيە ۋە تەشكىلاتلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بىرمىڭ يەتتە يۈزدىن ئارتۇق ئىكەن①. ئۇلار خىلمۇ خىل بولۇپ، بەزىلىرىدە دۆلەت ۋە مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۆلەت ۋە مىللەتنى غەربنىڭ ئىسكەنجىسى ۋە ئاسارىتىدىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇش تەلەپ قىلىنسا؛ بەزىلىرىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىسلامنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرلىرى نەمۇنە قىلىنىپ، نامۇۋاپىق ۋە ئادالەتسىز ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تۈزىتىپ، ئادىل، باراۋەر، ھەققانىي ئىسلام جەمئىيىتى بەرپا قىلىش تەلەپ قىلىندى؛ بەزىلىرىدە سىرتقا قارىتا غەرب ئەللىرىگە بېقىنىپ، ئىچكى قىسىمدا مۇستەبىتلىك قىلىدىغان چىرىك، قابىلىيەتسىز ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇش تەلەپ قىلىنسا؛ بەزىلىرىدە ئىسلام شەرىئىتى ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلامىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ يەنە بەزىلىرىدە دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋان ـ تېررورلۇق بىر قىسىم تەلۋە ھەتتا رادىكال تەشكىلات ۋە گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندى. ئۇلار مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تەلۋىلىك ياكى رادىكالىزمدا جىنىنىڭ پارچە چىلىك تۇرۇش بىلەن بىللە، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش، تۇتقۇن قىلىش ۋە بۇلاڭچىلىق قاتارلىق تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. قىسقىسى، ئۇلار خىلمۇ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىپ، خىلمۇ خىل نەتىجىلەردە خاراكتېرلەندى.

ھىزبۇت دۆلەت ھالقىغان دىنىي ئەسەبىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ تېگى مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىدى. بۇ تەشكىلاتنى ھەسەن بەننا 1928 ـ يىلى قۇرغان②. ئۇنىڭ ئاداققى نىشانى — «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»لەر ئاساسىدا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەزەلىي ئەقىدىسى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلىپىلىك تۈزۈمىنى قايتا ئورنىتىپ، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام ئەللىرى بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى③. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىدە راۋاجلاندى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش تەشكىلاتلار قۇرۇلدى؛ ئۇلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتپەرەسلەر، تەمەخورلار ۋە قارانىيەتلەر 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن قۇرۇلغان خىلمۇ خىل گۇرۇھلاردا مۇھىم روللارنى ئويناپ، ئاشۇ گۇرۇھلارنىڭ ئاتامانلىرى ياكى تايانچلىرىغا ئايلاندى. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان

① www. Islom dini. info

② روھنى يېڭىلاش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدىكى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ كۈچ تەسىرىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن مىسىر ھۆكۈمرانلار سىنىپى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا قارشى چىقتى. بۇنىڭ بىلەن 1948 ـ يىلى مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى مەزكۇر ئۇيۇشمىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەسەن بەننا شۇ يىلى 12 ـ ئايدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

③ جىن يىجيۇ: «دەۋرىمىزدىكى ئىسلامىيەت مەسىلىسى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، 16 ـ بەت.

ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئاساسچىسى تەقىيۇددىن نەبھانى دەل شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى.

تەقىيۇددىن نەبھانى (1909~1979) پەلەستىننىڭ شىمالىي رايونىغا تەۋە ھەيفەنىڭ ئىجزىم يېزىسىدا تۇغۇلغان، دەسلەپكى تەلىمنى ئۆز يېزىسىدا ئالغان. 1928 ـ يىلى مىسىردىكى ئەزھەر دارىلئۇلۇمىغا بارغان. كېيىن ۋەتىنىگە قايتىپ پەلەستىننىڭ بىرقانچە شەھىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1948 ـ يىلىدىكى پاجىئەدىن كېيىن، ۋەتىنى پەلەستىننى تەرك ئېتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بېيرۇتقا كەتكەن. ئاشۇ قېتىمقى ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىدا مىسىر، سۇرىيە، ئىئوردانىيە ۋە ئىراق قاتارلىق ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەب تەرەپ مەغلۇب بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە پەلەستىننىڭ 80% زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، 725 مىڭ پەلەستىنلىكنى يۇرت ـ ماكانىدىن قوغلاپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇش تەشەببۇسى كۆپۈككە ئايلانغان①. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، تەقىيۇددىن نەبھانى بەيتۇل مۇقەددەستىكى شەرئىي ئىستىناف مەھكىمىسىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان. كېيىن ئاممانىدىكى ئىسلام دىنى مەكتىپىدە مۇدەررىس بولۇپ ئىشلىگەن. 1952 ـ يىلى ئۇ دىنىي ئەسەبىي تەشكىلات ھىزبۇتنى قۇرغان ۋە ئۇنى باشقۇرۇش، كىتاب ۋە باشقا نەشر بۇيۇملىرىنى چىقىرىش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان. مەزكۇر نەشر بۇيۇملىرى ھىزبۇتنىڭ باش ئىدىيەۋى مەنبەسى بولغان. ئۇ كېيىن ئۆز ۋاپاتىغا قەدەر ئىئوردانىيە، سۇرىيە ۋە لىۋان ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرۈپ، بېيرۇتتا ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

دېمەك، تەقىيۇددىن نەبھانىي ھەرقانداق بىر ئاددىي ئىنسانغا ئوخشاش ھايات كەچۈرگەن. ھىزبۇت تەشكىلاتىنى قۇرغان ۋە ھىزبۇتنىڭ ئىدىيەۋى تەلىماتىغا ئائىت «ئىسلام دۆلىتى» ناملىق كىتابنى يازغان. بىلىشىمىز كېرەككى، تەقىيۇددىن نەبھانىي ئىسلامىي ئىلىملەر بويىچە كاتتا ئالىم ئەمەس، بىرەر ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئەزا بولمىغان ياكى كاتتا ئالىم سۈپىتىدە بىرەر تەرەپتىن ئېتىراپمۇ قىلىنمىغان. ئۇ ھىزبۇتتىن ئىبارەت بىر دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسىلا خالاس. ئۇ ئاددىي ئوقۇتقۇچى ۋە مەھكىمىنىڭ قازىسى بولغان، باشقا نەرسە بولغىنى يوق. ھىزبۇت تەھرىرنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ۋە پائالىيەتچىلىرىمۇ تەقىيۇددىن نەبھانىيغا ئوخشاش ئاددىي ئادەملەر ئىدى. ھىزبۇت تەھرىرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەرلىرىنى بىلىش ناھايىتى قىيىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرى ناھايىتى قاتتىق سىر تۇتۇلۇپ كەلگەن. بۇ خىل ھالەت ھىزبۇت تەھرىر ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانىي گەپلەرنىڭ تارقىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. ھىزبۇت تەھرىرچىلەر: «بىز خەلىپىلىك ۋە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، رەھبەرلىرىمىزنىڭ كىملىكىنى سىر ساقلاشقا مەجبۇرمىز»② دەيدۇ. ئەمما ھىزبۇت تەھرىرچىلەردىنمۇ بەكرەك ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى يوشۇرغان ئەمەس. ئېھتىمال ھىزبۇت تەھرىرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ كىملىكى ئېنىق ئاشكارا بولسا، ئاددىي ھىزبۇتچىلارنى بەزى نەرسىلەرگە ئىشەندۈرۈش قىيىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

تەقىيۇددىن نەبھانىينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ھىزبۇت تەھرىرگە ئابدۇلقەييۇم زەللۇم يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ پەلەستىننىڭ خەلىل شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە «ھەكەزا خۇدىمەتەل خىلافەتۇ» ناملىق كىتابنى يازغان. لىۋان، ئىئوردانىيە، سۇرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدە بولسۇن، ھىزبۇت تەھرىرنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئاشۇ دۆلەت ھاكىمىيەتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۇ دۆلەتلەرنىڭ قەتئىي چەكلىشىگە، زەربە بېرىشىگە ۋە باستۇرۇشىغا ئۇچراپ كەلگەن. مەسىلەن، «ھىزبۇت» قۇرۇلۇپلا سەئۇدى ئەرەبىستانغا سىڭىپ كىرگەن ۋە بۇ دۆلەتنىڭ قانۇنى بىلەن توقۇنۇشقان، نەتىجىدە سەئۇدى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. ھىزبۇتنىڭ ئىئوردانىيەدىكى شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى ئەھمەد داغۇر 1969 ـ يىلى تۈرمىگە تاشلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. 1984 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا مىسىر ھۆكۈمىتى ھىزبۇت تەھرىرنىڭ 32 ئەزاسىنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرگەن.

---

① جىن يىجيۇ: «دەۋرىمىزدىكى ئىسلامىيەت مەسىلىسى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، 22 ـ بەت.
② www. Islom dini. info

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى قايسى دۆلەتتىكى «ھىزبۇت تەھرىر»نىڭ مەسئۇلى، ياكى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدە بولسۇن ھەقىقىي ئىسلام ئەقىدىسىنى چۈشىنىدىغانلار يوق. ئىسلامنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغانلارنىڭ بولماسلىقى ئۇلاردىكى ئەڭ چوڭ ئەيىب بولۇپ، بۇ «ھىزبۇت تەھرىر»نىڭ ئىسلامىي مەسىلىلەردە كۆپلەپ خاتالىققا يول قويۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دېمەك، «ھىزبۇت تەھرىر»نىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ ھالدا ئېيتقان گەپلىرى ۋە چىقارغان پەتىۋالىرى مۇسۇلمان ئالىم، ئۆلىمالىرىنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغان. ئالايلۇق، «ھىزبۇت تەھرىر» ئەزالىرىدىن بىرى سۆھبەتدىشىغا: «تەقىيۇددىن نەبھانىينىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپلا، ئىمانىم مۇكەممەل بولدى»① دېگەن. بۇ سۆزدىن تەقىيۇددىن نەبھانىينىڭ كىتابىنى ئوقۇمىغان، ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن ئادەمنىڭ ئىمانى پۈتۈن، مۇكەممەل ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەنا چىقىدۇ. تەقىيۇددىن نەبھانىي مىلادىيە 1909 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلىغىچە ياشىغان ئادەم، ئىسلام دىنى مىلادىيە 610 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن. ئۇنداق بولسا، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن 7 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى «ھىزبۇت تەھرىر»نىڭ سەپسەتىلىرى باش كۆتۈرۈپ چىققان 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشاپ ئۆتكەن تامام مۇسۇلمانلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەر، تابىئىنلەر، مۇفەسسىرلەر، مۇھەددىسلەر ۋە مەزھەب بېشى بولغان كاتتا ئالىم، ئۆلىمالار باشلىق بارلىق مۇسۇلمان) نىڭ ئىمانى كەمتۈكمىدۇ؟ بىزنىڭچە، «ھىزبۇت»چىلار ناھايىتى چوڭ خاتالىققا يول قويغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ خاتا پىكرىگە ئېسىلىۋېلىپ بارلىق ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان. نەتىجىدە، ئىسلام ئەقىدىسى، شەرىئىتى، دىنىي ئەمەل، قائىدە ـ يوسۇن، ئەدەپ ـ ئەخلاق، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تىن خەۋەرسىز جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ناھايىتى ئاسانلا خاتا يېتەكلەپ قىلىنغان.

**3. ھەقىقىي ئىسلامىي نۇقتىدىن «ھىزبۇت»نىڭ بەزى پەتىۋالىرىغا رەددىيە**

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ھىزبۇت تەھرىر» ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن ناتونۇش بولسا كېرەك. ئەگەر بىرئاز تونۇشلۇقى بولغان بولسا، ئۆزلىرىنى ھازىرقىدەك ھالەتتە قويماس ئىدى، «ھىزبۇت تەھرىر» ھەققىدىكى ئاشۇرۇۋېتىلگەن، كۆپتۈرۈلگەن ماختاش سۆزلىرىنى ئويلىنىپ قىلار ئىدى.

ئۇلارنىڭ «ھىزبۇت تەھرىردىن باشقا ھېچكىم ئىسلامنى توغرا چۈشەنمەيدۇ، ھېچكىم دىن ئۈچۈن قايغۇرمايدۇ، ھېچكىم ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى ئويلىمايدۇ»② دېگەن ماختاش سۆزلىرىنىڭ بىر سەپسەتە ئىكەنلىكىنى ھەممە ياخشى بىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر»③. ئەمما «ھىزبۇت»چىلار نومۇس قىلماستىن ئاشۇ جامائە بىزدۇرمىز، دەيدۇ. ئىسلام دۇنياسىدىكى غول ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئالىملار بولسا «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلگەن جامائەنىڭ ساھابىلار، مۇجاھىدلار ۋە ئالىملار ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىكەنلىكىنى دەلىل پاكىت بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن.

«ھىزبۇت»چىلار يەنە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹يەھۇدىيلار يەتمىش بىر پىرقىگە، نەسارالار يەتمىش ئىككى پىرقىگە بۆلۈندى، مېنىڭ ئۈممىتىم بولسا يەتمىش ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ يەتمىش ئىككىسى دوزاختا، بىرسىلا جەننەتتە› دېگەن، ئاشۇ جەننەتكە كىرىدىغان جامائە بىزدۇرمىز»④ دەيدۇ.

ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ «ھىزبۇت تەھرىر»گە ئەزا بولمىغان بارلىق مۇسۇلمانلار يۇقىرىقى ئايەت ـ ھەدىستە سۈپەتلەنگەنلەردىنمۇ؟، «ھىزبۇت تەھرىر»گە ئەزا بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا چۈشەمدۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئايەت ۋە ھەدىس ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنىسىدىكى بارچە شەرئىي مەتىنلەردە

① www. Islom dini. info

② يۇقىرىقى تور بېكەت.
③ «قۇرئان كەرىم»، «سۈرە ئال ئىمران» 104 ـ ئايەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
④ ۋاڭ خۇئەيدې: «ئىسلام مەزھەپلىرى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ بەت.

زىكىر قىلىنغان جامائەنىڭ ئەھلى سۈننە ۋەل جامائە ئىكەنلىكىنى ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارمۇ ياخشى بىلىدۇ.

«ھىزبۇت تەھرىر»نىڭ يۇقىرىدىكى سەپسەتىلىرىگە قاراپ، ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگۈسىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرق تەرىپىدە، قۇرئاننى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان، ئەمما دىنغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ ئېيتقان مۇنۇ ھەدىسنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتىم: «قۇرئان ئۇلارنىڭ قەلبى تۈگۈل، بوغۇزىغىمۇ يېتىپ بارمايدۇ، ئېغىزىدىن قۇرئاننى چۈشۈرمەيدۇ. ئىمان خۇددى ئوقيا ئوۋ ھايۋانلىرىنى تېشىپ ئۆتكەندەك چىقىپ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ»①. دېمەك، بۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن سۈپەت بۈگۈنكى كۈندىكى «ھىزبۇت تەھرىر»چىلەردىكى سۈپەت بىلەن ئاساسەن ئوخشاشلىقا ئىگە.

«ھىزبۇت تەھرىر» ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۆزىدىن باشقا مۇسۇلمانلارنى «ئىمانى يوق» ياكى «مۇناپىق» ھەتتا «كۇفرى» دەپ جۆيلۈشلىرى ئىماننىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى، ئىسلامدا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننى خالىغانچە ئەيىبلەش ھەتتا ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ. ئەينى يىللاردا ساھابىلەردىن ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىمقى غازاتتا «كەلىمە تەييىبە» ـ «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ»نى ئېيتقان بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن، چۈنكى ئۇ بۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ، يالغاندىن تىلىدا «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ» دېدى دەپ قارىغان، بۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەپ: «سەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى بىلگەنمىدىڭ؟»② دېگەن.

بۈگۈنكى كۈندە «ھىزبۇت تەھرىر»چىلەرنىڭ بىلىمسىزلىكى، نادانلىقى، جاھىللىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭكىنىلا راست ھېسابلاپ، باشقىلاردىن قۇسۇر چىقىرىشقا ئامراق، ئۆزىنىڭ ئىماننى مۇكەممەل، باشقىلارنىڭ ئىماننى كەمتۈك ياكى خاتا دەپ ھۇجۇم قىلىش پىسخىكىسىنى قەتئىي قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. «ھىزبۇت تەھرىر»چىلەر دىنىي كىتابلاردىن ئايرىم ئىبارىلەرنى تېپىۋېلىپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇنى بۇرمىلاپ، باشقىلارنى سۆكۈپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلغاننى ئاز دەپ پۈتۈن جەمئىيەتكە خەۋپ ئېلىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەن 1100 يىلدىن ئارتۇق تارىختا مۇسۇلمانلار ئەنئەنە جەھەتتە ئەھلى سۈننەدىكى ھەنەفىيە مەزھىپىگە ئەمەل قىلىپ كەلمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، «ھىزبۇت تەھرىر»گە ئوخشاش بىرقىسىم دىنىي ئەسەبىي كۈچ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئىسلام دىنىنى سىياسىيلاشتۇرۇش، ئەقىدىلىرىنى ئەسەبىيلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كۆپچىلىك ئورتاق ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىمىزنى خاتا دېيىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشى، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدىكى بەزى ئۇششاق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتىشنى قەستەن زورايتىپ، ئامما ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق، زىددىيەت پەيدا قىلىشى ئۇلارنىڭ سېپى ئۆزىدىن قارانىيەتلەر ئىكەنلىكىنىڭ پولاتتەك پاكىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئىسلامنى يېپىنچا قىلىۋالغان «ھىزبۇت تەھرىر»نىڭ دىنغا زىت بولغان، دىنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىگە ياكى ئەھكاملىرىغا خىلاپ بولغان سەپسەتىلىرىگە قاتتىق رەددىيە بېرىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىشىمىز لازىم.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن

---

① [مىسىرلىق] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، 251 ـ بەت.

② جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تۈزگەن: «يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر» (1~4 ـ توپلاملار)، دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 178~ 179 ـ بەتلەر.

# «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تىكى قۇش ناملىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

قەدىردىن نۇرئەخمەت

**مۇھىم مەزمۇنى:** ھايۋانات دۇنياسى خىلمۇخىل ھايۋانلاردىن ۋە ئۇچار قۇشلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق ئامىل ھەم قىممەتلىك بايلىقتۇر. دىيارىمىز ئەزەلدىن قۇش تۈرىدىكى ئۇچار قاناتلارنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان ئانا ماكانلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. رايونىمىزدا قۇش تۈرىدىكى ئۇچار قاناتلار 350 خىلدىن ئاشىدۇ، شۇ ئۇچار قاناتلاردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ نامى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتىنى بىلىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاش شارائىتى، تۈرلۈك ھايۋانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»؛ قۇش ناملىرى؛ تىل

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كۆپ خىللىقى، مەزمۇن خاراكتېرىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى، بىلىم زاپىسىنىڭ مولluqى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ تىل ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن زور ھەجىملىك قامۇس بولۇپ، ئۇنىڭدا دىيارىمىزنىڭ جۇغراپىيەسىگە، تارىخىغا، ئېتنوگرافىيەسىگە، فولكلورىغا ئائىت ئىنتايىن قىممەتلىك بىلىملەر بايان قىلىنغان، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئۆرپ- ئادىتى، يېمەك- ئىچمىكى، كىيىم- كېچىكى، تۇرالغۇ جايى، ئەمگەك ۋە جەڭ قوراللىرى، ماددىي مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا دائىر ئىنتايىن مول ماتېرىياللار تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا «لۇغەت»تە يەنە ھەرخىل ھايۋانات (ھايۋانلار، جان- جانىۋارلار ۋە قۇش- پەرەندىلەر) گە دائىر ماتېرىياللارغىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلاردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ مەنبەلەر بىزنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاش شارائىتى، تۈرلۈك ھايۋانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ ئىندېكسى بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ.

دەرۋەقە، بۇ قامۇسچىل ئەسەر مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئائىت كىتابتۇر. «لۇغەت» چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدە يەنى 1795 ـ يىلى تاماملانغان بولۇپ، مانجۇ، تىبەت، موڭغۇل، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدىن ئىبارەت بەش خىل تىلنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتىدۇر. بۇ لۇغەت ئەينى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنى موڭغۇل، مانجۇ تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىلگىرى ۋە ھازىر پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە خاس مونوگرافىيەلەر ئاز ئەمەس، گەرچە بۇ تېپتىكى ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرى شۇ پەن ساھەسىدىكىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان، باشقا ساھەدىكىلەرنى ئۆزىگە ئانچە جەلپ قىلالمىغان. ۋەھالەنكى «لۇغەت» تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىن پەرقلىنىدۇ. تۈزگۈچىلەر لۇغەتنى تۈزۈشتە باشقىچە يول تۇتۇپ 18 ـ ئەسىر سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپلىق ۋە كەڭ بىلىمىگە تايىنىپ، ھەربىر سۆزلەمنى ئىزاھلاشتا كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ۋە بىلىم بېرىدىغان، ئىلىم- پەن

دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان: مەسىلەن، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، ھۈنەر ـ سەنئەت، سېھىرگەرلىك، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئەمەل ـ مەنسەپ، قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرۈق ـ تۇغقانچىلىق قاتارلىق سۆزلەملەرنى مەزمۇن تۈرى بويىچە كىرگۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى بولغان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق قامۇسقا ئايلانغان.

بۇ ماقالىدە ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئانچە قوزغىمىغان بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارماقچىمەن. ئۇ بولسىمۇ «لۇغەت» ئىچىدىن كەڭ ئورۇن ئالغان ھايۋانات ئىلمىگە ئائىت مەلۇماتلاردىن ئىبارەت. مەزكۇر لۇغەتنىڭ 3 ـ توم 4 ـ دەپتەردە 2 قىسىم 14 بۆلەك، يەنە شۇ 3 ـ توم 30 ـ دەپتەردە 4 قىسىم 20 بۆلەك قۇشلار نامىغا مەخسۇس ئورۇن بېرىلگەن ھەمدە قۇش ناملىرى بەش خىل تىلدا ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان. دېمەك، مۇشۇ تەرىقىدە ئايرىم ھالدا ئىككى ئورۇندا جانىۋارلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئىش ـ ھەرىكەت قىلىقلىرىغا ئائىت سۆزلەملەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ جان ـ جانىۋارنىڭ ناملىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى ھازىرغىچە بىزنىڭ تىلىمىزدا ئەينەن ساقلانغان بولۇپ، بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئەسلىي تەلەپپۇزىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياسىغان بولۇپ، ئۇ بىزگە ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەۋر خۇسۇسىيىتىنى ۋە تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ. يەنە بىر ئەھمىيەتلىك تەرىپى شۇكى، مەزكۇر لۇغەتتە تىلغا ئېلىنغان بەزى ھايۋانلارنىڭ نامى ھازىر ئالىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ياكى ئىزى يوقالغان. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر بۇرۇنراق ئولتۇراقلىشىپ، ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن شەھەرلەشكەن، دېھقانچىلىق ۋە قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكىگە كۆچكەن. تۇرمۇش شارائىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىش ھايۋانات بىلەن بولغان قويۇق باغلىنىشنى تەدرىجىي سۇسلاشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بەزى ھايۋانلارنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك گىننېتىكىلىق بەلگىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدىن چىقىرىلىشقا باشلىغان. ئالايلۇق. «لۇغەت»تە «بۈركۈت»، «سۇمرۇغ»، «قۇچقاچ» قاتارلىق ئۇچارقاناتلارنىڭ بىر قانچە خىل تۈرى ۋە ھەربىر تۈرنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بېرىلگەن، لېكىن زاماننىڭ ئۆتۈشى، سۆزلۈكلەرنىڭ ئۇنتۇلۇشى ۋە تېز سۈرئەتتە شەھەرلىشىۋاتقان، دېھقانچىلىق ئاساس چارۋىچىلىق قوشۇمچە ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىقى ناملار ئومۇمىي نام بىلەنلا ئاتالغان، جىنسلىق ۋە گىننېتىكىلىق ناملىرى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ جانلىق تىل پاكىتلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان لۇغەت فوندىنى بېيىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭدا قۇش تۈرىدىكى ئۇچار قاناتلار 350 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى قۇش تۈرىنىڭ تەخمىنەن 29% نى ئىگىلەيدۇ①، شىنجاڭ ئەنە شۇنداق قۇشلارغا باي رايون بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن باشلاپ قۇشلارنى سۆيۈش ۋە ئاسراشتەك ياخشى ئادەت شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا قۇشلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە خارلاش ئېغىر گۇناھ دەپ قارالغان. ئىسلام دىنىدا قۇشلارغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا: «سەۋەبسىز بىرەر جانلىقنىڭ جېنىغا زامىن بولساڭ، ئاخىرەتكە بارغاندا ئۇ سەندىن جان تەلەپ قىلىدۇ. خۇدا سېنى سوراققا تارتىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار ئاساسەن قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا قۇشلارنى سۆيۈش ۋە ئاسراش روھىدا تەربىيەلەيدۇ. باللار قۇشقا ئامراق بولغاچقا، ئۇۋىسىدىن قۇشلارنىڭ باللىرىنى تۇتۇپ كەلسە، ئۇنى ناھايىتى ئاۋايلاپ بېقىپ چوڭ قىلىشقا، ھەرگىز ئۆلتۈرۈپ قويماسلىققا دالالەت قىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن قۇش بېقىش ۋە كۆندۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇ قۇشلار بۈركۈت، قارچىغا، لاچىن قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلاردىن ئىبارەت. بۇ قۇشلار ئارقار، كىيىك، قىرغاۋۇل، توشقان

① مۇھەممەد ئابدۇللا قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭدىكى ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار» (كىرىش سۆز)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ ، 2 ـ بەتلەر.

قاتارلىق ئاسانلىقچە تۇتقىلى بولمايدىغان هايۋانلارنى ئوۋلاش مەقسىتىدە مەخسۇس كۆندۈرۈلىدۇ. «لاچىن» قەدىمكى ئادەت بويىچە باتۇر يىگىتلەرنى سۈپەتلەشتە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ خىل ئادەت هازىرغىچە ئۇيغۇرلاردا داۋاملىشىپ كەلمەكتە، يەنە ئۇيغۇرلاردا باتۇر ئەزىمەتلەرنى «بۆرە»، «شۇڭقار»، «ئات»، «شىر» قاتارلىق يىرتقۇچ هايۋانلار بىلەن سۈپەتلەيدىغان، تەرىپلەيدىغان ئادەت بار. «لاچىن» ئىنتايىن چەبدەس باتۇر قۇش، ئۇنىڭ جۈغى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆزىدىن چوڭ قۇشلارنىمۇ تۇتالايدۇ. شۇڭا، قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرلارمۇ «لاچىن» دەپ سۈپەتلەنگەنىدى. يەنە بەزى مەنبەلەردە: «لاچىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلاردا قۇت نىشانى بولغان»① دەپ قارىلىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى خان- پادىشاهلارنىڭ ئوردىسىدا مەخسۇس قۇشچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈش ۋە ئوۋغا سېلىش ئىدى. خانلار ۋە شاهزادىلەر ئوردا قۇشچىلىرىنىڭ هەمراهلىقىدا چەت جايلارغا بېرىپ قۇش سېلىشنى ئەڭ كۆڭۈللۈك سەيلە - ساياهەت مىزانى قىلغان. قۇشلاش ئادىتى توغرىسىدا مەهمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرى بىلەن يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىمۇ بەزى مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. ئۇيغۇرلاردا قۇشلارنى مەدهىيەلەيدىغان ناخشا- قوشاقلارنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ ئۇلارنىڭ قۇشلارغا بولغان هېرىسمەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

تۆۋەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمەن شېئىر- قوشاقلىرىدىكى قۇش ناملىرىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: چىنار — كۆپىنچە مەزمۇتلۇق، چىدام، جاسارەتكە؛ بەزىدە كېلىشكەن قىزلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ چىنار — نازۇك چىنار،
تەگمە، ئۇنىڭ شاخى سۇنار.
شاخى سۇنغاندىن كېيىن
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار.

قۇرغۇي — كۆپىنچە گۈزەل يار، ۋاپادار هەمراهقا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تاغقا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قۇرغۇي بالاسى بار ئۈچۈن.
ئالتە ئاي ئۇتتۇڭدا كۆيدۈم،
ساڭا مەيلىم بار ئۈچۈن.

قارچۇغا — كۆپىنچە سۆيۈملۈك يارغا، كۆزى ئويناق، گۈزەل قىزلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ، مەسىلەن:

ئالتە ئاي يوللار مېڭىپ،
پۇتۇمدا دەرمان قالمىدى.
قارچۇغام قولۇمغا چۈشتى،
ئىچىمدە ئارمان قالمىدى.

قاغا — شۇملۇق، پالاكەتكە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

قاغىلار قاتار- قاتار،
بىر بالا بولدىمىكىن.
يۈزى ئاق، قېشى قارا،
مەندىن جۇدا بولدىمىكىن.

گۈل بىلەن ئۇرسام تىكەننى،
گۈل بولۇر، گۈللەر بولۇر.
باشقا قونغان قاغىلار
يار ئالدىدا بۇلبۇل بولۇر②

يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

---

① يارمۇهەممەت تاهىر تۇغلۇق: «قائىدە- يوسۇنلىرىمىز»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىلى 3-ئاي نەشرى، 483-، 484-بەتلەر.

② پەرىدە هامۇت: «ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سىمۋوللۇق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- ئەدەبىياتى هەققىدە تەتقىقات» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001-يىلى 6-نەشرى، 236-، 237-، 238-، 239-بەتلەر.

1101 ـ ئاقارسا ئاقۇدەك كىشىنىڭ بېشى،
دىلىن ئاقۇ كەبى ئاقاتسۇن كىشى.
2054 ـ جەسۇر كۆزى ئۆتكۈرگە مال ئۆكسۈمەس،
ئالغۇر ئاق لاچىنغا يېمەك كەمسىمەس.
3010 ـ پەزىلەتنى ئوغلان كەم كۆرمە، ئۆگەن،
ئاققۇشقا ئوخشار ئۇ، مىجەزى بىلەن①.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

سەندەن قاچار سۇندىلاچ،
مەندە تىناز قارغىلاچ.
تاتلىغ ئۆتەر ساندۇۋاچ،
ئەركەك تېشى ئۇچراشۇر②.

(ياز قىشقا ئېيتىدۇ، سەندىن سوڭگۈلاچ قاچىدۇ، مەندە بولسا قالىغاچلار يايرايدۇ، بۇلبۇللار نەغمە قىلىدۇ)

قۇش قۇرت قامۇغ تىرىلدى،
ئەركەك تىشى تەرىلدى.
ئۈگۈر ئالىپ تارىلدى،
يىنىغا يانا كىرگۈسۈر③.

(قۇش ـ قۇرتلار باھارنىڭ يۇمشاق شامىلى بىلەن يەنە تىرىلدى، ئەركەك ـ چىشىلىرى توپلىششتى، توپ ـ توپ بولۇپ تارقىلىشتى، ئۇلار ئىنىگە قايتىپ كىرمەيدىغان بولدى)

قورداي قۇغۇ ئاندا ئۇچۇپ يۇمغىن ئۆتەر،
قوزغۇن ياڭا سايراپ ئانىن ئۈنى پۈتەر④.

(قۇداي ۋە ئاققۇلار توپلىشىپ شۇ ئەتراپىدا ئۇچرىشىدۇ ۋە ھەرخىل ئاۋازلار بىلەن سايرىشىدۇ، قوزغۇن، تاغ قاغىلىرى تۇلا قاقىلداپ ئۈنلىرى پۈتۈپ كېتىدۇ)

ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان»دا يەنە: «قۇش قانىت، ئەر ئاتىن» (قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن)، «كىچىك ئۇلۇغقا تورۇشماس، قىرغۇي سوڭقۇرقا قارىشماس» (قورغۇي شۇڭقار بىلەن ئېلىشالمىغاندەك، كىچىكلەر ھەر قانچە غەيرەتلىك بولسىمۇ، چوڭلار بىلەن تەڭ تۇرالمايدۇ، چۈنكى چوڭلارنىڭ ھىيلىسى ۋە تەدبىرى كۆپ بولىدۇ) دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەرمۇ ئۇچرايدۇ.

تۆۋەندە، مەن «لۇغەت»تە تىلغا ئېلىنغان جان ـ جانىۋارلارنىڭ بىر قىسمى بولغان قۇشلارنىڭ نامى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، ئالاھىدىلىكى، شەكلى قاتارلىقلارنى تۈرلەر بويىچە رەتلەپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇندۇم.

«لۇغەت»نىڭ 1 ـ تومىنىڭ 1026~1034 ـ بەتلىرىدە قۇشلارنى كۆندۈرۈش ۋە ئوينىتىشقا ئائىت سۆزلەملەر بېرىلگەن. 3 ـ تومىنىڭ 4113~4234 ـ بەتلىرى بىلەن 4800~4902 ـ بەتلىرىدە قۇشلارنىڭ ناملىرىغا، ئالاھىدىلىكىگە، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ئائىت سۆزلەر بېرىلگەن. ئالايلۇق، «جانىۋار قۇچقاچىنىڭ سەرجەمئى» ئاستىدا 4 قىسىم 20 بۆلەك، يەنى 1 ـ «جانىۋارنىڭ قىسمى»، 2 ـ «قۇچقاچنىڭ قىسمى»، 3 ـ «قاناتلىق نېمەلەرنىڭ بويىغە قوشۇلغان قىسمى»، 4 ـ «جانىۋارنىڭ تەبرەيدۇ(ر)غان مىدرەيدۇ(ر)غان قىسمى».

جان ـ جانىۋارلار؛ قۇش ـ پەرەندىلەر (بۇ گۆشخور قۇشلار ۋە دانخور قۇشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: « ‹قۇتادغۇ بىلىك› تىن ئۈنچىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 5 ـ نەشرى، 57 ـ، 76 ـ، 116 ـ بەتلەر.
② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 685 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 5 ـ بەت.
④ يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 331 ـ بەت.

دانخور قۇشلار يەنە ئۆي قۇشلىرى ۋە دالا قۇشلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ).

«لۇغەت»تىكى قۇش- پەرەندىلەرگە ئائىت سۆزلەملەرنى كۆرۈشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىستاتىستىكىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

| قۇش- پەرەندىلەر | گۆشخور قۇشلار | دانخور قۇشلار | ئۆي قۇشلىرى | دالا قۇشلىرى |
|---|---|---|---|---|
| قۇش-پەرەندىلەرناملىرىنىڭ ئىگىلىگەن سانى | 25 | 26 | 14 | 45 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | ≈23% | ≈24% | ≈13% | ≈41% |

«لۇغەت»تىكى قۇش- پەرەندىلەرگە ئائىت سۆزلەملەرنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىدىن، شۇ دەۋردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت دۇنياسى جۈملىدىن شۇ تەبىئەتنىڭ ئەركىسى بولغان جان-جانىۋارلار ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ياشاش مۇھىتى، ئۆزلۈكلىنىش ئادىتى بىلەن پىششىق تونۇشلۇقىنى بىلىۋالالايمىز.

تۆۋەندە، «لۇغەت»تىكى قۇش- پەرەندىلەرنىڭ ناملىرىنى «لۇغەت»تە بېرىلگەن ئورۇن تەرتىپى بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. جانىۋار قۇچقاچىنىڭ سەرجەمئى 4 قىسىم 20 بۆلەك.

«بىرىنجى بۆلۈم بىرىنچى قىسىم»

جانىۋارنىڭ قىسمى بىرىنچى: قۇش، سىرمۇرغ ، مادە سىرمۇرغ، ئۇچار سىرمۇرغ، كۆك تۇرنا، كۈلرەڭ تۇرنا، كىچىك تۇرنا، كۆك لەگلەگ، ئۇقار، سارغىش ئۇقار، ئۇلار، تاۋۇس، كىرمە تاۋۇس، ئاقىش جانىۋار، ۋاق، كۆك ۋاق.

جانىۋارنىڭ قىسمى ئىككىنچى: يابا غاز، قىزىل تۇمشۇق غاز، فۇفەكلىك غاز، ۋەقىتلىق غاز، چوڭ ئالا بويۇن غاز، كىچىك ئالا بويۇن غاز، ئوترا ئالا بويۇن غاز، كىچىك قارا باش غاز، چاقىر غاز، قۇ، ئۇقار، كۆك بالىقچى، ئالا بالىقچى، چوللۇق، بالىقچى قۇش، دۇغدۇرۇي، چىن، سۇ تاسقارا، سارىق قۇش، غاچىر، قۇي غاچىر، سۇ بۇقا، كەسمە قۇش، يەسى قۇش، بىز تۇمشۇق، يامغۇرچى، بۇرانچى.

جانىۋارنىڭ قىسمى ئۈچىنچى: قارا سالبار، سالبار، ئالمان قۇش، ئاق قۇش، بۈركۈت، چاقىر بۈركۈت، بەدەرلىك بۈركۈت، سارغىچ بۈركۈت، ئالا بۈركۈت، ئاقىش بۈركۈت، كۈكۈش بۈركۈت، قاراتار، ھۇي قۇش، چۇلي، ئاق باش سار، سار، كۈكەنەك، يۇرتچى، فۇفەكلىك يۇرتچى.

جانىۋارنىڭ قىسمى تۆتىنچى: قارچىغا، شۇڭقار، ئاق شۇڭقار، چاقار شۇڭقار، مەشرىقداقى شۇڭقار، ئىتەلگۈ، ساڭ ساڭ، لاچىن، تورۇمتاي لاچىن، تورۇمتاي، قىرغۇي، ئىكتە قىرغۇي، بوز قىرغۇي، جىق قىرغۇي، تىش قىرغۇي، تورى، تۈلەك، تاش تۈلەك، ئالا قۇيرۇق سار، لەفەڭ سار، كۆك لەفەڭ سار، ئىكتە.

جانىۋارنىڭ قىسمى بەشىنچى: سەلكەش، جاغالماي، باي قۇش، ھوي قۇش، يافالاق، شۇم قۇش، جۇغۇندەك، ئاياغ سىز، پىرىق قۇش، لەكەن تۇقۇسى، بالىقچى، ئاق بالىقچى، تۇرنا بالىقچى، قارا بالىقچى، دەريا ئىتەلگۈ، دەريا قىرغۇي، قىزغىش بالىقچى، ياشىل بالىقچى، كۆكۈش بالىقچى، چوللۇق بالىقچى، شىيپ تورۇڭغۇ، سۇ چۇغۇندەك.

جانىۋارنىڭ قىسمى ئالتىنچى: كاتى رەڭ توخى، فۇفى شەكلىك توخى، ئۇشتۇرمۇرغ، قارامتى مۇرغ، تاجلىك مۇرغ، ئالا بويۇن مۇرغ، فۇفەكلىك مۇرغ، ياشىل كۆزلۈك مۇرغ، چاقار مۇرغ، دۇكۇر مۇرغ، چۇلاق مۇرغ، كىچىك دۇكۇر مۇرغ، سۇلايمانلىق مۇرغ، سارغىچ مۇرغ، ميانەمۇرغ، كەكلىك، چىل مۇرغ، چىل، باغىيرتاق، چەدۇكى باغىيرتاق.

جانىۋارنىڭ قىسمى يەتتىنچى: قىرغۇل، قارامتۇل قىرغۇل، خىتاي قىرغۇل، فۇرمي قىرغۇل، ئالا قىرغۇل، ئاق قىرغۇل، رەڭلىك قىرغۇل، قارا قىرغۇل، تاغ قىرغۇل، بالدىر قىرغۇل، چۇقۇشقاق قىرغۇل، دۇرلام قىرغۇل، چۇجا، يابا ئۆردەك، كارراك ئۆردەك، كىچىك ئالا ئۆردەك، سۇنا ئۆردەك، كىچىك ئۆردەك، قۇبا ئۆردەك، فەتەك ئۆردەك، سۇخسۇر، قىزغىيچ كارراك ئۆردەك، چار كارراك ئۆردەك، چاقار كارراك ئۆردەك.

جانىۋانىڭ قىسمى سەككىزىنچى: قوشماق ئۆردەك، تۇتۇش ئۆردەك، ھاڭغىرىت، سارىغ ئۆردەك،

كىچىك قۇرۇق ئۆردەك، يەكەن ئۆردەك، مارگ ئۆردەك، بالىقچى ئۆردەك، قارا فايچە ئۆردەك، قۇلاڭسا ئۆردەك، بىيلىق كۆز ئۆردەك، ئالاماچ ئۆردەك، ئالاسارغىيچ ئۆردەك، بالىقخە ئامراق ئۆردەك، ھۆرلۈق ئۆردەك، ياشىل شاتۇتى، سىرمۇرغ شاتۇتى، خۇشاللىق شاشۇتى، سارىغ سۇفىيا، ياشىل سۇفىيا، مادە سۇفىيا.

جانىۋارنىڭ قىسمى توققۇزىنچى: غىجگىدەچى، غىزەكەرچى، ئاقىش جىگدەچى، ساغىزخان، خەبەرچى ساغىزخان، ئاقىش ساغىزخان، تاغ ساغىزخان، ساي ساغىزخان، قىزغىش ساغىزخان، ئۇزۇن قۇيرۇق ئاق ساغىزخان، قارغا، توڭ قارغا، ئالا قارغا، ئاق قارغا، توخۇنەك، كۆك قارغا، قارا قاغا، كەفتەر، پايفاقلىق كەفتەر، توزلاغا، ياشىل يابا كەفتەر، ھوفۇق، قارا كاككۇك، تورۇلغا، فاخمايغان فاختەك.

جانىۋارنىڭ قىسمى ئونىنچى: بۇلۇتچى جانۋار، ئازھاق، تويتون، كاككۇك جانۋار، ھۆرفەيگەن، كۇكەچ جانۋار، مەھەلچى جانۋار، قىيچقىرغاق جانۋار، ئاۋازلىق جانۋار، مۇگۇزلۇق جانۋار، ئۇسما جانۋار، سۇسەني جانۋار، تارغىل جانۋار، چار جانۋار، گۇل (ياك) كۇل، سەھەرخىز، سۇمەرچى، تۇقاجاق، تام كوتلاج①.

«ئىككىنجى بۆلۈم ئىككىنچى قىسىم»

قۇچقاچنىڭ قىسمى بىرىنچى: قۇچقاچ، تەنچلىق قۇچقاچ، سارغىچ قۇچقاچ، قىزغىچ قۇچقاچ، تۇمشۇقلۇق قۇچقاچ، ئۇرۇتىل قۇچقاچ، چۇقۇغاق قۇچقاچ، قىزىل قاشقالىق چۇقۇغاق قۇچقاچ، ئالا چۇقۇغاق قۇچقاچ، تۇقاچاق، قاراباش ھۇفۇق، ئاق باش تۇقاچاق، فۇرچاقچى قۇچقاچ، گىل رەڭ فۇرجاقچى، قارامتىل فۇرجاقچى، قارغا قۇچقاچ، سايراغۇچ قۇچقاچ، بالاسايراغۇچ قۇچقاچ، غۇرالاي، ئالمان غۇرالاي، چىفار غۇرالاي، يامغۇرچى، چۇل كۆك تالغا، كۆك تالغا، يابا كۆك تالغا، ئۇزۇن پۇت كۆك تالغا.

قۇچقاچنىڭ قىسمى ئىككىنچى: بۆدەنە، دۈكۈر يوق بۆدەنە، ئۇزۇن تىرماق بۆدەنە، ئەركەك تىشى، چۇرفە، بۇلبۇل، تاغ بۇلبۇل، يابا بۇلبۇل، ئاق قاش بۇلبۇل، ئاقىش بۇلبۇل، سارغىچ بۇلبۇل، نارىنچى بۇلبۇل، بەش يوللۇق بۇلبۇل، غاز تورغاي، تورغاي، گىل رەڭ تورغاي، فۇفەكلىك تورغاي، قارلۇغاچ، قۇيران قارلۇغاچ، قالماق قارلۇغاچ، ئۇۋاچى قارلۇغاچ، قوم ئۇۋا قارلۇغاچ، چىغىرچىق قارلۇغاچ، چىغىرچىق.

قۇچقاچنىڭ قىسمى ئۈچىنچى: لاي ئۇۋا قارلۇغاچ، سارىغ ئالا قارلۇغاچ، چىچىرغان قارلۇغاچ، يىلان قارلۇغاچ، قارلۇغاچ قۇچقاچ، تاغ قارلۇغاچ قۇچقاچ، زەڭگەر قۇچقاچ، كۆك زەڭگەرقۇچقاچ، قىزىل قۇچقاچ، ياشىلراق قۇچقاچ، چىفار قۇچقاچ، مارجان قۇچقاچ، تاغ مارجان قۇچقاچ، تاغ سارىغلىق قۇچقاچ، تاغ ياشىللىق قۇچقاچ، خەبەرچى قۇچقاچ، خۇشاللىق قۇچقاچ، خۇشۇەختلىق قۇچقاچ، خۇررەملىق قۇچقاچ.

قۇچقاچنىڭ قىسمى تۆتىنچى: جىرلاق قۇچقاچ، چەرىخچى قۇچقاچ، شاخسناغۇچ قۇچقاچ، شاخچى قۇچقاچ، ھاۋادار قۇچقاچ، زەررەۋەر قۇچقاچ، مادە شاخچى قۇچقاچ، تۇرماچۇق قۇچقاچ، ئۇشتۇر قۇچقاچ، ئالافەر جانۋار، ئالا فارلماچ جانۋار، يۇنچىلىك جانۋار، قىزىل يۇنچىلىك جانۋار، قىزىل باش جانۋار، بەقەم جانۋار، سارىغ كۆز جانۋار، زەرقانات قۇچقاچ، سارىغ قۇچقاچ، نىمرەڭ قۇچقاچ، قۇگرۇغلۇق قۇچقاچ، جىرقىراق قۇچقاچ،

قۇچقاچنىڭ قىسمى بەشىنچى: ئەرتە يازداقى قۇچقاچ، بەھارداقى قۇچقاچ، جەنۇبى قۇچقاچ، تاغ جەنۇبى قۇچقاچ، مەھرۇبان قۇچقاچ، كوتكى قۇچقاچ، ئالا بويناق قۇچقاچ، ئالا قانات قۇچقاچ، ھۇدھۇد، قايچى تۇمشۇق قۇچقاچ، چافلاشقاق قۇچقاچ، تۇتۇشقاق جانۋار، مۇكى تۇمشۇق قۇچقاچ، چۇكى تۇمشۇق قۇچقاچ، كۆك تامغاق جانۋار، قاراتامغاق جانۋار، قىزىل تامغاق جانۋار، ئاقىش تامغاق جانۋار، ئاقباش قۇچقاچ، ئالاباش قۇچقاچ، بۇرما بويۇن قۇچقاچ، يولبارس باش قۇچقاچ، فەريادچى قۇچقاچ، دىك ـ دىك قۇچقاچ، تۇمۇرتىرناق قۇچقاچ، دەير ـ دەيرقۇچقاچ.

قۇچقاچنىڭ قىسمى ئالتىنچى: ئاق قۇچقاچ، مىھمانلاغان قۇچقاچ، دانلاغان قۇچقاچ، سۇفى چاق، ئالاچا قۇچقاچ، قارا ئالا قۇچقاچ، تاغ ئالا قۇچقاچ، بەدەرلىك قۇچقاچ، تاغ قۇچقاچ، قاراچىفار قۇچقاچ، قۇرۇقچى قۇچقاچ، خانلىك قۇچقاچ، جارقىراغاق، چىبىلداق، ۋاتىلداق، چيلى، ئايەس قىرما قۇچقاچ، قىغاچ قۇچقاچ، داغلامۇ، توخمەكچى، ئالا كۆز، قىغاچ جانۋار②.

① «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» 3 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1957 ـ يىلى نەشرى، 4114 ~ 171 4 ـ بەتلەر.
② يۇقىرىقى لۇغەت، 4172 ~ 4208 ـ بەتلەر.

«لۇغەت»تە تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىقى ئۇچار قاناتلارغا دائىر سۆز ـ ئاتالغۇلاردىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، هايۋانات دۇنياسى خىلمۇخىل هايۋانلاردىن ۋە ئۇچار قۇشلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇهىم تەركىبىي قىسمى، ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق ئامىل، شۇنداقلا قىممەتلىك بايلىقتۇر. ئىنسانلار كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بولغان خام ئەشيالارنىڭ ھەممىسىدە هايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلاردىن پايدىلىنىدۇ. «لۇغەت»تە ھەر بىر ئۇچار قۇش ئەركەك ـ چىشىسى، چوڭ ـ كىچىكى، رەڭ ئالاھىدىلىكى، ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ نامى، ھەرىكەت ئادىتى، شەكلى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئايرىم ـ ئايرىم خاس ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ، ئەينى دەۋردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ هايۋانلار بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. «لۇغەت»تە ھەتتا دانخور قۇشلارنىڭ تۈرى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ناھايىتى ئېنىق نام بىلەن ئاتالغان.

خەلقىمىز باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر بۇرۇنراق ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن شەھەرلەشكەن، دېھقانچىلىق ۋە قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىككە كۆچكەن. شۇڭا، «لۇغەت» تىكى بىر قىسىم هايۋانات، قۇش ناملىرى گەرچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولمىسىمۇ (ياكى ئاۋام خەلق تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ)، ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ فونېتىكا جەھەتتىن قىسمەن ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، قېرىنداش تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تىلىدا يەنىلا ساقلىنىپ تۇرماقتا. بىز تىلىمىزنىڭ لۇغەت بايلىقىنى ياكى لېكسىكا بايلىقىنى بېيىتىمىز دەيدىكەنمىز، يەككىلىك بىلەن چەت ئەل تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىشقا ئالدىرىماستىن، ئۆزىمىزنىڭ قەدىمكى تىل بايلىقىمىزنىڭ لېكسىكا قىسمىنى ئوبدان قېزىشىمىز، توپلىشىمىز، رەتلىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز زۆرۈر.

«لۇغەت» ئەينى دەۋردىن قالغان ئېنسىكلوپېدىك تەۋەررۈك. ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ھازىرقىغا تەتبىقلاش ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. «لۇغەت»تىكى هايۋانات، قۇش ـ پەرەندىلەر ناملىرى ھەققىدىكى تەتقىقات تېخى بىر يېڭى تېما. شۇڭا، ئۇنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسى جەھەتتىن تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىلىم سۇپىتىدە جاھانغا يۈزلەندۈرۈشىمىز لازىم.

## پايدىلانمىلار:


1.《五体清文鉴》，北京：民族出版社，1957 年。

2. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دائىر ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.

3. ئابدۇكېرىم راخمان: ««دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى جان ـ جانىۋارلار ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 ـ يىللىق 2 ـ سان.

4. غەيرەت ئابدۇرەھمان، مەھمۇد ئابدۇۋېلى: « ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تىكى هايۋانات ناملىرى ھەققىدە»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى (مەجمۇئەسى)»، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.

5. ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى.

6. تۇرنىسا روزى: « ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تىكى هايۋانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆز ـ ئاتالغۇلار توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 ـ يىللىق 3 ـ سان.


**ئاپتور:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭداش بىرىكمىلەرنىڭ قاتلىمى توغرىسىدا

ئابدۇرېھىم راخمان

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭداش بىرىكمىلەر ئەنئەنىۋى گىراماتىكا رامكىسىدا سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر تۈر. بۇ ماقالىدە تەڭداش بىرىكمىلەرنىڭ تەبىرى، خاراكتېرى، قاتلىمى قاتارلىقلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر تىلى؛ تەڭداش بىرىكمە؛ قاتلام؛ باغلىغۇچى

## 1. تەڭداش بىرىكمە ھەققىدە

«بىرىكمە» ـــ ئايىنتما گىراماتىكا رامكىسىدىكى خاس ئاتالغۇ بولۇپ، تەخمىنەن ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىكى «سۆز بىرىكمىسى»گە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە بىرىكمە تەتقىقاتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىكمىلەر قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تەڭداش بىرىكمە ۋە بېقىندىلىق بىرىكمە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىكى سۆز بىرىكمىسىگە ئائىت بايانلاردا، شۇنداقلا لىتىپ توختى ئەپەندىنىڭ ئايىنتما گىراماتىكىسى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدە بۇ مەزمۇنلار تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما باش تەركىبنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئايرىلغان تۈرلەرنى تونۇشتۇرۇشتا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىلارلا تىلغا ئېلىنىدۇ. تەڭداش بىرىكمىلەرنىڭ قاتلىمى ۋە كونكرېت تۈرلىرى تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولۇش لوگىكىغىمۇ، ئايىنتما گىراماتىكىنىڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭداش بىرىكمىلەر ئەنئەنىۋى گىراماتىكا رامكىسىدا سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر تۈر. تەڭداش بىرىكمىلەر ئايىنتما گىراماتىكا رامكىسى ئىچىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ھەر ئىككى رامكىدا تەڭداش بىرىكمىلەرنىڭ قاتلىمى تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئەمەلىيەتتە تەڭداش بىرىكمىلەرنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى يەنىمۇ ئىنچىلىكەپ تەھلىل قىلىش ئايىنتما گىراماتىكا رامكىسىدا بىرىكمىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، قاتلىمى ۋە رولىنى تەھلىل قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭداش بىرىكمىلەر ئەمەلىيەتتە بىر باغلىغۇچى بىرىكمىسى بىلەن يەنە بىر تەركىبنىڭ بىرىكىشى ياكى باغلىغۇچىنى تولۇقلىغۇچى تەركىب قىلغان بىر ياكى ئىككى XPنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭداش بىرىكمە يالغۇز تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى تەركىبلەرنىلا ئەمەس، بەلكى تاللىما مۇناسىۋەتتىكى ۋە قارشىلىق مۇناسىۋىتىدىكى تەركىبلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەنزۇ تىلىدىكى تەڭداش بىرىكمىلەرنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى باغلىغۇچى بىرىكمىسىنى تۇنجى قېتىم خې يۈەنجيەن ئەپەندى تىلغا ئالغان①. ئۇ خەنزۇ تىلىدىكى باغلىغۇچى بىرىكمىسىنى جۈملىدىن كىچىك بىرلىكلەر ئىچىدە تەھلىل قىلغان. بىزمۇ بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭداش بىرىكمىلەرنى جۈملىدىن كىچىك گىراماتىكىلىق بىرلىك ـ بىرىكمە دائىرىسىدە تەھلىل قىلىپ، جۈملە دەرىجىسىدىكى ۋە جۈملىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى بىرلىكلەرنى باغلايدىغان

① خې يۈەنجيەن: «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى ئايىنتما گىراماتىكىسى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 174 ـ بەت.

باغلىغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بۇ يەردە تىلغا ئالمايمەن.

مەلۇمكى، باغلىغۇچىلارنىڭ گىراماتىكىلىق رولى سىنتاكسىس كاتېگورىيەسىدىكى ھەر خىل تىل تەركىبلىرىنى باغلاش. ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا تەڭداش بىرىكمىلەرنىڭ قاتلىمى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈلگەن:

[NP [NP CONJ NP]

بۇ قاتلام دەرەخ ئىسخېمىسىدا تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىنىدۇ:




ئاينىتما گىراماتىكىسىدىكى «ئىككى مەنبە» پىرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا بۇنداق قاتلاملىق مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈش قىيىن بولىدۇ. بۇ خىل قاتلاملىق مۇناسىۋەتتە باغلىغۇچىنىڭ رولى نەزەرگە ئېلىنسا بۇنداق قاتلاملىق مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

[NP [CONJP til vä] tärjimä]

بۇ قاتلامنى دەرەخ ئىسخېمىسىدا تۆۋەندىكىچە ئىپادىلەش مۇمكىن:




ئەگەر باغلىغۇچى كۆرۈنمىسە، يەنى ئۇنى نۆل شەكىلدە دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنى "e" بىلەن ئىپادە قىلىمىز:

a. [NP [CONJP ata e], bala]

b. [AP [CONJP äqilliq e], čirayliq]

c. [NOMLP [CONJP vätänni söyüš e], xälqni söyüš]




## 2. تەڭداش بىرىكمىلەرنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلىغۇچىلار خىلمۇخىل تەركىبلەرنى باغلاپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قاتلىمىمۇ

بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇ يەردە كۆپ ئۇچرايدىغان باغلىغۇچى بىرىكمىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

1) ئىسىم + باغلىغۇچى

[aš] e nan, [kitab] e däptär, [ata] vä bala, [ay] bilän kün, [til] vä tärjimä...

2) ئىسىم بىرىكمىسى + باغلىغۇچى

[yeŋi pikir] e yeŋi idiyä , [yaxši iš] bilän yaman iš, [kitabiy bilim] vä ämäliy turmuš, [bir kilo göš] vä on kilo may...

3) سۈپەت + باغلىغۇچى

[egiz] häm oruq, [[qizil] e aq] e, seriq...

4) سان + باغلىغۇچى

[bäš] bilän on, [qiriq] vä ällik, [birinči] vä ikkinči...

5. سان بىرىكمىسى + باغلىغۇچى

[saät töt] vä saät on, [čüštin burun säkkiz] vä čüštin keyin bäš...

6) ئالماش + باغلىغۇچى

[kim] bilän kim, [män] vä sän...

7) تەقلىد + باغلىغۇچى

[taraŋ – turuŋ] vä jaraŋ - juruŋ , [yalt – yult] vä gümbür - gümbür, [šar – šur] bilän šir - šir...

8) رەۋىش + باغلىغۇچى

[bügün] vä ätä, [hazir] vä mäŋgü...

9) رەۋىش بىرىكمىسى + باغلىغۇچى

[miŋ yil burun] vä miŋ yil keyin, [toydin burun] vä toydin keyin,...

10) تىركەلمە بىرىكمىسى + باغلىغۇچى

[tibabätkä ait] vä ädäbiyatqa ait , [ustaz heqqidä] vä ata – ana häqqidä, [2000-yilidin tartip] e hazirğa qädär, ...

11) ئىسىمداش + باغلىغۇچى

[qollaš] vä yardäm qiliš, [almaq] vä bärmäk, [[[körüš] e, tutuš] e, puraš] e, aŋlaš...

12) ئىسىمداش بىرىكمىسى + باغلىغۇچى

[ussul oynaš] vä naxša eytiš, [haraq ičiš] vä salamätlik, [egizdä turuš] vä yiraqni körüš...

13) سۈپەتداش + باغلىغۇچى

[oquğan] e bilgän, [köydürüvatqan] vä öltürüvatqan, [uxlaydiğan] vä uxljmaydiğan, [bilgän] e bilmigän...

14) سۈپەتداش بىرىكمىسى + باغلىغۇچى

[yiraqtin kälgän] vä čarčiğan, [bu šähärdä yašavatqan] vä töhpä qošuvatqan, [sizni tonuydiğan] vä obdan bilidiğan...

15) رەۋىشداش + باغلىغۇچى

[hasirap] e hömüdäp, [oquğili] vä pul tapqili, [aŋliğač] vä bilgäč...

16) رەۋىشداش بىرىكمىسى + باغلىغۇچى

[[[ornidin turup] e, kiyimini kiyip] e, yüzini yuyup] e, čeyini ičip , [hava özgärgäčke] vä mašina tepilmiğačqa, [yurtumğa qaytmiğili ] vä öydikilärni körmigili ...

17) كۆپلۈك بىرىكمىسى + باغلىغۇچى

[yillar] vä adämlär, [mehriban anilar] vä atilar,[bügün kälgänlär] vä ätä kelidiğanlar , [yašanğanlar]

vä balilar, [tatliq pičirlašlar] vä hayajanliq beqišlar...

18) تەۋەلىك بىرىكمىسى + باغلىغۇچى

[kitabiŋiz] vä qälimiŋiz, [ikkinči ukaŋ] vä siŋliŋ, [bäš balam] vä yašanğan ata-anam, [mehriban anilirimiz] vä qähriman atilirimiz,...

19) كېلىش بىرىكمىسى + باغلىغۇچى

[[öginištä] e, äxlaqta] e, täntärbiyädä, [yärdä] e asmanda, [tağdin] e bağdin, [vätängä] e, xälqqä, [[[čoŋniŋ] e, kičikniŋ] e, bayniŋ] e, kämbäğälniŋ, [yildin] e yilğa [qädimdin] e hazirğičä...

## 3. باغلىغۇچى بىرىكمىسى ھەققىدىكى بەزى مەسىلىلەر

1) تاللىما مۇناسىۋەتتىكى تەركىبلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتى تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى تەركىبلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىمايدۇ. تاللىما مۇناسىۋەتتىكى تەركىبلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا بۇ باغلىغۇچىلار كېيىنكى تەركىبكە باغلىنىدۇ، يەنى بۇنداق قۇرۇلمىدا تاللىما باغلىغۇچىسى «يا، ياكى، نە» قاتارلىقلار باش تەركىب ئەمەس، تولۇقلىغۇچى تەركىپ بولىدۇ. بۇ بىرىكمىلەردە «يا... يا...، ياكى... ياكى...، نە... نە...» قاتارلىق قۇرۇلمىلاردىكى بىرىنچى تاللىما باغلىغۇچى چۈشۈپ قالغانلىقتىن بۇنداق قۇرۇلمىلار شەكىللەنگەن. مەسىلەن:

a. [NP tursun [NP yaki turğun]] = [NP NP [yaki tursun], [NP yaki turğun]]

b. [PROP män [PROP ya sän]] = [NP [NP ya män], [NP ya sän]]







2) تەڭداش باغلىغۇچىلاردىن häm بىلەن باغلانغان بىرىكمىلەر ھەمىشە جۈپ شەكىلدە (« häm ... häm ...») كۆرۈلىدۇ. häm بىلەن بىللە كەلگەن بىرىكمە يالغۇز شەكىلدە ياكى جۈپ شەكىلدە كەلسۇن ھامان كېيىنكى تەركىب بىلەن بىرىكىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاللىما باغلىغۇچى «yaki...، nä... nä...» شەكىلدىكى باغلىغۇچىلارمۇ ھامان كېيىنكى تەركىب بىلەن باغلىنىدۇ. بۇنداق تەركىبنىڭ خاراكتېرى باش تەركىبنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇنداق بىرىكمىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

a. [[AP e čirayliq], [AP häm äqilliq]] = [AP [AP häm čirayliq,] [AP häm äqilliq]]

b. [[ADP e tez], [ADP häm yaxši]] = [ADP [ADP häm tez], [ADP häm yaxši]]

c. [NP [NP e quš], [NP nä adimizat]] = [NP [NP nä quš], [NP nä adimizat]]

d. [PROP [PROP e sän] , [PROP yaki män]] = [PROP [PROP yaki sän] , [PROP yaki män]]












3) باغلىغۇچى تەركىب بىلەن بىرىككۈچى تەركىب گىرامماتىكىلىق، لوگىكىلىق جەھەتتىن تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشى كېرەك. بۇ خىل ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

(1) تەڭداش بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغۇچى تەركىبلەر خاراكتېر، مەنە ۋە لوگىكىلىق ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بىردەك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

[NP [CONJP [N ay] bilän] [N kün]], [NP [CONJP [NP bir kilo göš] vä[ [NP on kilo may]], [AP [CONJP [A tatliq] ämma] [A ziyanliq]], [ADP [CONJP [ADP toydin burun] vä] [ADP toydin keyin]], [POSP [CONJP [POSP bäš balam] vä] [POSP yašanğan ata-anam]]...

(2) تەڭداش بىرىكمىنى ھاسىل قىلغۇچى تەركىبلەرگە كېلىش بىرىكمىسى، كۆپلۈك بىرىكمىسى، تەۋەلىك بىرىكمىسى قاتارلىقلارنى ھاسىل قىلىشتا ئوخشاش خاراكتېردىكى قوشۇمچىلار بىلەن كېلىشى كېرەك. مەسىلەن:

a.(1) [meniŋ dada]m, [seniŋ apa]ŋ (wä) [uniŋ aki]si

*(2) [meniŋ dada]m, [seniŋ apa]m (wä) [uniŋ aki]m

b. (1) [rähbär]lär, [ustaz]lar, (wä)[sawaqdaš]lar

*(2) [rähbär], [ustaz]lar, (wä)[sawaqdaš]lar

c. (1) [waraŋ-čuruŋ]da wä [taraq-turuq]ta

*(2) [waraŋ-čuruŋ]da wä [taraq-turuq]tiki

d. (1) [oŋ]din [sol]ğa

* (2) [oŋ]din [sol]lar

e. (1) [ämät]tin, [sämät]tin, [ahmät]tin

*(2) [ämät]tin, [sämät]ni, [ahmät]tin

f. (1) [qanun] boyičä, [pirinsip] boyičä, [qaidä] boyičä

*(2) [qanun] boyičä, [pirinsip] häqqidä, [qaidä] boyičä

(ئەسكەرتىش: * بەلگىسى قويۇلغان بىرىكمىلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى بىنورمال بىرىكمە ھېسابلىنىدۇ)

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭداش بىرىكمىنىڭ ئىچكى قاتلىمى، ئىچكى قاتلامدىكى تەركىبلەرنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئاينىتما گىرامماتىكا رامكىسى ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسىنى تەتقىق قىلىشتا كەسىپداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، كەسىپداشلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتقا ئورتاقلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە بۇ ماقالىغا تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرىشىنى قارشى ئالىمەن.

## پايدىلانمىلار:

1. لىتىپ توختى: «ئالتاي تىللىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.

2. لىتىپ توختى: «ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا ئالتاي تىللىرىنىڭ ئاينىتما گراماتىكا تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.
3. خې يۈەنجيەن: «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى ئاينىتما گراماتىكىسى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.
4. چې خۇياڭ: «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى بىرىكمىلەر»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.
5. فەن شاۋ: «بىرىكمە»، سودا نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.
6. [ئەنگلىيە] رادفورد: «سىنتاكسىس: ئەڭ ئاددىي لايىھەگە كىرىش»، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.
7. رادفورد: «ئەڭ ئاددىي لايىھە: سىنتاكسىس نەزەرىيە ۋە ئىنگلىز تىلىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە»، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[بۇ ماقالە مائارىپ مىنىستىرلىقى پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن «تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىغا تايانغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىكمىلەرنىڭ قۇرۇلما تەتقىقاتى» ناملىق تۈرنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى. تەستىق نومۇرى: 12YJA740045]

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

## ئاپتورلار سەمىگە:

1. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر شەكىل جەھەتتە ئىزاھلىق ماقالە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئىزاھلارنىڭ كېلىش مەنبەسى (كىمنىڭ قايسى كىتابىدىن ئېلىنىدى)، نەشرىيات نامى ۋە بەت سانى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئىزاھ شۇ مەزمۇن نەقىل ئېلىنغان بەتنىڭ ئاستىغا كېلىشى كېرەك.
2. ماقالىنىڭ سۈپىتىگە قاراپ پەرقلىق قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ، شۇڭا ئاپتورلارنىڭ ماقالىنى ئوبدان پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئىملالىرىنى تۈزىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىزگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، يۇقىرىقى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولمىغان ماقالىلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.
2. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئاپتورلارنىڭ ماقالىسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ، ئالتە ئاي ئىچىدە ماقالىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا ئاپتور بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. ئۇقتۇرۇش قىلىنمىغان ئاپتورلار ماقالىلىرىنى باشقىچە يول بىلەن بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ، ماقالە قايتۇرۇلمايدۇ.
3. ئاپتورلار ماقالىنى كومپيۇتېر (ئەل كاتىپ 5.5 سىستېمىسى)دا ئۇرغۇزۇپ، پوچتا ئارقىلىق ياكى ئېلېكتىرونلۇق خەت ساندۇقى (ئادرېس: pantatkikat@sina.com) ئارقىلىق ئەۋەتسە بولىدۇ.
4. ئاپتورلارنىڭ ئۆز ئىسمىنى ۋە ماقالىنىڭ تېمىسىنى خەنزۇچە يازغاندىن باشقا، ئالاقىلىشىشقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئادرېس ۋە تېلېفون نومۇرىنى ماقالىغا ئېنىق يېزىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

# تەجنىسنىڭ تۈرلىرى ۋە تەجنىسكە تاللىنىدىغان سۆزلەر توغرىسىدا

رۇقىيە ئوسمان

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، تەجنىسنىڭ تۈرلىرى ۋە تەجنىسكە تاللىنىدىغان سۆزلەر ۋە تەجنىسكە تاللانغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تەجنىس؛ تەجنىسنىڭ تۈرلىرى؛ سۆزلەر

تەجنىس (تجنيس) ئەرەبچە سۆز بولۇپ «جناس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز ئەرەب تىلىدا «بىر جىنسلاشتۇرۇش، بىر خىللاشتۇرۇش، ئوخشاش بولۇش» دېگەن مەنىدە. بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دېگەن ئەسىرىدە «تەجنىس ـ ئاھاڭداش سۆزلەردىن پايدىلىنىش سەنئىتى» دەپ تەبىر بەرگەن.

«تەجنىس» سەنئىتى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تەجنىسنىڭ ئەڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بۈيۈك شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. شۇندىن كېيىنكى ئۇزۇن بىر جەرياندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەجنىس سەنئىتى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ ماقالىدە تەجنىسنىڭ تۈرلىرى ۋە تەجنىسكە تاللىنىدىغان سۆزلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. تەجنىسنىڭ تۈرلىرى

تەجنىس شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

1) تولۇق تەجنىس

بۇ خىل تەجنىسكە تاللانغان سۆزلەر سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار جەھەتتىن پۈتۈنلەي پەرقسىز بولسا تولۇق تەجنىس دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ھەۋەس بىرلە تۈزۈك ئىش قىلمادىڭ ھېچ،
بولۇپتۇر كېچ ھەۋەس بازارىدىن كېچ.

ــ سوفى ئاللا يار

يۇقىرىقى مىسالدا «كېچ» سۆزى ئىككىنچى مىسرادا ئىككى جايدا كېلىپ باشقا ـ باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ئالدىنقىسى «كەچ» ۋاقىتنى بىلدۈرسە، كېيىنكىسى «كەچمەك، قول ئۈزمەك» دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇ ئىككى سۆز مەيلى سوزۇق تاۋۇش، مەيلى ئۈزۈك تاۋۇش جەھەتتىن بولسۇن تامامەن ئوخشاش بولغاچقا تولۇق تەجنىسكە كىرىدۇ.

تولۇق تەجنىس يەنە ئۆز ئىچىدىن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

(1) مۇكەممەل تولۇق تەجنىس

بۇ خىل تەجنىسكە تاللانغان سۆزلەر شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ بىر خىل سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

گەر قۇرۇتماس ئول كۆزۈمنىڭ ياشىنى،
ھەق ئۇزۇن قىلسۇن ئول ئاينىڭ ياشىنى.

ــ لۇتفى

يۇقىرىقى مىسالنىڭ 1 ـ مىسراسىدىكى «ياش» سۆزى «كۆز ياش»، 2 ـ مىسرادىكى «ياش»

سۆزى «ئۆمۈر»گە قارىتىلغان، شۇنداقلا ھەر ئىككى سۆز ئىسىم بولۇپ، بۇ ئىككىلا ئىسىمغا ئوخشاشلا ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى «-ى»، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «-نى» قوشۇلغان.

(2) قىسمەن تولۇق تەجنىس

بۇ خىل تەجنىسكە تاللانغان سۆزلەر شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش، لېكىن باشقا- باشقا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

بولدى چۈن ئۆمرىڭ كۈنىنىڭ ۋاقتى چۈش،
نەفسى سەركەش ئىتنى كۆپ چاپما، چۈش!

يۇقىرىقى مىسالنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «چۈش» سۆزى بىر كۈندىكى مەلۇم ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت ئىسمى، 2- مىسراسىدىكى «چۈش» سۆزى «ئىگىزدىن يەرگە چۈشمەك» دېگەن مەنىدىكى پېئىلدۇر.

2 ) مۇرەككەپ تەجنىس

سۆزلەرنىڭ تۆپى ياكى يىلتىزى ۋە ياكى بىر ياكى ئىككى تاۋۇش ئارقىلىق پەرقلىنىدىغان سۆزلەر تەجنىسكە تاللانغان بولسا بۇ خىل تەجنىس مۇرەككەپ تەجنىس دېيىلىدۇ.

مۇرەككەپ تەجنىس تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ئەھۋالدا كۆرۈلىدۇ.

(1) قارىماققا شەكىل جەھەتتىن ئوپمۇ- ئوخشاش، لېكىن سۆزنىڭ يىلتىزى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن:

لەئلىدىن جانىمگە ئوتلار ياقىلۇر،
قاشى قەددىمنى جەفادىن يا قىلۇر.
مەن ۋەفاسى ئەھدەسىدىن شادمەن،
ئول سەنەم بىلمانكى قىلماس يا قىلۇر.

— نەۋائىي

يۇقىرىقى مىسالدىكى تەجنىسكە تاللانغان «ياقىلۇر» سۆزى 1- مىسرادا «ياقماق» پېئىلىغا مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى«-ىل» ۋە ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسى «-ۇر»قوشۇلغان. 2- مىسرادىكى «يا قىلۇر» قوشما پېئىل، «قىلماق» پېئىلىغا ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسى «-ۇر» قوشۇلغان. 4- مىسرادىكى «يا قىلۇر» دېگەن بىرىكمە تەركىبىدىكى «ياكى» مەنىسىدىكى «يا» باغلىغۇچىسى بىلەن «قىلماق» پېئىلىغا ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسى «-ۇر»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان، «ياكى قىلىدۇ» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

(2) ئۈزۈك تاۋۇشلار ئوپمۇ- ئوخشاش، سوزۇق تاۋۇشلاردىن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر تەجنىسكە تاللانغان بولىدۇ. مەسىلەن:

بەقاسىز مەئىشەتلەرگە باقاسىز،
نېچۈك ئۆز جانىڭىزگە ئوت ياقاسىز.
ئەگەر تۇتساڭ تەرىقى مۇستەفانى،
يامان كويدۇر تەكەببۇر، كۆيدۇر ئانى.

— سوفى ئاللا يار

يۇقىرىقى مىسالدىكى بىرىنچى مىسرادىكى «بەقاسىز» دېگەن ئىككى سۆز، ئاخىرقى مىسرادىكى «كويدۇر» دېگەن ئىككى سۆز تەجنىسكە تاللانغان بولۇپ، ئالدىنقىسى «ئە» بىلەن «ئا» سوزۇق تاۋۇشى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. كېيىنكىسى «ئو» بىلەن «ئۆ»، «ئۇ» بىلەن «ئۈ» جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەگەر ئۇن يىل ئۆيىدە بولمىسا ئۇن،
ئۈنى چىقماس ئۈنى ئەيتۇرغە بىر كۈن.

— سوفى ئاللا يار

يۇقىرىقى مىسالدىكى «ئون» بىلەن «ئۇن»، «ئۆنى» بىلەن «ئۇنى» قاتارلىق تەجنىسكە تاللانغان سۆزلەر «ئو» بىلەن «ۇ» تاۋۇشى جەھەتتىن پەرقلەنگەن.

(3) بەزى سۆزلەرنى شۇ سۆز بىلەن بىرلىكتە تەجنىسكە تاللانغان يەنە بىر سۆزنىڭ تەركىبىدىن تاپقىلى بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر سۆزنىڭ ئارتۇق قىسمىنى چىقىرىۋەتكەندە يەنە بىر سۆز قالىدۇ. بۇ ئىككى سۆزمۇ تەجنىس سەنئىتىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

نە بولغاي كىرسە قولغە، دۇررى مەقسۇد،
ۋە گەر نە سۇدا يۇرگەندىن نەچۇك سۇد.

(4) تەجنىسكە تاللانغان سۆزلەردىكى بىر سۆزنى تەتۈر ئوقۇسا يەنە بىر سۆز كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

«قەدىڭ ئەلىفۇ قاشىڭ ئېرۇر يا،
دېسەم بە ئەجەب ئەگەر سېنى ئاي»①.

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «يا» بىلەن «ئاي» سۆزلىرى تەجنىسكە تاللانغان بولۇپ، ئالدىنقىسىدىكى «يا» سۆزىنى تەتۈر ئۆرىسە «ئاي» بىلەن ئاھاڭداش بولغان شەكلى بارلىققا كېلىدۇ.

2) «تەجنىس» سەنئىتى مىسرادىكى ئورنىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرگە بۆلىنىدۇ.

(1) قاپىيە ئورنىدا كەلگەن تەجنىس. مەسىلەن:

بۇ مۇنداغ كىشىلەر بولۇر ئەزى قىز،
بۇ قىز قىزلىغى قىلدى قىز ئاتى قىز.
(يېشمى: مۇشۇنداق كىشىلەر بولۇر بەكمۇ قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز)②.

يۇقىرىقى مىسالدىكى «قىز» سۆزى قاپىيە ئورنىدا كەلگەن بولۇپ، 1 ـ مىسرادىكى «قىز» دېگەن سۆز «قىس، كەم، نادىر» دېگەن مەنىدە، 2 ـ مىسرادىكى «قىز» دېگەن سۆز «قىز» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

چاغلىماي سۆز قىلسا ئالدى ـ ئارقىنى،
دەيدىكەن خەق: «سەندە نومۇس ـ ئار قېنى؟
گەر خاتاغا كەلمىسە دەرھال جازا،
يوق دېمەڭ، ھەقنىڭ ئۇزۇندۇر ئارقىنى».

ــ تېيىپجان ئېلىيېۋ

بۇ مىسالدىكى 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالاردىكى «ئارقىنى» دېگەن سۆز قاپىيە ئورنىدا كەلگەن. 1 ـ مىسرادىكى «ئارقىنى» «ئارقا، كەينى» دېگەن مەنىدە، 2 ـ مىسرادىكى «ئارقىنى» «ئار ـ نومۇس قەيەردە؟» دېگەن مەنىدە، 4 ـ مىسرادىكى «ئارقىنى» «ئاغامچا» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا قوش قاپىيەلىك شېئىرلاردا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ يىگىت كەلدى ئىشىكنى ئاچ دېدى،
بەر جامالىڭدىن ئوزۇق، مەن ئاچ دېدى.
پېتىنالماي قىز ئىشىكنى ئاچقىلى،
ساڭا مۇشكۇل ماڭا كىرسە ئاچ، دېدى.

ــ تېيىپجان ئېلىيېۋ

يۇقىرىقى مىسالدىكى 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالاردىكى «ئاچ» سۆزى «تەجنىس» سەنئىتىگە تاللانغان سۆز بولۇپ، رادىف قىلىنغان «دېدى» سۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن. 1 ـ مىسرادىكى «ئاچ»

---

① زەمىر سەئىدۇللازادە: «كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى بالاغەت ئىلمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىك.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 155 ـ بەت، 564 ـ بېيت.

«ئاچماق» دېگەن مەنىدە، 2 ـ مىسرادىكى «ئاچ» «قوساق ئاچ» دېگەن مەنىدە، 4 ـ مىسرادىكى «ئاچ» «تىلى تەگكەندە كۆرۈلىدىغان يېنىك كېسەل» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

(2) بىرلا مىسرا ياكى بىر پۈتۈن قۇرۇلما تەركىبىدە كەلگەن تەجنىس. مەسىلەن:

ئەزەل كۈندىن ئەگەرچە خەۋفى يوقسەن،
ئەگەر توقسەنگە كىرسەڭ كۆڭلى توق سەن.

يۇقىرىقى مىسالدىكى 2 ـ مىسرادىكى «توقسەن» تەجنىسكە تاللانغان بولۇپ، ئالدىنقىسى «توقسەن» سانىنى بىلدۈرسە، كېيىنكىسى «توق» دېگەن سۈپەتكە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىسى «سەن» قوشۇلۇپ تۈرلەنگەن شەكىل. بۇلار بىرلا مىسرادا كەلگەن.

«ساقىش ساقىلغىن بولدى ئاتى ساچىغ،
كۆرۈ بارسا ساقىش ئىزى ئۆك ساق ئىش» ①.

(يېشمى: ھېساب ساقلىغىن ئاتالدى «ساقىش»، كۆرەرسەن، ھېساب ئۇ ئۆزى بەك ساق ئىش.)

بۇ مىسالدا «ساقىش» سۆزى «تەجنىس» سەنئىتىگە تاللانغان بولۇپ، بىرىنچى مىسرانىڭ بېشىدىمۇ، ئىككىنچى مىسرادىمۇ ۋە ئىككىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىدىمۇ قاپىيە ئورنىدا كەلگەن بولۇپ، بىر پۈتۈن قۇرۇلما ئىچىدە كېلىدۇ. 1 ـ مىسرادىكى «ساقىش» «ھېساب» دېگەن مەنىدە، 2 ـ مىسرادىكىسى «خاتاسىز ئىش» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تەجنىس» سەنئىتى شېئىرىي ئەسەرلەردىلا ئەمەس، بەلكى ماقال ـ تەمسىل ۋە پىروزا ئەسەرلىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەردە «تەجنىس» ئاساسەن بىر پۈتۈن قۇرۇلما ئىچىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

توي قىلغانغا توي.
بۇ بالا بالا ئەمەس بالا بولدى.

ئالدىنقى مىسالدىكى «توي» سۆزى بىر پۈتۈن قۇرۇلمىدىكى ئىككى ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ئالدىدىكىسى «توي مۇراسىمى» دېگەن مەنىدە، كېيىنكىسى «تويماق» دېگەن مەنىدە كەلگەن؛ كېيىنكى مىسالدىكى «بالا» دېگەن سۆز «پەرزەنت»، «بالا ـ قازا» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن.

**2. تەجنىس سەنئىتىگە تاللىنىدىغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسى**

تەجنىسكە تاللانغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسىنى توغرا تاللاش ئۈچۈن بىز ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىز كېرەك. تەجنىسكە ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن شەكىلداش سۆزلەر تاللانغاندىن سىرت يەنە شەكىل جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرمۇ، تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن، تۈرلەنگەندىن كېيىنكى شەكلى ۋە تەلەپپۇزى ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرمۇ تاللىنىلىدۇ.

ئاھاڭداش سۆزلەر «ئادەتتە تەلەپپۇزى ئوخشاش بولغان، ئەمما ئىپادىلىگەن مەنىلىرى تامامەن ئوخشىمايدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاھاڭداش سۆز دېگەندە سۆزنىڭ تۈرلەنمىگەن شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا بەزى سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگەن شەكلى ئاھاڭداش سۆز ھېسابلانمايدۇ» ②. مەسىلەن:

چۆلدە قالسامۇ نە ھاجەت ئات ماڭا،
سىڭدى مەجنۇن دەپ چىرايلىق ئات ماڭا.
قېنى، سەن لەيلى، مېنى ئۆلمە دېسەڭ،
ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىڭنى ئات ماڭا.

— تېيىپجان ئېلىيېۋ

يۇقىرىقى مىسالدىكى «ئات» دېگەن سۆز 1 ـ مىسرادا «بىر خىل ھايۋان»، 2 ـ مىسرادا «ئادەم

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 155 ـ بەت، 2221 ـ بېيىت.

② مىرسۇلتان ئوسمانوف، مۇھەممەتىبراھىم سايىت: «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 33 ـ بەت.

ۋە شەيئىلەرنىڭ نامى»، 3 ـ مىسرادا «ئاتماق» (پېئىل) قاتارلىق مەنىلەردە كەلگەن. بۇ سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

مەيلى «سەت» مەيلى «دۆت» دە يا مېنى،
ئەمما ئادەمنىڭ ئەمەسمەن يامىنى.
مۇكچىيىپ كەتسەممۇ لازىم مەن ساڭا،
ياۋنى ئاتقاندا قىلارسەن يا مېنى.

ــ تېيىپجان ئېلىيېف

يۇقىرىقى مىسالدىكى «يا مېنى» دېگەن سۆز 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالاردا شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ تۈيۈقتىن ئىبارەت شېئىر شەكلىگە قاپىيە قىلىپ تاللانغان. لېكىن بۇ سۆزلەر ئاھاڭداش سۆز ئەمەس. چۈنكى، 1 ـ مىسرادىكى «يا مېنى» تەركىبىدىكى «يا» «ياكى» دېگەن مەنىدە، 2 ـ مىسرادىكى «يامىنى» «يامان» دېگەن سۈپەتكە تەۋەلىك 3 ـ (شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلغاندىن كېيىن «ا» سوزۇق تاۋۇشى «ى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان شەكلى. 4 ـ مىسرادىكى «يا مېنى» سۆزى تەركىبىدىكى «يا» «ئوقيا» دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇ ئۈچ سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى ئوخشاش بولغان، سۆزلەرنىڭ تۈپى ئوخشاش ئەمەس، شۇڭا بۇ سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ.

شەكىلداش سۆزلەر ــ يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، لېكىن تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى ئوخشاش بولمىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

«بالا» (پەرزەنت) بىلەن «بالا» (بالا ـ قازا) سۆزىنى، «ئاچا» (ئاچىماق) بىلەن «ئاچا» (ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىنداش) سۆزىنى ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلاشقا بولىدۇ.

تەجنىس سەنئىتى شائىرلارنىڭ ماھارىتىگە باھا بېرىدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. شائىرلار بۇ خىل سەنئەتتىن پايدىلانغاندا شەكىلنى ئاساس قىلىشى بىلەن بىللە، تەجنىسكە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسىنى كەڭ قويۇش ئارقىلىق تەجنىس سەنئىتىگە كەڭ يول قويغان بۇ خىل سەنئەت شەكلى ئارقىلىق مول ئىدىيەۋى مەزمۇن، ئالترىك ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

تۆۋەندە تەجنىس سەنئىتىگە تاللانغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

1) تەجنىسكە تاللانغان سۆزلەر بىرلا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ.

(1) ئىسىمغا تەۋە سۆزلەردىن تاللىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاللا ئېتىم سەمرىمەيدۇ، ئېگىز ئوتىدا.
يۈرەك باغرىم كاۋاپ بولدى، يارنىڭ ئوتىدا.

ــ خەلق قوشىقى

بۇ مىسالدىكى «ئوتىدا» دېگەن سۆزنىڭ تومۇرى «ئوت» ئىسىم سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، «ئوت ـ چۆپ» دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇ سۆز III شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى بىلەن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈرلەنگەن. 4 ـ مىسرادىكى «ئوتىدا» دېگەن سۆزنىڭ تومۇرى «ئوت» ئىسىم سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، «يارنىڭ ئىشقى» دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇ سۆزمۇ ئوخشاشلا III شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى بىلەن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈرلەنگەن. ھەر ئىككىلا سۆز ئىسىم سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ.

(2) پېئىلغا تەۋە سۆزلەردىن تاللىنىدۇ. مەسىلەن:

تەمەئى بىرلەن سۆمۈرگەن نەفسى غەمماز،
ئەگەر ئاغزىن تىلەر بولساڭ تىلەر باز.

ــ سوفى ئاللا يار

بۇ مىسالدىكى «تىلماق» پېئىلىغا «ـ ەر» ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى قوشۇمچىسى

قوشۇلغان. كېيىنكى «تىلەر» پېئىلىنىڭ يىلتىزى «تىلىمەك» بولۇپ، بۇنىڭغا «ـ ر» ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى قوشۇمچىسى قوشۇلغان. ھەر ئىككى سۆز پېئىل سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ.

2) ھەرخىل سۆز تۈركۈمىگە تەۋە سۆزلەردىن تاللىنىدۇ.

(1) ئىسىم بىلەن پېئىلغا تەۋە سۆزلەردىن تاللىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاقاردى ساچ، نەدامەت ئەشكىنى ساچ،
ياقاڭ ئۇشلاپ دەھانى مەئزەرەت ئاچ.

— سوفى ئاللا يار

يۇقىرىقى مىسالدىكى ئالدىنقى «ساچ» سۆزى «چاچ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسىم سۆز تۈركۈمىگە تەۋە. كېيىنكى «ساچ» دېگەن سۆز «چاچماق» دېگەن مەنىدىكى پېئىل.

(1) ئىسىم بىلەن مىقدارغا تەۋە سۆزلەردىن تاللىنىدۇ. مەسىلەن:

تىلىم ئۇزۇن ئايغالى يا كاشىفى راز،
تىلىمنى مىڭ تىلىم قىلسام ئېرۇر ئاز.

— سوفى ئاللا يار

بۇ مىسالدىكى 1 ـ مىسرادىكى «تىلىم» «تىل» (ئادەمنىڭ تېتىش ئەزاسى) سۆزىگە I شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ تۈرلەنگەن. 2 ـ مىسرادىكى «تىلىم» مىقدار سۆز مەنىدە كەلگەن.

(1) سان بىلەن ئىسىمغا تەۋە سۆزلەردىنمۇ تاللىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەگەر نەفسىڭ مۇرادىن ئىزلىمەكسەن،
ئەگەر سەكسەنگە ئۆمرۈڭ يەتسە سەكسەن.

— سوفى ئاللا يار

يەشمىسى: ئەگەر نەفسى ئاۋەرىسى بولۇپلا كۈن ئۆتكۈزسەڭ، يېشىڭ سەكسەنگە يەتسىمۇ يەنىلا ئېتسەن.

بۇ مىسالدىكى «سەكسەن» سۆزى تەجنىسكە تاللانغان بولۇپ، ئالدىدىكى «سەكسەنگە» «سەكسەن ياشقا» دىن ئىبارەت سان ئىسىم بىرىكمىسىنىڭ ئورنىدا كەلگەن، كېيىنكىسى «ئىتسەن» دېگەن مەنىدە. «سەڭ» (ئىت) كە II شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ تۈرلەنگەن.

ئەزەل كۈندىن ئەگەرچە خەۋاي يوقسەن،
ئەگەر توقەسىنگە كىرسەڭ كۆڭلى توقسەن.

— سوفى ئاللا يار

(1) رەۋىش بىلەن پېئىلغا تەۋە سۆزلەردىن تاللىنىدۇ. مەسىلەن:

ھەۋەس بىرلە تۈزۈك ئىش قىلمادىڭ ھېچ،
بولۇپتۇر كېچ ھەۋەس بازارىدىن كېچ.

— سوفى ئاللا يار

يۇقىرىقى مىسالدا «كېچ» سۆزى ئىككىنچى مىسرادا ئىككى جايدا كېلىپ باشقا ـ باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ئالدىنقىسى «كېچ» ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن رەۋىش، كېيىنكىسى «كەچمەك، قول ئۈزمەك» دېگەن مەنىدە كەلگەن پېئىل.

(1) سۈپەت بىلەن پېئىلغا تەۋە سۆزلەردىن تاللىنىدۇ. مەسىلەن:

بەقاسىز مەئىشتلەرگە بەقاسىز،
نىچۈك ئۆز جانىڭىزگە ئوت ياقاسىز.

— سوفى ئاللا يار

(يەشمىسى: ناچار گۇناھلىق مەئىشەتلەر بىلەن بولىسىز، نېمە ئۈچۈن ئۆز جېنىڭىزگە ئوت ياقىسىز)

يۇقىرىقى مىسالدىكى بىرىنچى مىسرانىڭ بېشىدا كەلگەن «بەقاسىز» سۆزى سۈپەت، كېيىنكىسى پېئىل بولىدۇ.

3) بىر سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسى تاللىنىدۇ. يەنى ئىسىملار بىلەن ئىگە ـ خەۋەر بىرىكمىسى تەجنىس سەنئىتىگە تاللانغان. مەسىلەن:

ئاغىر جىسمىڭ ئەگەر بولسۇن، دېسەڭ ساغ،
سەناچ ئاغزىن سەن ئاچ ئەلبەتتە كەمراغ.

ـــ سوفى ئاللا يار

(يەشىمىسى: ئەگەر يوغان جىسمىڭنى ساق بولسۇن دېسەڭ، يېمەك ـ ئىچمەك سېلىنغان قاچىنىڭ ئاغزىنى كەمرەك ئاچقىن.)

بۇ مىسالدا ئىككىنچى مىسرادىكى «سەناچ» سۆزى تەجنىسكە تاللانغان بولۇپ، ئالدىنقىسى يېمەك ـ ئىچمەك سېلىنغان قاچا مەنىسىدە كەلگەن ئىسىم. كېيىنكىسى ئىگە ـ خەۋەر بىرىكمىسى بولىدۇ.

4) سۆز بىرىكمىلىرى تەجنىسكە تاللىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەگەر نەفسىڭ سېنىڭ يەتمىش ياشىڭدىن،
نە بولغاي فائىدە يەتمىش ياشىڭدىن.

ـــ سوفى ئاللا يار

(يەشىمىسى: ئەگەر سېنىڭ نەپسىڭ بېشىڭدىن ئاشسا، يەتمىش ياشقا كىرگىنىڭدىن نېمە پايدا؟)

بۇ مىسالنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «يەتمىش ياشىڭدىن» دېگەن سۆز بىرىكمىسى «يېشىغا يەتكەن» دېگەن مەنىدە كەلگەن. ئىككىنچى مىسرادىكى «يەتمىش ياشىڭدىن» دېگەن سۆز بىرىكمىسى سان ـ ئىسىم بىرىكمىسىدۇر.

دېمەك، تەجنىس سەنئىتىگە تاللانغان سۆزلەر ئاھاڭداش ۋە ئاھاڭداش سۆزلەردىن باشقا شەكلى ئوخشاپراق كېتىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى، تۈپ ۋە ياسالما سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

ئۆلكىم كۆكۈل ئالدى زۇلفى، خالى.
كۆڭلىدىن ئەمەس خىيالى خالى.

ـــ لۇتفى

يۇقىرىقى مىسالدا «خالى» سۆزى بىرىنچى مىسرادا «مەڭ» مەنىسىدە، ئىككىنچى مىسرادا «بوش» مەنىسىدە كەلگەن. بۇ ئىككى سۆز شەكىل جەھەتتىن، يەنى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئوخشاش، لېكىن ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا بۇ تولۇق تەجنىسكە كىرىدۇ.

[بۇ ماقالە شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانا تەتقىقات تېمىسى ـــ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى يەرلىك يازما يادىكارلىقلار سانلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا تەتقىقات»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى]

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

# ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى

ئابلاجان مەھەممەت ئۇمىديار

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە خەلقئارادا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋە ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى دولقۇنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆز- ئۆزىنى بېيىتىپ ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقىدىن ئىبارەت يېڭىچە پىروزىچىلىق ھادىسىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشى، تەپەككۇر يۈزلىنىشى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر جەمئىيىتى؛ پىروزا؛ ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى

يېقىنقى بىر قانچە ئەسىرلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە سانائەتنىڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىستېمال قارىشىنى جۇملىدىن، دۇنيانىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. ھازىرقى كۈندە ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق ماكانى، ماددىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى بولغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىسى تەبىئەت دۇچ كەلگەن دۇنياۋى خاراكتېرلىق كرىزىس ۋە جىددىي مەسىلىگە ئايلاندى. دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل يازغۇچىلىرى ئىنسان تەبىئىتىدىكى سەلبىي ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ كېلىپ چىققان ھاياتلىق دۇنياسى ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا نىسبەتەن جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، بۇ خىل يامان سۈپەتلىك ئۆزگىرىشنى ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى.

خەلقئارادا 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىدىن باشلانغان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بىر قىسىم يازغۇچىلار مەخسۇس ئىنسان بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ نازۇك مۇناسىۋەتلىرى، تەبىئەتنىڭ قىممىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە ئىگە ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇلار ئەسەرلىرىدە تەبىئەت تەقدىرىنى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق تەقدىرى بىلەن زىچ باغلاپ، تەبىئەت ئانىنىڭ نالە- پەريادلىرىنىڭ ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ تولدۇرغۇسىز تراگېدىيەسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈردى. دېمەك، تەبىئەت ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىك ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىسى بارلىققا كېلىپ، ئەدەبىيات- سەنئەت تارىخىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەدەبىي ئېقىمنى شەكىللەندۈردى.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئىلگىرىكى چۈشەنچە بويىچە «ئەدەبىيات ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەن قاراشنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئەدەبىيات- سەنئەتتە نوقۇل ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى مەركەز قىلىش ۋە ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل قاراشتەك ئىنسان مەركەزچىلىك ياكى شۇۋىنىزملىق ئىدىيەلەرنىڭ چەكلىمىلىكىدىن ھالقىپ، تەبىئەت دۇنياسىنى ئەدەبىيات زېمىنىغا مۇستەقىل مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە ئېلىپ كىرگەنلىكىدە. ئەدەبىياتنىڭ بۇ خاسلىقى نۆۋەتتە ئىنسانلار

ئارىسىدىكى تەبىئىي تۇرمۇش ۋە ئىستېمالنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەپلىك كېلىپ چىققان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى، ئەخلاقىي يىمىرىلىش ۋە مەنىۋى تەكچۈكلۈكنىڭ بۇزۇلۇشى شۇنداقلا ئادەم بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ نازۇك مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ئۇنى نۇقتىلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىجتىمائىي ھاياتنى قوش يۆنىلىش بويىچە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە توقۇنۇشلارنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ نازۇك مۇناسىۋىتىنى قوش لىنىيەدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن ئانا تەبىئەت دۇچ كەلگەن ئازاپ، كىرزىس ۋە ئاپەتلەرنى ئىپادىلەپ، مەنىۋى جەھەتتىن چېكىنىشكە يۈز تۇتۇۋاتقان ئىنسان روھىنى سوراق قىلىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ كىشىلەرنى تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك ئاپەتتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچىلاردىن «دېڭىز ۋە بوۋاي» نىڭ ئاپتورى ھېمىڭۋاي، «ئېيىق» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ۋىلليئام فولكنېر، «يۈز يىل ئېرپىلىق» نىڭ ئاپتورى كولومبىيە يازغۇچىسى گارسىئا ماركوز، فىرانسىيە يازغۇچىسى 2008- يىللىق دۇنيا نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى «ئۇرۇش»، «گىگانت ئادەم»، «چول» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ل. كلېيژئو، «قىيامەت»، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «ئاق پاراخوت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇلغان، قىرغىز يازغۇچىسى- چىڭغىز ئايتماتوۋلار مۇشۇ خىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ غەرب ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى نامايەندىلىرىدۇر، بۇ يازغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئىلگىرى- ئاخىرى بولۇپ تەرجىمە قىلىنىپ ئېلىمىز ئەدەبىياتىغا تەسىر كورسەتتى. 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ ئاخىرى 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو ئەدەبىياتىدا جېفۇ، فەن ۋېنشى، لى چىڭسوڭ قاتارلىق بىر بۆلۈك ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى مەيدانغا كېلىپ ئەدەبىي ئاخبارات، پىروزا ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە ئېكولوگىيەلىك مەسئۇلىيەت- بۇرچ ئېڭىنى نامايان قىلدى. دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل يېڭى يۈزلىنىش ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغىمۇ بەلگىلىك ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى كېيىنكى مودېرنىزملىق ئەدەبىيات- سەنئەت مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، «ئۇ ھەرگىزمۇ ئاددى مەنىدىكى باغ- ۋاران ئەدەبىياتى ياكى نوقۇل تەبىئەتنى تەسۋىرلەيدىغان مۇھىت- مەنزىرە ئەدەبىياتى ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇئەييەن پەلسەپەۋى ئاساسقا ئىگە بولغان، رېئال ئىجتىمائىي قىممەت ۋە ئېستېتىك ئۈنۈمنى چىقىش قىلغان يېڭىچە ئەدەبىيات فورمىسىدۇر»①. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغىنى ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى ۋە خاراكتېر- پەزىلىتى بىلەن تەبىئەتنىڭ نازۇك مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى پائالىيەتچان ئورنى، تەبىئىي مۇھىت ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى باشقا ھاياتلىق تۈرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىنساننىڭ تەبىئەتكە قارىتا ئاڭسىز ۋە ئىستىخىيەلىك بۇزغۇنچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە يەنە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ جىددىي مۇناسىۋىتىنى قېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىق ۋە توقۇنۇشلۇق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈپ يىلتىزىنى ئىزدەپ تېپىشقا؛ ئىنسانلارنىڭ ئاتالمىش «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» ۋە تەبىئەتنى تالان- تاراج قىلىشى سەۋەپلىك كېلىپ چىققان مۇھىت كىرزىسىنىڭ ئىدىيەۋى مەدەنىيەت مەنبەسى، سىياسىي ئىقتىسادىي ئاساسى، تۇرمۇش شەكلى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەندىزىسى قاتارلىق ئامىللارنى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. كىشىلەرنى تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى قايتىدىن تونۇش ۋە تەبىئەت ئانىنى سۆيۈشكە، ئىنسانلارنىڭ

---

① ۋاڭنو: «ياۋروپا- ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 10- بەت.

تەڭداشسىز بايلىقى بولغان تەبىئىي مۇھىتنى قوغداشقا چاقىرىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن پۈتۈنلەي يېڭىچە بولغان ئەدەبىيات- سەنئەت فورمىسىدۇر. ئۇ «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قارىشىدىكى ئادەمنى مەركەز قىلىش خاھىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس- ئىناقلىقىنى تەكىتلەپ، يېڭىچە مۇھىت قارىشى ۋە مۇھىت ئەخلاقىي بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەدەبىياتتىن ئىبارەت»①. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئۆز مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىقى ۋە بەدىئىي شەكلىنىڭ رەڭگارەڭ بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك كۆلەمنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا 20- ئەسىرنىڭ 80-، 90- يىللىرىدىن باشلاپ كۈچلۈك كىرزىس ئېڭىغا ئىگە بىر قىسىم يازغۇچىلار بىر تەرەپتىن، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۇلتاشلىرى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لۇتفى، نەۋايى، زەلىلى، نۆۋبەتى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ تەبىئەتسۆيەرلىك روھى ۋە گۇمانىزملىق ئىجادىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنساننىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنىنى تونۇتۇش بىلەن بىرگە، ئىنسانىيەت تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئادەم بىلەن جانلىقلار ئورتاق باغلىنىش ۋە ئىناق بىر گەۋدىگە ئايلىنىش غايىسى ئىپادىلەنگەن بۇ نازۇك تېمىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلىسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى يېڭى ئېقىملار ۋە مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تېمىسىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېكولوگىيە ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىك قارىشىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ جەھەتتە مەھەممەت باغراش ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ «ئاقساق بۇغا» پوۋېستىدا مەلۇم قىسمىدىكى يېڭى ئەسكەر ئىشقىيارنىڭ دالىدا ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ئادەملەر تەرىپىدىن يارىلاندۇرۇلغان ئاقساق بۇغىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى ئۆز قىسمىغا ئېلىپ كېلىپ ياتىقىدا پەرۋىش قىلغانلىقى، ئەمما بۇ ئېزگۇ ئىشنىڭ ئۇزۇنغا بارماي باشقىلارنىڭ مەسخىرىسى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىشى، ئۇنىڭ روھىدىكى ئەنئەنىۋى گۇمانىستىك روھ ۋە تەبىئەتپەرۋەرلىك قارىشى بىلەن زامانىۋىلىق ئىچىدىكى ئىنسانلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى، ئاچكۆزلۈك ۋە رەھىمسىزلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر گىرەلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىگە بولغان ھېسسداشلىقنى ئىپادىلەش بىللە تەبىئەتنىڭ ئىنسان روھى دۇنياسىدىن يىراقلاپ كېتىشىنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز ئاقىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «چۆل ئوغلى» پوۋېستىدىمۇ مەلۇم بىر چۆللۈكتىكى سۇ ئامبىرى خىزمەتچىسىنىڭ ئوغلى سالامنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئاتا- ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى سەۋەبلىك دادىسى بىلەن چۆللۈكتىكى ئامباردا بىرگە تۇرۇش جەريانىدا دالىدىكى كىيىك، ئاققۇلار بىلەن دوستانە ياشىغانلىقى ھەتتا ئۇنىڭ گۆدەكلىكتە بىر چىشى كېيىكنى ئەمگەنلىكى، ئۇنى ئانام دەپ تونۇشى، ئاتا- بالا ئىككىسىنىڭ كەڭ تەبىئەتكە قىلغان غەمخورلۇقى، ناھىيەدىن ئوۋ ئوۋلاشقا كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ بىشەملىكى، ئۇنىڭ ئوۋغا قارشى تۇرۇش جەريانىدىكى پىداكارلىقى ۋە ئاخىرىدا دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم بولۇپ قېلىشتەك تراگېدىيەلىك ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس- ئىناق بىرگە تۇرۇش غايىسى ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنساننىڭ گۈزەل ئارزۇ- غايىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم شەخسىيەتچى، چىرىك كىشىلەر تەرىپىدىن بەربات بولغانلىقىدەك تراگېدىيەلىك مەنزىرە ئىپادىلىنىدۇ.

توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا» رومانىدا مەلۇم تاغلىق رايوننىڭ ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى مەرت پىداكار يىگىت قەيسەر بىلەن بىغۇبار قىز يۇلتۇزلارنىڭ مەلۇم بىر

① ئابلاجان مەھەممەت ئۇمىدىيار: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىپادىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2008- يىلى 29- مارتتىكى «گۈلشەن» بېتى.

يايلاقتىكى تىراگېدىيەلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن چىشى بۆرە كالتە قۇيرۇقنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرى، شەخسىيەتچى، چىرىك ئەمەلدار سۇلتان ئەلى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقىغا تايىنىپ، شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ تەبىئەتكە قارىتا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقى، ئۇلارنىڭ بۆرە ئوۋلاشتىن تارتىپ تاكى بۇزۇقچىلىققا بېرىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي قىلمىشىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن قورقۇپ، ئۆز پۇشتىدىن بولغان بىگۇناھ قىز چولپاننى ملتىق بىلەن ئېتىپ تاشلىشى، تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا سەلبىي ئىنكاس قايتۇرۇشى بىلەن يايلاقتا يۈز بەرگەن چېكەتكە ئاپىتى، يايلاقلارنىڭ قۇرۇپ كېتىپ، مال - چارۋىلارنىڭ قىرىلىپ تۈگىشى، ئادەملەرنىڭ بۇ ئاپەتنى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشىدىن كۆرمەستىن بەلكى گۇناھسىز بۆرە ۋە قەيسەردىن كۆرۈشىدەك بىمەنىلىكى، يايلاقتىكى ئورمانغا ئوت كېتىپ پۈتۈن يايلاق كۆيۈپ كۈل بولغانلىقىدەك تىراگېدىيەلىك ۋەقە - سۈرەتلىرى تەسۋىرلەش ئارقىلىق سانائەت دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ خاراكتېر - پەزىلىتىدىكى ياتلىشىش ۋە ئەخلاقىي چىرىكلىكتىن كېلىپ چىققان مەنىۋى چېكىنىش ۋە ئېكولوگىيە كىرىزىسى قوش لىنىيەدە ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پىروزىچىلىقىدا يەنە ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرۇتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستى، توختى ئايۇپنىڭ «قۇم باسقان دېڭىز»، «ئوۋچى ئەسلىمىلىرى»، «مۆڭگۈز» قاتارلىق پوۋېست - ھېكايىلىرى، ياسىنجان سادىقنىڭ «قۇرۇپ كەتكەن دەريا» ھېكايىسى، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، ئابباس مۇنىيازنىڭ «ئاخىرقى ئوۋ» پوۋېستى، تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «بۆرە جىلغىسى»، رىزۋانگۇل يۇسۇپنىڭ «بۆرە قىسمىتى» قاتارلىق پوۋېست - ھېكايىلىرىدىمۇ ئادەمدە ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېكولوگىيەلىك ئېستېتىك ئاڭ، تەبىئەت روھى ۋە گۇمانىستىك تۇيغىدا ئىگە بولغان زېمىن ئەخلاقىي قاراشلىرى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئانا دەريانى ئىزدەپ»، ئەركىن روزىنىڭ «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىمۇ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تېمىسىدىكى نادىر ئەسەرلەردۇر.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پىروزىچىلىقىمىزدا بارلىققا كەلگەن ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى باش تېما قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭى ئىپادىلەنگەن بۇ خىل يېڭى ئىجادىيەۋى خاھىشتىكى ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خىسلەتلىرى ۋە گۈزەل مۆجىزىلىرىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلىسە، يەنە بەزىلىرى دىيارىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيەلىك رېئاللىقى، ئىنسانلارنىڭ زامانىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەنىۋى پەزىلەتلىرى ياكى يوقاتقانلىرىنى ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات قىزغىنلىقى ۋە سىياسىي - ئىقتىسات، مەدەنىيەت بىر گەۋدىلەشكەن دۇنياۋىلىشىش مۇھىتى دولقۇنىدا شەكىللىنىۋاتقان كىشىلەردىكى تەبىئەتتىن يىراقلاش، تەبىئىي تۇرمۇش ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن چەتنەش، مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، يۇقىرى ماددىي ئىستېمال قىزغىنلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەبىئىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيەنىڭ خورىشى، ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىق قاتارلىقلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت رېئاللىقىمىزنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ كىتابخانلارنى، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى ھاياتلىقنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە ئويلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئۇلارنىڭ مۇھىت ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە بەلگىلىك يېتەكلەش رولىنى ئوينىدى.

ئومۇمەن، تەبىئەت ھاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسى، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەبىئىي مۇھىتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پىروزىچىلىقىدىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، تەبىئەتتىكى ھەر خىل ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇۋازىنىتى، شۇنىڭدەك بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر گەۋدىچانلىقى، تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەقدىرداشلىق ۋە ھەممەنەپەسلىكى، مەنىۋىيەت بىلەن ماددىيۋىزملىقنىڭ قارمۇقارشى مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار باش تېما قىلىنغان، نوقۇل ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ماددىي ئىستېمال قىزغىنلىقى

كەلتۈرۈپ چىقارغان تەبىئىي مۇھىت، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە گۇمانىستىك ئاڭ كىرزىسى قوش يۆنىلىشتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات يۆزلىنىشى كىشىنى خوشال قىلدۇ.

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرى ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن:

بىرىنچىدىن، ئىنسان بىلەن تەبىئەت، جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قوش قاتلاملىق مۇناسىۋەت ئاساسىغا قۇرۇلغان قوش يۆنىلىشلىك ھېكايە سۈژىتى شەكىللەندۈرۈش. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى رېئال ۋەقەلەر بىلەن ھايۋانلار، ئۇچار - قۇش ياكى باشقا جانلىقلارغا ئالاقىدار ۋەقە - ھادىسىلەرنى زىچ گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق قوش قاتلاملىق، ئىستىرېئولۇق ئېستېتىك كۆچكە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ تەبىئەتنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئىنسان روھىيىتىدىكى پېتەرسىزلىكلەرنى قوش لىنىيەدە ئىپادىلەيدۇ ھەمدە تەنقىد قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرىدە تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ مۇھىم ئەزالىرى بولغان غەيرىي ئىنسان توپى (ھايۋانلار، ئۇچار - قۇش، تاغ - دەريا، دەل - دەرەخ ۋە باشقىلار) ئىلگىرىكىدەك سىمۋوللۇق مەنىدە ياكى قوشۇمچە ئورۇندا ئىپادىلەنمەستىن بەلكى مۇستەقىل مەنىدە بايان قىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىنغان. تۈرلۈك تەبىئەت ئوبيېكتلىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىنسانغا ئوخشاش مۇستەقىل تىل، تۇيغۇ، ئوي - خىيال، تەپەككۇرگە ئىگە ئوبيېكت سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ خىل غەيرىي ئىنسان توپى ئىلگىرىكى پىروزا ئەسەرلىرىدىكىدەك ئىنسان پائالىيىتىگە ياندىشىپ قوشۇمچە ئورۇندا قويۇلماستىن، بەلكى بارغانسىرى ئادەملەر بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇلۇپ مۇستەقىل بايان قىلىنىش ۋە تەسۋىرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشتەك بۇرۇلۇشقا يۈزلەندى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرىدە ئېكولوگىيەلىك ئېستېتىك ئاڭ كۈچلۈك تىراگېدىيەلىك يۈكسەكلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «چۆل ئوغلى» دىكى سالامىنىڭ ئانا مېھرىگە ئىنتىلىشى، بۇ يولدىكى تىرىشچانلىقى، ئۇنىڭ ئاخىرقى پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن تەبىئەتنىڭ تىراگېدىيەسى، «بۆرە ئانا» رومانىدىكى ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياتلىشىشتىن كېلىپ چىققان قەيسەر، يولتۇزلارنىڭ تىراگېدىيەسى بىللەن بۆرىلەرنىڭ نەسلى قۇرۇش قىسمىتى، تەبىئەتتە كۆپىگەن زورىيانغىن، يايلاقتىكىلەرنىڭ جان ھەلەكچىلىكىدە ئىڭراش - چىرقىراشلىرى بۇ ئەسەرنى كۈچلۈك تىراگېدىيەلىك تۈسكە ئىگە قىلغان. بۇ خىل ئەسەرلەردە ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ ئېكولوگىيە ئەخلاق، ئېڭى، ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ بىر پۈتۈنلىكى، ئۆزئارا ماس - ئىناقلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمنەپەسلىكى يولىدىكى غايە - ئىزدىنىشلىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەردىكى مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، مەنىۋى پۇچەكلىك سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي كىرزىس، پاجىئەلەر يۈكسەك تىراگېدىيەلىك شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئانا زېمىن دۇچ كەلگەن پاجىئەلەر بىلەن ئىنسان تىراگېدىيەسى قوش لىنىيەدە ئىپادىلىنىدۇ.

تۆتىنچىدىن، بايان مۇھىتىنىڭ لىرىك ھېسسىياتقا باي بولۇشى، يەنى تەبىئەت مەركەز قىلىنغان، تەبىئىي جانلىقلارغا دائىر لىرىك تەسۋىرلەرنىڭ قويۇق بولۇشى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم بەدىئىي خاسلىقىدۇر. مەسىلەن: «چۆل ئوغلى» پوۋېستىدا چۆل - جەزىرىدە ياشىغۇچى ھەر خىل ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە خىسلەتلىرى ھەققىدىكى قويۇق تەسۋىرلەر بىلەن سالامنىڭ دادىسى چالغان مۇڭلۇق گارمون كۈيى ماھىيەتتە تەبىئەت قوينىدىكى ئىنسان بىلەن ھايۋانات، قۇشلار ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك بىرلىكىدىن شەكىللەنگەن ئىناقلىق مېلودىيەسى بولسا؛ «بۆرە جىلغىسى» دىكى بىپايان چۆللۈك ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى ھاياتلىق كۈيى - ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھاياتلىق مۇھىتى، ئۇلارنىڭ مۆجىزە - كارامەتلىرى چوڭقۇر مۇھەببەت ئىچىدە كۆركەم ۋە جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ. ئاخىرىدا توغراق سۈيى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن چۆلگە كىرىپ ئېزىپ قالغان، ھەتتا ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ياقۇپ كۆكچىنىڭ مۇشۇ چۆللۈكنىڭ ئەركىسى بولغان بۆرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئاخىرى سۇ ۋە ھاياتلىق بار بولغان جىلغىغا كېلىپ ئامان قالغانلىقى، ئەمما

ئەشۇ بۆرىنىڭ ئۆز جىلغىسىغا چىقىپ ئۆلۈپ قالغانلىقىدەك تەسىرلىك ۋەقە ـ تەپسىلاتلار ئىپادىلىنىدۇ.

بەشىنچىدىن، بۇ خىل ئەسەرلەردە تەبىئىي مۇھىت ۋە روھىيەت كىرزىسى ئىچىدىكى ئىنساننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن تەبىئەتنىڭ ھېكايىسى قوش لىنىيەدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ھاياتتىكى رېئال تۇرمۇش ۋەقەلىرى بىلەن تەبىئەت قوينىدىكى غەيرىي ئىنسان توپىغا ئالاقىدار ئەپسانىۋى ۋەقە ـ ھادىسىلەر زىچ گىرەلەشكەن ھالدا بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئاقساق بۇغا»، «بۆرە جىلغىسى»، «بۆرە ئانا»، «ئاخىرقى ئوۋ» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن تەبىئەت، ئىنسان ۋە جەمئىيەت بىر گەۋدە قىلىنغان تىراگېدىيەلىك ۋەقەلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ بۇ خىل يېڭىچە قىممەت قارىشى، ئۆزگىچە تەشەببۇسى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىزدىنىش روھى ئەدەبىياتىمىزنى يېڭىچە مەدەنىيلىك ۋە تەپەككۇر تۈسىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى يېڭىچە بەدىئىي ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پىروزىچىلىقى تەبىئەت دۇنياسى ھەم تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇستەقىل قىممىتىنى زامانىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدىكى كىتابخانلارغا بىلدۈرۈشتىكى ئۆزگىچە رولى ۋە ئېستېتىك قىممىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەنقىد دائىرىسىنى كېڭەيتىش رولىنى ئويناپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىلغار ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 19 ـ ئەسىردىكى ئامېرىكا شائىرى ۋىتمان(1919 ـ 1892) ئۆزىنىڭ «گۈل ـ گىياھ» توپلىمىدا: «تەبىئەتنىڭ بىز ئىنسانلارغا بېرىدىغىنى ماددىي مەئىشەتلەر جەۋھىرى. ئەمما تەبىئەتنىڭ ئۇنىڭ بەدىلىگە ئىنسانلاردىن ئېرىشىدىغىنى ئەشۇ نىمەتلەرنىڭ ئەخلەتلىرىدۇر»① دېگەن. زامانىۋى تۇرمۇش ئىچىدىكى تۈرلۈك ئەخلەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكنىڭ مۇھىم كونتەرتىپى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالدى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا پەرق بار.

دىيارىمىز شىنجاڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتە تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىغا تەۋە. ئۇزاق تارىختىن بۇيان قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق تەبىئىي مۇھىتتا ياشاپ ئۆزىگە خاس بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇھىت ئىككى ئۇلارنىڭ گۈمانىستىك روھىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلار نوقۇل ئىقتىسادىي ئۇنۇم ۋە پايدا ـ مەنپەئەت قوغلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى، ئادىمىيلىك خاراكتېرى ۋە زېمىن ئەخلاق ئېڭىنى ئۇنتۇغان دۇنياۋى خاراكتېرلىك مۇھىت كىرزىسىگە دۇچ كېلىۋاتقان شارائىت ئاستىدا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە مۇھىت ئەخلاقىي تەربىيەسى ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلىپ ئۇنىڭغا ئاكتىپ ياندىشقان بۇ خىل يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ نۆۋەتتىكى نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىلغار ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى، دۇنيا ئەدەبىياتى، جۈملىدىن دۇنياۋى يېڭىچە مەدەنىيەت خاھىشى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇر ئېڭى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، بۇ خىل يېڭى ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى، مەدەنىيەت قىممىتى، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ۋە تەنقىد ئېلىپ بېرىش نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمىنىڭ مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە زور تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھنۇر يۇنۇس

① ۋىتمان: «گۈل ـ گىياھ توپلىمى»، بېيجىڭ يەنشەن نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# يازغۇچىنىڭ ھايات كەچۈرمىشى نۇقتىسىدىن زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىغا نەزەر

ئابدۇۋەلى كېرەم

**مۇھىم مەزمۇنى:** زوردۇن سابىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق يازغۇچى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇشقا يېقىنلىقى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىكى يېڭىلىقلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. «ئىزدىنىش» رومانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رىيالىيلار تىپىسىدىكى تۇنجى رومان بولۇش سۈپىتىدە 80 ـ يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەھنىسىدە بىر مەھەل غۇلغۇلا قوزغىغان. ماقالىدە، ئاپتورنىڭ ھايات كەچۈرمىشى نۇقتىسىدىن مەزكۇر رومان ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** زوردۇن سابىر؛ «ئىزدىنىش»؛ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

---

زوردۇن سابىر ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پىروزا ئىجادىيىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىروزىلىرى ئارقىلىق تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چىنلىق بىلەن سۈرەتلەپ، رېئال ھاياتىمىزنى يەدىئىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يازغۇچىنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى بولغان «ئىزدىنىش» رومانى قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلىكى، مەزمۇنىنىڭ مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا زور ئالقىشقا ئېرىشتى.

نۆۋەتتە پىروزا ئىجادىيىتىدە، تەتقىقات ـ رېئال دۇنيا تەتقىقاتى، يازغۇچى تەتقىقاتى، ئوقۇرمەن (كىتاپخان) تەتقىقاتى ۋە ئەسەر تەتقىقاتى قاتارلىق تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىلدى. بايانشۇناسلىق، يەشمىچىلىك، پىروتوتىپ ئانالىزى، روھ ئانالىزى ۋە قۇرۇلمىچىلىق قاتارلىق تەتقىقات ئۇسۇلى ئەسەر تەتقىقاتىدا كەڭ قوللىنىلدى. قوبۇلچانلىق ئېستېتىكىسى بولسا بۇرۇن تەتقىقاتتا سەل قارالغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەرنى ئوقۇش ۋە ھوزۇرلىنىشىنى تەتقىق قىلىشتا قوللىنىلدى. يازغۇچىلار تەرجىمىھال تەتقىقاتى (作家传记研究) ياكى ھايات كەچمىشى تەتقىقاتى ــ يازغۇچىلارنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىدىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا قوللىنىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۇسۇل. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقات ئۇسۇلى يازغۇچى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسى، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش مەركىزى بولغان دۇنيا ياكى رېئاللىقنى تەتقىق قىلىشتا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل. بۇ ماقالىدە، يازغۇچىنىڭ ھاياتى بىلەن ئەسەر ۋەقەلىكىنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ ئاپتورى زوردۇن سابىرنىڭ ھايات لىنىيەسى ۋە رومان قەھرىمانى ئەلا بىلەن باغلىنىشى، شۇنداقلا يانداش پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئەسەرنىڭ قىممىتى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. رومانىنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى

### بىرىنچى، روماندىكى مەنىدارلىق ۋە ئېستېتىكىلىق

روماندا ئاپتور ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخ چىنلىقىنى 50~60 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت، ئىزدىنىش ۋە غايىلىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، ئەلا ۋە ئۇنىڭ بىغەم ساۋاقداشلىرىنىڭ ئوخشىمىغان مەيدان ۋە تاللاشلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ پىسخىكىسىدىكى ئاجىزلىقلارنى، تېگىرقاش، قايمۇقۇش ۋە ھودۇقۇش قاتارلىق مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، يوشۇرۇن ئېڭىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلارنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بەرگەن. يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى تىپىسىنىڭ يېڭىلىقى، تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ

مولللۇقى، ياراتقان ئوبرازلىرىنىڭ يارقىن ۋە جانلىقلىقى، تىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن بۈگۈنكى زامان تۇرمۇشىمىزدا يېزىلغان تۇنجى ۋە ياخشى رومان بولۇش سۈپىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. «ئىزدىنىش» رومانىدا ئاپتور سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان تارىخىي باسقۇچتىكى رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنىڭ ئالاھىدە قىياپىتى، ئالاھىدە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، ئالاھىدە ھېس - تۇيغۇلارنى تۇرمۇش گۈزەللىكى بويىچە ئەينەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئەگرى - توقايلىقلارغا دۇچ كەلگەن قايغۇ - ئەلەملىك كۈنلىرىنى ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىش روھى، قەيسەر ئىرادىسىنى مەدھىيەلەپ، شۇ ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى، دەۋر تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئاپتور رومانىدا ئەلانى ھەر خىل زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئىچىگە، قاتمۇقات ئازاب ۋە بەختسىزلىكلەر مۇھىتىغا باشلايدۇ. ھاياتنىڭ سىرلىق ۋە مۇرەككەپ تىپىشماقلىرى بىلەن ئۇنى قىينايدۇ، ئۇنى كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن خۇنۈكلۈك، پاكلىق بىلەن رەزىللىك، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ئالىيجاناپلىق بىلەن مۇناپىقلىق ئارىلىشىپ كەلگەن زىددىيەتلىك كۈرەشلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھالەتلەردىكى ئالاھىدە ھەرىكىتى بىلەن نازۇك ھېس - ئىپادىلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن ھاياتىي قىممەتكە ئىگە ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى بەدىئىي روشەنلىك ۋە پەلسەپەۋى چوڭقۇرلۇقنىڭ تەبىئىي بىرلىكىدە يورۇتۇپ بېرىپ، ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن ئىلىم - پەننىڭ تەكشىسىزلىكىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەلانىڭ قەلب گۈزەللىكىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ قەھرىمانى پىكرى مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ھايات ۋە كىشىلەرنى چۈشىنىشى چوڭقۇر، كەلگۈسىگە بولغان مۇھەببىتى قايناق، ئىلمىي ئىزدىنىش غايىسى بىلەن مەنىۋى مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش روھى تولۇپ تاشقان ئالاھىدە تىپتىكى يېڭى ئادەم بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. ئاپتور رومانىدا ئۆز قەھرىمانىنىڭ ھايات پاجىئەسىنى مۇھەببەت، سىياسىي ۋە ئەخلاق بويىچە ئۈچ لىنىيەلىك زىددىيەتنى ۋەقەلىك تەرەققىيات جەريانىغا قويۇپ يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئىزدىنىش ئۇنىڭ مەنىۋى مۇكەممەللىككە بولغان ئىنتىلىشى بولۇپ، بۇ خىل روھ روماندىكى ھەممە ۋەقە - ھادىسىلەرگە تەبىئىي ھالدا يانداشىپ، ئەلانىڭ ئۆزىگە خاس ھايات يولىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ ئىلىم - پەنگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇ ھايات غايىسىگە ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا تۇرمۇش، تەشكىلىي تەرەپلەردە زەربە ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچراپ، جەمئىيەتتە ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

## ئىككىنچى، روماندىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى يېڭى ۋە ئۆزگىچە

رومانىدا زوردۇن سابىر بىرىنچى شەخس بايان تىلى بىلەن ئۈچىنچى شەخس بايان تىلىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىپ ۋەقەلىكنى ھەر خىل شەكىلدە ئىپادىلەپ، ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغان. «ئىزدىنىش» ئالدى بىلەن يۇقىرى بەدىئىي تىل، ئۆزگىچە بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان يېڭىچە رومان. رومانىنى ئوقۇغان ھەر قانداق بىر كىتابخان كۆپ تەرەپلىك، ئۆزگىچىلىك ھەم يېڭىلىق ھېس قىلىدۇ. مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، ئۆزگىچىلىك ھەم يېڭىلىق بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ، شۇ قاتاردا رومانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجادچانلىقىنىڭ، يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئەسەرلەر بىر - بىرىدىن مەلۇم ئۆزگىچىلىكى، يېڭىلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. يازغۇچىلار ئىمكان بار ئاشۇ پەرقنى چوڭايتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. زوردۇن سابىرنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقى گەۋدىلىك بولۇپ، مەركىزىي ئىدىيەنى يورۇتۇش ۋە بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. 1 - قىسمىنى 1 - شەخس تىلى بىلەن، 2 - قىسمىنى 3 - شەخس تىلى بىلەن بايان قىلىش ئۇسۇلى رومانىنى باشقا رومانلاردىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈپ، تېخىمۇ روشەن ئۆزگىچىلىككە ھەم يېڭىلىققا ئىگە قىلغان.

### ئۈچىنچى، روماندىكى ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇق

رومانىنىڭ 1 - قىسمىدا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان، ھەر ساھە ھەر كەسىپتىكىلەر تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئاتلانغان تارىخىي باسقۇچىنى مەركەزلىك يازغان. 2 - قىسمىدا نۇقتىلىق ھالدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى سۈرەتلىگەن. زوردۇن سابىرنىڭ ئىككى قىسىملىق بۇ رومانىدا مۇشۇنداق تارىخىي تۇرمۇش مۇساپىسىدە ياشىغان ئەلا قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ خوشاللىقى، غەم - قايغۇسى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش روھىنى مەدھىيىلىگەن. روماندىكى ئەلا ئۆز ھاياتىي بۇرچىنى تونۇپ يەتكەن، ئىلىم يولىدا ھارماي ئىزدىنىش روھىغا ئىگە غايىلىك زىيالىي ياش. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ياشلارغا خاس چەكسىز قىزغىنلىق، ھاياتقا نىسبەتەن چىن مۇھەببەت بار بولۇپ، ۋەتەنىنىڭ ئەڭ جاپالىق يەرلىرىدە ئىشلەپ، «ئەل ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشسام» دەيدىغان غايە ئۇنىڭ قەلبىدە خىيلى بۇرۇنلا بىخ سۈرگەن. ئەلا كىچىكىدە ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ تاغىسى ئالدىدا چوڭ بولىدۇ. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپ، چىدامچان، سەۋرچان، غەيرەتلىك بولۇشتەك خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ ۋە بىلىمخۇمارلىقى، تىرىشچانلىقى بىلەن تېزلا مەكتەپتە كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇ باشقا ساۋاقداشلىرىدەك ۋەتەنىنىڭ ئەڭ جاپالىق جايلىرىغا بېرىپ ئىشلىمەكچى بولىدۇ. رەھبەرلىكنىڭ ئۇنى تەتقىقاتچى قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن غەربىي شىمالغا ئەۋەتمەكچى بولغانلىقى ئۇنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ تۇرغاندا، پېشقەدەم زىيالىي ساۋۇتوف ئۇنىڭغا داۋاملىق ئوقۇپ خەلق، مىللەت ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ ھەم ئۇنى ئورۇنلۇق ئاساسلار بىلەن قايىل قىلىدۇ. ئۇ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بارغاندىن كېيىن، تىل - ئەدەبىيات كەسپىي بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۇستازلىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تېزلا نەتىجە يارىتىپ كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى، ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى، ھاياتنىڭ ھەر قانداق قىزىقى ۋە لەززىتىدىن ئوقۇش ۋە ئىزدىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلەن سەپداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئەنە شۇنداق كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە، گۈزەللىكى ۋە زېرەكلىكى بىلەن ھەممىنى جەلپ قىلىدىغان مەغرۇر ۋە تەلەپچان قىز گۈزەلئاي بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلىم - پەنگە بېرىلگەن بىغۇبار قەلبىدە يېڭىچە بىر خىل ئىنتىلىش ۋە ھەۋەس پەيدا بولىدۇ. لېكىن، ئەلا ئۆزىدە پەيدا بولغان نازۇك تۇيغۇلارغا زادىلا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈش دېگەن سۆزلەرگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ھاياتىي مەنە ۋە كىشى قەلبىنى لال قىلغۇچى سېھرىي كۈچىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، ئۇنىڭچە مۇھەببەت ئىلىم - پەنىنىڭ دۈشمىنى، ئۆگىنىش، ئىزدىنىشنىڭ زور توسالغۇسى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ سادda چۈشەنچىسى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى مۇنداق ئۆتكۈنچى تەسىراتىنى ھايات رېئاللىقىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى ئاسانلا يۇيۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گۈزەلئاينى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن ئەلا ئۇنى بارلىقى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزىنىڭ ھايات ئىستىقبالىنى ئۇنىڭسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىلىپ يېتىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا گۈزەلئاي بىلەن توي قىلىپ، بەختلىك ئائىلە ئىگىسى بولۇپ، ياشلىق ھاياتىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىپ ئۆتكىتىدۇ. ئەسلىدە ئەلا مۇھەببەتلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن ناھايىتى زور ئارام ۋە خاتىرجەملىك، تۈگىمەس - پۈتمەس رىغبەت ۋە ئىلھام كۈتكەنىدى. لېكىن، ئائىلە ۋە تۇرمۇش ئۇنىڭ كۈتكەنلىرىنى بەرمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ گۈزەلئاي بىلەن بولغان غايە ۋە مەقسەت ئورتاقلىقى ئاستا - ئاستا يوقىلىپ، كۈتمىگەن يېڭى پەرقلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. گۈزەلئاينىڭ تۇرمۇش تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقى، مۇھەببەت ۋە بەخت قارىشىنىڭ تار ۋە بىر تەرەپلىمىلىكى تۈپەيلىدىن، ئەلانىڭ غايە، ئىنتىلىشنى، چۈشىنىش، ئۆزئارا يول قويۇش قارىشىنىڭ ئورنىنى جاھىللىق ۋە مەنمەنچىلىك ئىگىلەيدۇ. غايە ۋە مەقسەتتىكى بۇ پەرق ۋە ئوخشىماسلىقلارنىڭ ئائىلە

مۇھىتىدا ئاشكارىلىنىشى ماھىيەتتە ئەلانىڭ ھايات پاجىئەسىنىڭ باشلىنىشى، ئىلىم ـ پەن يولىدىكى چاپالىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا قاراپ يۈزلىنىشى ئىدى. بۇ ئۆزىنىڭ ھەممە مەقسەت، ئارزۇسىنى ئائىلىۋى مۇھەببەتكە باغلاپ ئۇنى گۈزەل ۋە غايىۋى چۈشىنىپ كەلگەن ئەلا ئۈچۈن بەكمۇ ئېغىر زەربە بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن بۇيان ھەسەت قىلىپ كەلگەن قارا نىيەت رەقىپ، ئۇنىڭ پېشقەدەم زىيالىي ساۋۇتوۋ ئەپەندى بىلەن بولغان ئىلمىي مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى گۇمانلىق سىياسىي پائالىيەتتە بولغان، «ئاق مۇتەخەسسىس» قىلىپ ياساپ چىقىپ، يىراق گەنجۇ ياپلىقىغا ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىۋېتىدۇ①. بۇ يېڭى زەربە ئەلانىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ ئۇنى پۈتۈنلەي يېتىم ۋە بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. لېكىن، تەقدىرنىڭ ئەلاغا بولغان شەپقەتسىزلىكى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، رەقىبىنىڭ ئالدىشى ۋە دەپسەندە قىلىشى بىلەن ئىستىقبالىنى يوقاتقان ئادىلەنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ياخشى بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل ئەلا ۋىجدان ۋە نومۇسقا بېرىپ تاقىلىدىغان بۇ ئېغىر مەجبۇرىيەتنى ئاغرىق ھالدا قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇھەببەت، سىياسىي ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئازاب ئاستىدا قىينىلىش تەقدىرىگە دۇچ كېلىدۇ. بىر ـ بىرىدىن ئېغىر بولغان بۇ ئۈچ ھاياتىي پاجىئە خۇددى چۆيۈن سەندەل ئۈستىدىكى بىر پارچە قىزىق تۆمۈرگە تىنىمسىز چۈشۈۋاتقان ئۈچ بازغاندەك ئۇنىڭ ئەلەملىك قەلبىگە ئۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ ياشاش كېرەكمۇ ياكى بۇ ئازابلىق ھايات بىلەن خەيرلىشىش كېرەكمۇ؟ ئىلىم ـ پەن يولىدا ئاخىرغىچە ئىزدىنىش كېرەكمۇ ياكى رەھىمسىز تەقدىر ئالدىدا تىز پۈكۈپ غايىسىدىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ ياق، يەنىلا ياشاش، غايە، ئىستىقبال يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىش كېرەك②.

## 2. ئەلا ۋە زوردۇن سابىر

ئەلا بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؟ بۇ نۇرغۇن كىتابخانلارنىڭ دىققىتى ۋە قىزىقىشىنى قوزغىغان نۇقتا. نۇرغۇن كىشىلەر «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا زوردۇن سابىرنىڭ ئۆزى دەپ قىياس قىلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى رومان قەھرىمانى ئەلا غۇلجىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئاكىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولىدۇ، ئائىلە شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن كىچىك تۇرۇپلا تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئەلانىڭ كەچمىشلىرى زوردۇن سابىرنىڭ بالىلىق چاغلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ، زودۇن سابىر 1937 ـ يىلى غۇلجا ناھىيەسى يېڭىتام يېزىسى مۇرات مەھەللىسىدە بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق چېغىدىلا (تەخمىنەن 1944~1945 ـ يىللىرى، يەتتە ـ سەككىز ياش ۋاقتىدا) ئاپىسى تۈگەپ كەتكەن، 1975 ـ يىلى 38 ياش ۋاقتىدا دادىسى قازا قىلغان. ئاكىسى نۇرۇللا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولغان. بىلىمگە بولغان زور ئىشتىياقى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەخماتجان نامىدىكى ئېلى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇدى. ئۇ دارىلمۇئەللىمىنى تاماملىغاندىن كېيىن، پىلان بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە بارغان. مائارىپ تارماقلىرى يۇقىرى كەسىپ ئېگىلىرى كەمچىل بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇنى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇ 1957 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە شۇ مەكتەپتە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرغان، 1960 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىدا خىزمەت قىلغان، 1964 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە خىزمەت قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەي مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، «قارا يىپ» دېيىلىپ، غۇلجا ئاق ئۆستەڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە چۈشۈرۈلگەن. بۇ تۇرمۇش كەچمىشلىرى دەل ئەلا باشتىن

① ئازات سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 318 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 319 ـ بەت.

كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەرگە ئويغۇن بولۇپ، ئەلا دەل زوردۇن سابىرنىڭ پىروتوتىپى قىلىپ يارىتىلغان پېرسوناژ ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ ھەقتە زوردۇن سابىرمۇ ئۆز قارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «〈ئىزدىنىش〉 تىكى ۋەقەلىكلەرنى ئاساسەن ئۆز كەچۈرمىشلىرىم دېسەممۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە توقۇلمىمۇ بار. بەدىئىي توقۇلمىسىز ئەسەر تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرالايدىغان ئەسەر بولۇشى ناتايىن. ھەر ئىككىلا قىسمىدىكى ئەلا مېنىڭ سۈرىتىم، ئاساسلىق سۇژېت ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈر يولۇمدىن ئېلىنغان، بىراق، بەدىئىي توقۇلمىلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ۋە ئەپچىل گىرەلەشتۈرۈلدى. باشقا پېرسوناژلارمۇ شۇ، بىز لەنجۇغا بارغان بەش ئاغىنە ئىدۇق. كىتابتا شۇ بەشەيلەن بار، بىراق ئىسىملىرىدىن تارتىپ، خاراكتېرلىرىغىچە ئالماشقان، يېڭىلانغان. جەمئىيەتتە ئادەم شۇنچىلا كۆپ، بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغانلارمۇ تولا. يازغۇچى ئۆزىگە كېرەكلىكىنى ئالىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ، ھەتتا توقۇپ چىقىرىدۇ ـ دە!»①.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئەلا بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ باغلىنىشى زىچ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك گۈزەلئاي، رەقىپ، ھاشىر ۋە رازىيە قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭمۇ رېئال تۇرمۇشتا مۇناسىپ بەدىئىي ئوبراز تىپلىرى — پىروتوتىپلىرى بولغان. ئەمدى ئەلانىڭ مۇھەببەتلەشكەن دېتالى بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ئورتاقلىقى بارمۇ ـ يوق، بۇنىڭغا ھازىرچە قانائەتلىنەرلىك ئاساس يوق. ئەلا تۇرمۇشقا قەدەم قويۇشى بىلەنلا ئۆز سەبداشلىرىغا تېگىل بولمىغان ناھايىتى ياخشى تەشكىللي ئېتىبارغا، كەم تېپىلىدىغان گۈزەل ۋە نازاكەتلىك قىزنىڭ پاك، سەمىمىي مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق لەززەت ۋە قەدىر ـ قىممەتكە تويۇنغان ياشلىقى ھەتتا بەختلىك ئائىلىۋى تۇرمۇش بىلەنمۇ كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. لېكىن، ئەلانىڭ ھايات مەقسىتى يالغۇز بەختلىك ئائىلىگە ئېرىشىشلا ئەمەس ئىدى. ئۇ غايە ۋە ئەقىدە ئىگىسى بولۇپ، ئۆز خەلقى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشنى، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ھاياتنى يېڭىلاش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇشنى خالايتتى. دەل مۇشۇ نەرسە، يەنى غايە ۋە مەقسەتكە ئېرىشىش يولىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىش ئۇنى تەشكىللي ئېتىباردىنمۇ، كەسپىي شۆھرەتتىنمۇ، ئائىلىۋى بەختىتىنمۇ مەھرۇم قىلدى. دېمەك، ئەلانىڭ ھايات پاجىئەسىگە ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلە ھەۋىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەن يولىدىكى غايىۋى ئىزدىنىشى سەۋەب بولدى. بۇ تەرەپ روماندا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئەلا خاراكتېرىنىڭ مەزمۇنىنى، ئۇنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ دەل روماندا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ گۈزەلئاي. ئاپتور گۈزەلئاينى زور مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەقەلەر سادىر بولغان بوران ـ چاپقۇنلۇق 60 ـ يىللاردىكى ۋەزىيەت ئىچىگە قويۇپ، شۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. گۈزەلئاي ئوبرازى ئارقىلىق شۇ دەۋر روھىنى، شۇ چاغدىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئىدىيەۋى ھالىتى، تۇرمۇش كۆزقارىشى، پىسخىكىسى، مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى روشەن تەسۋىرلىدى.

ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدا گۈزەلئاينى يېگى خىزمەت ئورنىغا ئاتلانغان، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىستىكىدە يانغان بىر توپ ئىرادىلىك ۋە غايىلىك ياشلار قاتارىدا كۆرسىتىدۇ. گۈزەلئاي ئۆزگىچە مىجەز ـ خۇلقى، ئاجايىپ ئۈستۈن خاراكتېرى بىلەن باشقا قىزلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. باشقا قىزلار ئويۇنچى، خۇشپېئىل، ناخشاخۇمار يىگىتلەرگە يېقىنلىشىدۇ. ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىدۇ، تونۇشىدۇ، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ. گۈزەلئاي لەنجۇغا ئوقۇشقا بېرىپ ئەلا بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇ ئەلانى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. گۈزەلئاينىڭ تەربىيەلىنىشىدە يېتىلگەن ئەركە نايناقلىق، مەغرۇرلۇق، راھەتپەرەسلىك، ئابرۇيپەرەسلىك ئۇنىڭ تۇرمۇش تەلىپىنى يۇقىرىلىتىۋېتىدۇ. ئۇ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش يەنى كاتتا ئۆي، ھەشەمەتلىك جاھازىلار، ئېسىل كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ

① مەخمۇد مۇھەممەت: «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 84~85 ـ بەتلەر.

زىننەتلەرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەينى چاغدا دۆلىتىمىز ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغانىدى. بۇ خىل رېئاللىق گۈزەلئاينىڭ ئارزۇسىغا ماس كەلمەيدۇ. ئەلا گەنجۇ يايلىقىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، گۈزەلئاي غۇلجىغا تۇغقان يوقلاپ ئويۇنغىلى بارىدۇ. سەپەر جەريانىدا گۈزەلئاينىڭ بۇرژۇئا تۇرمۇش قارىشى ۋە شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ تولۇق ئايان بولىدۇ. بىز گۈزەلئاينىڭ دەسلەپتىكى ھالىتى بىلەن رومانىنىڭ ئاخىرىدىكى ھالىتىنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ پىسخىكىسىدىكى جىددىي تەرەققىياتنىڭ نەقەدەر تەبىئىي ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. گۈزەلئاينىڭ ھېسسىياتى، تۇيغۇسى، ئارزۇ ـ ئىستىكى، خۇشاللىقى، ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادىتى، كەچۈرمىشلىرى ۋە نازۇك ئىچكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھەتتا گۈزەلئاي خاراكتېرىنىڭ تۈپ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان تىپىك مۇھىت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. گۈزەلئاي مۇشۇنداق جانلىق، كەسكىن، زىددىيەتلىك تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ، چىگىش ھالەتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، گۈزەلئاي ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. ئۇ پىروزىدا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە تەقلىتتىكى پېرسوناژدۇر.

ئەلانىڭ مەنىۋى دۈشمىنى بولغان رەقىپ ئۇنى تەشكىلىي تەرەپتىن يېڭىپ ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، گۈزەلئاينىڭ مەنىۋى زەئىپلىكى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىدۇ. ئۇ يالغۇزلۇق ۋە ھاجەتمەنلىك ئالدىدا ئۆزىنى يېتىم ۋە بىچارە ھېس قىلىدۇ. بۇ چاغدا رەقىپ ئارىغا كىرىپ، «ساختا شەپقەت ۋە يالغۇز ھېسداشلىق بىلەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالىدۇ. ھەر خىل ۋەز ـ نەسىھەتلەر بىلەن ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئەلاغا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىك ۋە ئىشەنچسىزلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ، ئەلانىڭ بەختلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئەسلىدە مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىلىرىدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاقىي قاراشلارغا يات بولغان، ئەرلىك نومۇسى بىلەن ئائىلىنىڭ ئىززەت نەپسىگە بىرىپ تاقىلىدىغان نەپرەتلىك قىلىق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلا رەقىپتىن كېلىشتۈرۈپ ئۆچ ئېلىشى، ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى مۇھەببىتىنىڭ پاكلىقىنى قوغدىشى لازىم ئىدى. لېكىن، ئەلا بۇنداق قىلمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، زىددىيەتتىن مەقسەتلىك ئۆزىنى تارتىدۇ. بۇنداق بولۇشىغا ئەلانىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىلىرىدىكى يېڭىچە قاراشلىرى سەۋەب بولىدۇ. ئەلا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم ـ پەنگە بېرىلگەن، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشكە بارلىقىنى بېغىشلىغان ئىلمىي خادىم، بۇ ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ يادروسى. مۇبادا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە سادىق بولماي، رەقىپتىن ئۆچ ئېلىش يولىغا كىرىپ، تەشكىلىي دەۋالار بىلەن جېدەل ـ ماجىرالار مۇھىتىدا لەيلەپ يۈرسە، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ غايىۋى مەقسىتىدىن يىراقلىشىپ، ئىلىم ـ پەن خادىمىدىن سىياسىي تەشكىلىي كۈرەش ئادىمىگە ئايلىنىپ كېتەتتى①. ئېنىقكى، بۇ ئەھۋال ئەلا ئوبرازىنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەلا بۇ ئىشتا گۈزەلئاينىڭ پىكىر، چۈشەنچىسى ۋە رايىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۆز ئىرادىسىنى ئۇنىڭغا زورلاپ تېڭىشنى، ئۆزىنى مەجبۇرىي ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشنى، ئۇنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئەرلىك ھۆكۈمى ئاستىدا تۇتۇشنى خالىمايدۇ. مۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە قىلىنغان ھاقارەت ۋە ھۆرمەتسىزلىك دەپ ھېسابلايدۇ. «چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئايال كىشى ئۆمۈر بويى ئەرنىڭ ئىرادە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشايدىغان مەنىۋى قول ئەمەس. ئۇمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا تىرىك ئادەم، غايە ۋە ئىستەك ئىگىسى. ئۇ ياخشى كۆرۈش، نەپرەتلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇنىڭمۇ خالاش، ئىنتىلىش، چېكىنىش ۋە رەت قىلىش ئەركىنلىكى بار. شۇڭا، ھازىرقى ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتنى بىلەن رېئال

① ئازات سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 321 ـ بەت.

ئائىلىۋى تەلەپلەرنى ئاياللارنىڭ ئىرادە كۈچىدىن ئۈستۈن بولغان مۇقەددەس نەرسە دەپ ھېسابلىغىلى، ئۇنى غايىۋى مىللىي ئەخلاقىمىزنىڭ تەۋرەنمەس ئۆلچىمى قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەرلىك ئىرادىسى پەقەت ئايال تەرەپ ئاجىز ۋە تەڭسىز ئورۇندا تۇرغان چاغدىلا تەسىرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇنداق ئەھۋالدا ھەقىقىي مۇھەببەتمۇ، بىرلىك ۋە ئىختىيارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان پاك ۋە ساغلام ئائىلىۋى مۇناسىۋەتمۇ بولمايدۇ، ئەلا گۈزەللىكنىڭ رەقىب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىسىدىكى مۇشۇنداق يېڭىچە قاراشلىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. قارىماققا، بۇ ئەلانىڭ بوشاڭلىقى ۋە ئىرادىسىزلىكىدەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھايات قانۇنىيەتلىرىنى، تۇرمۇش مۇرەككەپلىكلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ بېسىمىدىن خالىي، ئازاد ۋە ئەركىن پىكىر ئىگىسى بولغان يېڭىچە بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكى بىلەن ھاياتىي قەتئىيلىكىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ»①. ئومۇمەن، قايسى تەرەپتىن قارىمايلى، ئەلا ئوبرازىدىن چىنلىق پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولمىغان، ھاياتنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتىغا خىلاپ كېلىدىغان، پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدىن ھالقىپ كەتكەن ئامىللارنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇش ئىچىدىن، ئىجادىي تىپىكلەشتۈرۈلۈشىدىن بارلىققا كەلگەن يېڭى ئىجادىي بەدىئىي ئوبراز بولغانلىقى بىلەن بىزنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئەلا لەنجۇدىن ئۇغرىلىقچە قايتىپ كېلىپ بىر چەت جايدا تەنھا ياشايدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ تەپسىلات يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ لەنجۇدىن غۇلجىغا بېرىپ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلىق كەچمىشىگە دەل كېلىدۇ.

ھاشىر ـ روماندا باش قەھرىمان ئەلاغا ياندىشىپ تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ بولۇپ، ئىنتايىن جانلىق ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە. ھاشىر قوپال، ئوچۇق، سەمىمىي، ئاقكۆڭۈل يىگىت. ئۇ ماھىيەتتە ئەلا بىلەن ئوخشاشلا ئالىي غايە ئىگىسى. ئۇ پارتىيەنىڭ شوئار ـ چاقىرىقىغا جان دەپ قوشۇلىدىغان، ھەرقانداق جاپالىق ئىشلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول سېلىپ ئىشلەيدىغان ئاكتىپ كادىر. ئۇ «شەخسىي ھېسسىياتنى قۇربان قىلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن بېغىشلاش كېرەك» دەيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشقا ئىگە. ئۇ گەرچە كۆڭلى تۈز، مىجەزى چۇس، قىزىققان، قارام بولسىمۇ، لېكىن ئادىل، ھەق ـ ناھەق قارىشى كۈچلۈك، دۇرۇس ئادەم. گەرچە ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى سالماق، سوغۇق ھەم پەرۋاسىز مۇئامىلىسى رازىيەنىڭ پاك، بىغۇبار قەلبىنى زىدە قىلسىمۇ، كىتابخانلار ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنمەي، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. روماندا ئۇنىڭدىن باشقا قۇرماش، تاش، رازىيە، ساۋۇتوف قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىمۇ جانلىق يارىتىلىپ، ئەسەردىكى باش قەھرىماننى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. يەنە بىر قىسىم سەلبىي ئوبرازلار ئىچىدە رەقىپ، نامەت ئوبرازى جانلىق يارىتىلغان. رومانىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقلىرىدىن باشقا قىسمەن يېتەرسىزلىكلىرىمۇ مەۋجۇت. بۇ نۇقسانلار ئەلا ئوبرازىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ كەم ھەم چوڭقۇر قېزىلمىغانلىقىدا، ئۇنىڭ قىسمەن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ سۈنئىي ۋە ياسالما بولۇپ قالغانلىقىدا، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئانچە كۆپ ئوتتۇرىغا چىقارمىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

زوردۇن سابىرنىڭ 1964 ـ يىللىرى غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقى ھەققىدە يازغۇچى مەھمۇد مۇھەممەت ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «1964 ـ يىلى مەن غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (سابىق ھۆسەيىنىيە مەكتىپى) نىڭ تولۇقسىز 2 ـ يىللىق سىنىپىدا ئوقۇيتتىم. بىر كۈنى مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى تۇرسۇن مۇئەللىم سىنىپىمىزغا ناتونۇش بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. بۇ ئەدەبىيات دەرسى سائىتى ئىدى. ‹مانا بۇياق سىلەرنىڭ يېڭى ئەدەبىيات مۇئەللىمىڭلار، ئىسمى زوردۇن، ئەسلى ئىلىلىق، لەنجۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا خىزمەت

---

① ئازات سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 322 ـ بەت.

قىلغان، هازىر بىزگە يۆتكىلىپ كەلدى› دېدى ئىلمىي مۇدىر. مۇدىر سۆزلەۋاتقاندا ھەممىمىز قىزىقىش بىلەن كۆزلىرى چاقناپ تورغان، بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بوي كەلگەن ئادەمگە — ‹يېڭى كەلداخونغا› سەپ سالدۇق...)»①. زوردۇن سابىرنىڭ لەنجۇدىن قايتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھەرلىك 2ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقى تارىخىي پاكىت. 1966~1967ـ يىللىرى زوردۇن سابىر «كونا ـ يېڭى جىنايەتلىرى» ئۈچۈن «قارا يىپ» بولۇپ پېپەن قىلىنىپ، غۇلجا شەھىرىدىن ئون نەچچە كېلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئاقئۆستەڭ بويىدىكى يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان. بۇ ھەقتە ماخمۇد مۇھەممەت «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر»ناملىق كىتابىدا: «غۇلجا شەھەرلىك 2ـ ئوتتۇرا مەكتەپمۇ پۈتۈن جۇڭگونىڭ ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى› دەپ ئاتىلىدىغان داشقازىنىنىڭ بىر بۇرجىكىدە قاينىماقتا ئىدى. مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ گىرىمىسەن، ئۇزۇن زاللىرىدا شىرىلداپ تورغان دازىباۋلار ئارىسىدا زوردۇنكامىنىڭ لەنجۇدا خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدىكى ‹كونا جىنايەت› لىرى، 2ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنكى ‹يېڭى جىنايەت› لىرى توغرىسىدىكى چوڭ خەتلىك گېزىتلەرمۇ بار ئىدى ۋە ھەر كۈنى بۇ گېزىتلەرنىڭ يېڭى ـ يېڭىلىرى پەيدا بولۇپ تۇراتتى. ئۆزى بىلەن بىر سەپتە، بىر كەسىپتە، ھەتتا بىر بۆلۈمدە ئىشلەۋاتقان كەسىپداش، خىزمەتداشلىرى، ھەتتا ئۆزلىرىنى خېلىلا توختاتقان، يېزىقچىلىقتا ئوبدانلا ئاتىقى چىققان دوست ـ بۇرادەرلىرى، ئۆلپەتلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ گېزىتلەردە دېيىلگەن گەپ، سۆزلەنگەن پاكىت، كىيدۇرۈلگەن قالپاقلار ئوقۇۋاتقان ئادەملەرنى، بولۇپمۇ بىزدەك ھېچنىمە كۆرمىگەن بۇۋەكلەرنى ھەيراتتا سېلىپ، كۆزلىرىمىزنى چەكچەيتىۋەتتى...»② دەپ يازىدۇ. بۇ پارچىلارنى «ئىزدىنىش» رومانىدا ئەلانىڭ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغانلىقى ۋە پېشقەدەم زىيالىي ساۋۇتوف بىلەن ئىلمىي دوستلۇقىنىڭ «سىياسىي جىنايەتلىرى»نىڭ پاكىتى سۈپىتىدە خىزمەتدىشى ۋە «ئاغىنىسى» رەقىپ تەرىپىدىن ماتېرىيال يېزىلىپ ئۇنىڭ گانجا يايلىقىغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقى بىلەن باغلاپ چۈشىنىش مۇمكىن. زوردۇن سابىر بۇ مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئۈمىدۋار كەيپىيات بىلەن يېڭىپ، مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغانلىقى بۇ ئەسلىمىدە يېزىلغان. 1971ـ يىلى ئۇ ئىلى ئوبلاستلىق ئىجادىيەت ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، تىپىك ئەسەرلەرنى خاتىرىلەش ئىشلىرىغا قاتناشقان. 1979ـ يىلى ئۇ ئېلان قىلغان «كۆن تاغ كەينىگە ئۆتكەندە»، «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى»، «تۆھپە»، «شەپنەم» قاتارلىق بىر قاتار ئېسىل ئەسەرلىرى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ مۇھەررىر بولغان، 1981ـ يىلى بېيجىڭغا بېرىپ، يازغۇچىلار سىمنازىيەسىدە بىلىم ئاشۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە كەسپىي يازغۇچى بولغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئىزدىنىش» رومانى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا موۋەپپەقىيەتلىك چىققان زىيالىيلار تۇرمۇشى تېمىسىدىكى تۇنجى ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. زوردۇن سابىرنىڭ شەخسىي ئائىلىۋى تۇرمۇشى ۋە ھايات كەچۈرمىشىدىن، رومانىدىكى ئەلا ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى تېخىمۇ يارقىن ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا چۈشىنەلەيمىز ۋە يېشەلەيمىز. يازغۇچىلار تەرجىمھال تەتقىقات ئۇسۇلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قوللىنىش ۋە تەتبىق قىلىش ئىمكانىيىتى بىر قەدەر كەڭ تەتقىقات بولۇپ، بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلالايمىز.

## پايدىلانمىلار:

1. ئازات سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997ـ يىلى نەشرى.

① مەخمۇد مۇھەممەت: «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000ـ يىلى نەشرى، 5ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 15~16ـ بەتلەر.

2. ئابدۇكېرىم راخمان: «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.
3. مۇھەممەت پولات: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
4. مۇھەممەت پولات: «ئەدەبىيات ۋە دەۋر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.
5. ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئەقىل مۇنسى ۋە شەيتان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.
6. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «ئەدىب، ئەسەر ۋە باھا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.
7. ئابلاجان ئۇمىديار: «ئەدەبىيات ۋە يېڭىچە تەپەككۇر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.
8. ئابدۇللا مەتقۇربان: «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.
9. مەريەم قۇربان، ئابلىكىم ئابدۇراخمان، شەرىپە ئابدۇغۇپۇر: «زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيىتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.

[بۇ ماقالە دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى2011 ـ يىللىق پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى. تەستىق نومۇرى:05JHQ11]

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھىنۇر يۇنۇس

# «ئىز» رومانىدا ئەكس ئەتكەن فولكلور ئامىللىرى توغرىسىدا

زۇمرەت ئالىم

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان «ئىز» رومانىدا ئەكس ئەتكەن فولكلور ئامىللىرى مۇھاكىمە قىلىنىش ئارقىلىق، پىروزا ئەسەرلىرىنى خاس پىروزا نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان فولكلور مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىنمۇ كۆزىتىش زۆرۈرلۈكى تەكىتلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «ئىز» رومانى؛ فولكلور ئامىللىرى

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تارىخىي رومانلار خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىدىن، ھەرخىل دىنىي ئېتىقاد - چۈشەنچىلىرىدىن، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، سىياسىي ھاياتىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت، فولكلور، تىل - يېزىق جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدىغان، بۇ جەھەتتىن بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدىغان پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە. مەشھۇر ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى تەرىپىدىن 1984 - يىلى سىنتەبىردە يېزىلغان «ئىز» رومانى تارىخىي رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قۇمۇل تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە شۇ دەۋرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، جۈملىدىن فولكلور تەرەپلىرىدىن بىزنى مول ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدىغان فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ «ئىز» رومانىدىكى ئىزلىرى توغرىسىدا، بولۇپمۇ قۇمۇل خەلقىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ - ئۆي، مېھمان كۈتۈش، توي - مەشرەپ ۋە قارىلىق تۇتۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا نۇقتىلىق توختىلىمەن.

## 1. «ئىز» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى

«ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتى كۈچلۈك مىللىيلىق ھەم خاسلىققا ئىگە، ئۇ كىيىم - كېچەك فورمىلىرى، كىيىم تۈرلىرى بىلەن كىيىنىشتىكى ئېستېتىك مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ گۈزەللىكى بىرىككەن خاس كىيىنىش ئادىتىدە گەۋدىلىنىدۇ»①. «ئىز» رومانىدا قۇمۇل خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى تولىمۇ يارقىن ئىپادىلەنگەن، يۇقىرى تەبىقىدىكى بەگ - ئەمەلدارلاردىن تارتىپ تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاۋام خەلقىچە، ھۆكۈمرانلار، ئەسكەرلەرنىڭ كىيىنىشىدىن قوزغىلاڭچى ئامىنىڭ كىيىنىش ئادىتىگىچە، بەگ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ كىيىنىشىدىن ئاددىي خەلق خوتۇن - قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئادىتىگىچە بولغان ئىنچىكە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

1) ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ خانىم - قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئادىتى. روماندىكى تەپسىلاتلاردىن، قۇمۇل رايونىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا رەسمىي قوبۇل ياكى مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە «قىزىل مۇنچاقلىق مانجۇچە قالپاق، يان چەكلىرى ئوچۇق ئۆرە ياقىلىق قىزغۇچ تەتىللا تون، ئەجدىھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن سېرىق دۇردۇن كالتە چاپان، قىزىل جىيەك تۇتۇلغان كالتە قونچلۇق، قېلىن تاپان، قارا مەخمەل ئۆتۈك» كىيىدىغانلىقىنى، ئادەتتىكى بەگ - دورغىلارنىڭ «سەللە، پەرىجە»، بەگ - تۆرىلەرنىڭ خانىم - قىزلىرىنىڭ «قېلىن قارا دۇردۇندىن تون كىيىپ بېشىغا ئاق شايىدىن لىچەك سېلىپ» يۈرىدىغانلىقىنى، «پۈجۈك ئاغىچا»نىڭ «ئالما ئۇرۇقى رەڭ ئېسىل خاڭجۇ تاۋاردىن تىكىلگەن

① ئەنۋەر تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى، 140 - بەت.

ئۈزۈن كۆڭلەك، ئۆرە ياقىلىق كىمخاب نىمچە، بېشىغا ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن قاداقلار قادالغان زەر دوپپا كىيىپ، ھاۋا رەڭ ئېسىل شايىدىن لېچەك ئارتىۋالىدىغانلىقى»نى بىلەلەيمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئەنئەنىسىدە، گۈللۈك يىپەك رەخت كىيىملەر چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەرخىل گۈللۈك ۋە نەقىشلىك يىپەك رەخت كىيىملەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئەتىۋارلايدۇ. بۇ ئەھۋال «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە: «قىلىقلىناي دېسە قىزىل كىيەر، ياراي دېسە يېشىل كىيەر»① دېگەن تەمسىل بىلەن سۈرەتلەنگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىك قارىشىدا نىسپىي ھالدا قىزىل رەڭ خۇشاللىق ۋە شادلىقنىڭ، كۆك رەڭ ياشلىق ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ، قارا رەڭ قايغۇ ـ ئەلەم ۋە مۇسىبەتنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. ئۇيغۇرلار مۇشۇ قاراش بويىچە، ياش، جىنس پەرقى، كەسىپ ـ سالاھىيەت ۋە مۇراسىملارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈپ كىيىنىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئورۇن ـ مەرتىۋىسىگە ئاساسەن كىيىنىش ئادىتى كەسىپ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن شەكىللەنگەن بىرخىل ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. «ئىنسانلارنىڭ كىيىم ـ كېچىكى ئەسلىدە بۇنداق ئۆلچەمنى ھازىرلىغان ئەمەس، ئەمما ئائىلە تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشىگە، سىنىپىي تەبىقىچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ نام ـ نىشانى ۋە ئورۇن ـ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى كىيىم ـ كېچەكتىمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان»②. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ خىل كىيىنىش ئالاھىدىلىكى ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

2) ھۆكۈمرانلار ئەسكەرلىرى ۋە قوزغىلاڭچى ئامىنىڭ كىيىنىش ئادىتى.

ھاۋا كىلىماتىدىكى ئوخشىماسلىق كىيىنىش ئادىتىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوخشىمىغان پەسىللەر ئۆز تېمپېراتۇرىسىغا خاس كىيىنىش ئادىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. تۆت پەسىلنىڭ پەرقى ئېنىق كۆرۈلىدىغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە پەسىلگە قاراپ پەرقلىق كىيىنىش بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان. ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن ماسلىشىش جەريانىدا كىيىم كىيىشنى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى كىيىم ـ كېچەك بىلەن بەدەننى زىننەتلەش، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى، خۇشاللىق ـ ھەۋەسلىرىنى ئىپادىلەشنى ئۆگەنگەن. ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ كىشىلەر كىيىم ـ كېچەك ئارقىلىق ئورۇن ـ مەرتىۋىنى ئىپادە قىلىدىغان بولغان. بۇنىڭ بىلەن كىيىم ـ كېچەك سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇشقا باشلىغان. رومانىدا: «ھۆكۈمرانلار ئەسكەرلىرى ئادەتتە ئەلتىرىدىن تىكىلگەن ئەپلىك جۇۋا ۋە قارا سانسان قولاقچا كىيىپ، مىلتىق قېلىچلىرىنى ئارتىشىپ يۈرەتتى»، «قوزغىلاڭچى ئامما يولباشچىسى بولسا بېشىغا نېپىز كىگىز قالپاق كىيىپ، قارا كەمزۇلى ئۈستىدىن ئوق پوتىسىنى چەپراس قىلىپ باغلىۋالغان ئىدى»، «ئاددىي ئاۋام ـ خەلق ئادەتتە قىزىل كۇلا بىلەن قۇراق جەندە كىيىپ، بېلىنى قىل ئارغامچا بىلەن باغلاپ يۈرەتتى» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەينى دەۋردە قۇمۇل خەلقىنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە، ئەمەل ـ مەنسەپ، دەرىجە ـ مەرتىۋە، جىنس ئايرىمىسى، كەسىپ ۋە پەسىلنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق كىيىنىش ئادىتى تولىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كىيىنىشكە قاراپلا شۇ كىشىنىڭ ئورنى ۋە سالاھىيىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## 2. «ئىز» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي بېزەش، يېمەك ـ ئىچمەك، مېھمان كۈتۈش ئادەتلىرى

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئۆڭكۈرلەردىن قۇتۇلۇپ تۇرمۇشىغا مۇۋاپىق ئۆيلەرنى پەيدا قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشتىكى چوڭ كەشپىياتى ھېسابلىنىدۇ.

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، 512 ـ بەت.

② ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 173 ـ بەت.

ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ شەكىللەنگەن بولۇپ، دەسلەپ ئېتىقاد يۈزىسىدىن تاغ چوققىلىرىغا سىمۋول قىلىنىپ، سىزىقچا ئويما (ئەگمە) شەكىلدە بارلىققا كەلگەن. كېيىن كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى، نۇر مەنبەسىگە سىمۋول قىلىنغان يۇلتۇزسىمان گېئومېتىرىيەلىك سىزىقچىلار، تەكشى يۈز ئويما، قاپارتما ئويمىغا قاراپ راۋاجلانغان.

قۇمۇل خەلقىنىڭ تۇرالغۇ- جاي ۋە ئۆي بېزەش ئادىتى روماندا ئىككى خىل ھالەتتە ئىپادىلەنگەن. قۇمۇلنىڭ ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنىڭ بېزىلىش ئەھۋالى روماندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «ئۇ مانجۇچە كىيىنگەن تۇرشا تۇغبېگى باشلىق تۆت مۇھاپىزەتچىنىڭ ھىمايىسىدە ھېلىقى ھۇجرىغا تۇتاش ئۇزۇن دەھلىزدىن چۈشۈپ، ئارچا ۋە ئۆرۈك ئوتۇنلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن قاپلانغان كىچىكرەك بىر زالنىڭ تۆر تەرىپىدىكى يان ئىشىكىدىن ئىچكىرى كىردى. قىپقىزىل گىلەملەر سېلىنغان زالنىڭ تۆر تەرەپتىكى تېمىغا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان كۈن ۋە ھاۋادا ئۇچۇۋاتقان يۇغان ئەجدىھا سۈرىتى سىزىلغان». «دەل شۇ سۈرەتنىڭ ئالدىدىكى سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالدى پۇتلىرى ئىككى شىرنىڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر تەخت قويۇلغان، قىزىل دۇخاۋا كۆرپە سېلىنغان تەختنىڭ يۆلەنچۈكىگىمۇ ئەجدىھا سۈرىتى نەقىشلەنگەنىدى».

ئاددىي خەلق ئۆيلىرىنىڭ بېزىلىش ئەھۋالى روماندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «تېكىمەت كىگىز سېلىنغان پاكار سۇپا، سۇپىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى ياغاچ كاتقا تارتىلغان پاكار چىمىلدىق، ئاددىي بولسىمۇ رەتلىك قىلىپ ئويۇقلارغا تىزىلغان يوتقان- كۆرپە ۋە ئىككى يېنىغا كەشتە چىكىلگەن ئۈزۈنچاق سامان ياستۇقلار، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان بىر جۈپ پۆپۈكلۈك لۆڭگە بۇ ھۇجرىنى خېلىلا كۆركەم قىلىپ قويغانىدى».

گىلەم، كىگىز، پالاز، تەكلىمات ۋە تېرە- خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن كىيىم- كېچەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ھەم ئۇنىڭ خام ئەشيا مەنبەسى پەقەت قەدىمكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا يايلاقلىرىدا يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان خەلقلەر، شۇنداقلا كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرگەن قەدىمكى قوۋملارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىدە بارلىققا كەلگەن. بۇنى يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي بۇيۇملار بىلەنمۇ دەلىللەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «1981 ـ يىلى 24 ـ فېۋرالدا تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قۇيۇلۇش جايىغا يېقىن لوپنۇردىن تېپىلغان جەسەت بىلەن بىللە چىققان كىگىز، پالاز ۋە گىلەم پارچىلىرى بىلەن ئوقيا سېپى، بۇغداي دانلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل- پاراسىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ»①.

يېمەك- ئىچمەك ئادىتى جەھەتتە، قۇمۇلدا تاماقلار ئادەتتە ئۆيدە ئېتىلىدىغان تاماقلار، مېھمان كۈتۈشتە ئېتىلىدىغان تاماقلار، مەرىكە- تويلاردا ئېتىلىدىغان تاماقلار دەپ ئايرىلىدىغان بولۇپ، روماندا بەگلەرنىڭ يېمەك- ئىچمەك ئادەتلىرى تەپسىلىي ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، روماندا يېمەك- ئىچمەك تۈرلىرىدىن گۆش، نان، قېتىق، قايماق، ياپما، پىشلاق، ياغلىق شورپا، قاتلىما نان، توقاچ، مېۋە- چېۋە، قەنت- ناۋات، سېرىق ياغ، قۇرۇت، بۇغۇرساق، ئولار ۋە كەكلىك گۆشى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان.

يېمەك- ئىچمەك ئادىتى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ مەلۇم تەرەپتىن شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆرپ- ئادەتتىكى مىللىيلىكنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك ئادىتىدە ئاشلىقتىن ياسالغان تاماقلار ئاساس بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقەدەر ئەنئەنىۋى تاماقلىرى ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە بەزى مەلۇماتلار بار.

---

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت- سەنئىتىگە دائىر ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 91 ـ بەت..

مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي مەزكۇر ئەسەردە «توقۇچ»①، «چۆرەك»② سۆزلىرىنى «توقاچ» دەپ؛ «كۆۋشەك»③ دېگەن سۆزنى «بولدۇرغان نان» دەپ؛ «چوقمىن»④ دېگەن سۆزنى «هورنانىنىڭ بىر خىلى» دەپ ئىزاھلايدۇ. قىسقىسى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن يېمەك - ئىچمەكلىرىمىز قۇمۇل خەلقىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادەتىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مېھماندوستلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىسىدۇر. ئۇلار ھەرقانداق شارائىتتا ئۆيىگە مېھمان كەلسە «بەخت كەلدى» دەپ قارايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە: «مېھمان كەلسە قۇت كېلەر»⑤. «كۆركەم، چىرايلىق تونۇڭنى ئۆزۈڭ كەي، تاتلىق ئېشىڭنى باشقىلارغا بەر، ئىززەتلە شۆھرىتىڭنى ھەممىگە يايسۇن»⑥ قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر ئۇچرايدۇ.

مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بولغان مېھمان كۈتۈش ئادىتى «ئىز» رومانىدا تولىمۇ يارقىن ئىپادىلەنگەن. «شۇ ئارىدا ئىككى كېنىزەك كۆمۈش پەتنۇستا قەنت - گېزەك ۋە مېۋە - چىۋە ئېلىپ كىرىپ، ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان نەقىشلىك شىرەگە تىزدى ۋە ئالتۇن يالىتىلغان پىيالىلەرگە چاي قۇيدى»، «رەۋشخان موماي نەچچە كۈندىن بۇيان ساناقچى بەگلەرگە ئاتاپ يىغقان قايماق، پىشلاقلىرى بىلەن چاي قۇيدى، ئارقىدىنلا مەززىلىك پىشقان پاقلان گۆشىمۇ كەلتۈرۈلدى». بۇ تەپسىلاتلار قۇمۇل خەلقىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، ئۆي بېزەش، مېھمان كۈتۈش ئادەتلىرىنى، ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل رايونىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە جەمئىيەت كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئادەتلەر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئاز - تولا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىنى يوقاتقىنى يوق. بىز بۇنىڭدىن فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇراقلىقلىقى ۋە ئۈزلۈكسىزلىكىنى بىلەلەيمىز. يەنە كېلىپ مۇشۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا رومانىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخنى، تارىختا يوشۇرۇنغان مەدەنىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز.

**3. «ئىز» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن قۇمۇل خەلقىنىڭ توي - مەشرەپ ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى**

مۇراسىم ۋە ھېيت - بايرام پائالىيەتلىرى ئىجتىمائىي فولكلورنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى، مۇراسىم - بايراملار ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خاراكتېر جەھەتتىن خەلقىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيىتىدۇر. مۇراسىم - بايراملارنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەرخىل دىنىي ئېتىقادلار مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن نۇقۇل دىنىي پائالىيەتتىن پەرقلىنىدۇ.

«ئىز» رومانىدا قۇمۇل خەلقىنىڭ توي - مەشرەپ ئادەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان ئېتىقاد، مەدەنىيەت ئامىللىرى ئىپادىلەنگەن. رومانىدا قۇمۇل خەلقىنىڭ توي تەييارلىقلىرىغا ئائىت ئادەتلىرىنى تۆۋەندىكى تەسۋىرلەردىن ھېس قىلالايمىز: «خېلىدىن بۇيان چاچ - ساقاللىرىغا ئۇستىرا تەگكۈزۈلۈپ باقمىغان كىشىلەر خۇددى ئايەم كۈنلىرىگە تەييارلىنىۋاتقاندەك چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياساشقا كىرىشتى». «قىز - جۇۋانلار ئۆي قېقىش، كىر - قات يۇيۇش، بىسات تۈزەش، ھەتتا تويدا كىيىدىغان ئۇستىۋاشلىرىنى راسلاشقا ئالدىرايتتى». «ئوغۇل باللار تويدا مىنىدىغان تايلىرىنىڭ غېمىدە بولسا، قىزلار چاچلىرىنى تاراپ، ئۆزلىرىنى ياسايتتى»، «بەزى يىگىتلەر داڭلىق ھاپىز ۋە سازەندىلەرنى چىللاپ كېلىش ئۈچۈن يىراق - يېقىندىكى يۇرتلارغا ئات چاپتۇرۇپ كەتتى، قورايلىق سازەندە ۋە ھاپىزلار بولسا غېجەكلىرىگە يېڭى تار سېلىپ، داپلىرىنى قۇرۇتۇپ قويۇشقا

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، 464 - بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 504 - بەت.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 626 - بەت.

④ يۇقىرىقى ئەسەر، 578 - بەت.

⑤ يۇقىرىقى ئەسەر، 12 - بەت

⑥ يۇقىرىقى ئەسەر، 64 - بەت

ئالدىرايتتى».

توي ئۆتكۈزۈش ئادىتى روماندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «ئۇ چاغلاردا ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان قائىدە- يوسۇن بويىچە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي ئىشلىرى مۇنداق ئۆتكۈزۈلەتتى»، «ئوتتۇرا هال ئائىلىلەر ئارىسىدا، ئىككى تەرەپ ماقۇللاشقاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن بۇغداي، توققۇز شىلڭ گۈرۈچ، توققۇز جىڭ ياغ، توققۇز شىرە مېۋە- چېۋە، ۋە يېتەرلىك ئوتۇن- كۆمۈر، چاي- تۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى هارۋىغا سېلىپ، قىز تەرەپكە داغدۇغا بىلەن ئاپىرىپ بېرەتتى». «تويىنىڭ 1-كۈنى هەر ئىككى تەرەپنىڭ مېهمانلىرى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە چاقىرىلاتتى، بۇ باش توي دەپ ئاتىلاتتى». «شۇ كۈنى سۇلتان يىگىت ئۆزىنىڭ قولداشلىرى بىلەن نىكاهقا كېلەتتى. قىزنىڭ مەهەللىسىدىكى يىگىتلەر ‹قىز كۆركى› قىلىمىز دەپ، دەرۋازىنى تۆمۈر هارۋىنىڭ چاقى بىلەن توسۇۋالاتتى. يىگىت تەرەپتىن كەلگەنلەر شۇ چاقنى كۆچەپ ئېلىشى لازىم ئىدى، ئالالمىسا قىز تەرەپتىكى يىگىتلەر ‹ئالالمىغانلار› دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى. شۇڭا يىگىت تەرەپتىنمۇ خېلى كۆپساندا ئادەم كېلەتتى». «نىكاهدىن كېيىن، بۇ چاقنى يىگىت تەرەپ ئېلىپ كېتىپ، ئارغامچا بىلەن ئىگىز دەرەخ بېشىغا ئېسىپ قوياتتى، بىر قانچە كۈندىن كېيىن، قىز تەرەپ كېلىپ قايتۇرۇپ كېتەتتى. نىكاھ ئاساسلىق مېهمانلار جايلاشقان ئۆيدە جامائەت ئالدىدا ئوقۇلاتتى. نىكاھ ئوقۇلىدىغان چاغدا، سۇلتان يىگىت تۆت- بەش هەمراهى بىلەن شۇ ئۆيگە كىرەتتى. نىكاهدىن كېيىن، قىز تەرەپ يىگىتكە بىر قۇر كىيىم ياكى كىيىملىك رەخت قوياتتى، بۇ ‹كۈيۈلۈك› دەپ ئاتىلاتتى. يىگىتلەر نىكاهدىن قايتقاندىن كېيىن ئۇلارنى سۇلتان تۇغقانلىرى ياكى ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئۆز ئۆيىدە ئايرىم ئولتۇرغۇزۇپ بېرەتتى. بۇ ‹چاچ چۇشۇرگە› دەپ ئاتىلاتتى. يىگىتلەر كۈن بويى ئويۇن- تاماشا قىلىپ، ئولتۇرۇش ئاياغلاشقاندا، ئۆي ئىگىسى سۇلتان يىگىتكە بىر قۇر كىيىم كىيدۈرەتتى ياكى بىر كىيىملىك رەخت قوياتتى. كەچ كىرگەندە توي مەشرىپى باشلىناتتى. ئەمما مەشرەپ باشلاشتىن بۇرۇن پاششاپ بەگكە بىر كىيىملىك رەخت، بىر قوي ۋە بىر مۇنچە مېۋە- چېۋە تەقدىم قىلىش شەرت ئىدى. بۇ ‹پاششاپلىق› دەپ ئاتىلاتتى. ئەگەر ‹پاششاپلىق› بېرىلمىسە، پاششاپ بەگ ئۇلارنىڭ يېرىم كېچىگىچە مەشرەپ ئوينىشىغا يول قويماي، خۇپتەندىن كېيىنلا هەممەيلەننى تارقىتىۋېتەتتى. ئۇنىمىغانلارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋالاتتى- دە، ئەتىسى هەربىرىگە بەش شىڭدىن بۇغداي جەرىمانە سېلىپ، ئاندىن قايتۇرۇپ بېرەتتى». «شۇ كۈنى ئاخشىمى يىگىت تەرەپتىن ئون نەچچە ئايال بىلەن ئون نەچچە ئەر كىشى كۆچۈپ كېلىش ئۈچۈن قىز تەرەپكە توققۇز تازىمغا باراتتى. توققۇزىنچى قېتىم تازىمدىن كېيىنلا قىزنى هارۋا ياكى مەپە بىلەن كۆچۈرۈپ ماڭاتتى. قىزنىڭ مەهەللىسىدىكى يىگىتلەر بىر قانچە جايدا ئارغامچا تۇتۇپ يول توسۇيتتى. يىگىت تەرەپ توققۇز غېرىچ كېلىدىغان بىر ئەركەك قوي بەرگەندىن كېيىنلا يولنى ئېچىپ بېرەتتى. قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، يىگىتلەر ئۇنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈچ يەرگە يېقىلغان ئوتنىڭ ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆرگىلىتىپ، ئاندىن هۇجرىغا ئەكىرىشەتتى».

«تويىنىڭ 2- كۈنى يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئائىلىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقان، ئەللە- مەهەللىسىنى تويغا چاقىراتتى. بۇ ‹يۈز ئاچقۇ› دەپ ئاتىلاتتى. بۇ كۈنى قىز تەرەپ تويغا سويۇلغان قويلارنىڭ ئۆپكىسىدىن ئىككىنى قۇيۇپ ئىسسىق پېتى ئەكىلەتتى». «ئارىلىق يىراق بولۇپ سوۋۇپ قالغان بولسا، قايتىدىن ئىسسىتىپ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ بېشىنى جۈپلەپ ئۇنىڭ هورىغا تۇتاتتى بۇنىڭدىن مەقسەت، بۇ ئىككى ياشنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇپ كېتىشىنى تىلەش ئىدى. ئەر مېهمانلار يانغاندىن كېيىن، يۈزىگە پۈركەنجە ياپقان قىزنى ئايال مېهمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقاتتى. قىزنىڭ ئانىسى ئۆز قىزىنى، يىگىتنىڭ ئانىسى ئۆز ئوغلىنى تەرىپلەپ بېيىت ئېيتىشاتتى. قىز تەرەپتىن ئېيتىلىدىغان بېيىتلار مۇنداق ئىدى:

ئاققىنا ياغلىق ئىچىدە،
بىر تۈگۈن گۈل ساقلىدىم.

گۈلنى ئېلىپ بېشىمغا،
تاجى قىلىپ سانچىدىم.
ئەل ـ خالايىق تولا كەلدى
ھېچ كىشىگە باقمىدىم.
شۇنچە خەقلەر ئارىسىدىن
ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.

ئوغۇل تەرەپتىن كۆپۈنچە مۇنداق بېيىتلار ئېيتىلاتتى:

بىزمۇ ئوغۇل چوڭ قىلدۇق
موللا ـ ئالىم.
جېنىم بالام تولۇن ئايىم،
كېچە ـ كۈندۈز تىلىنىۋىدۇق
ئەمدى بەردى خۇدايىم».

«ئاندىن ئاياللار قىزغىن كۈلكە ۋە ئويۇن ـ چاقچاقلار ئىچىدە قىزنىڭ يۈزىدىن پەركەنجىنى ئالاتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ يۈزى ئېچىلغان بولاتتى. قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قىزغا يەنە كىيىم ـ كېچەك ياكى كىيىملىك رەخت ۋە زىبۇ ـ زىننەت تەقدىم قىلاتتى. چوڭ ياشلىق ئاياللاردىن بىر ـ ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تويىنى مۇبارەكلەپ بېيىت ئېيتاتتى. قالغانلارمۇ ھەربىر مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەرنى تەكرارلىشىپ بېرەتتى:

ئەتىگەن قوپار بولغاي
تۆكۈلۈك ئاچار بولغاي،
توققۇز ئوغۇللۇق بىر قىزلىق بولغاي.
قوتاندا قويلۇق بولغاي،
ئېغىلدا كالىلىق بولغاي».

«تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنى ۋە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى چايغا ئېيتاتتى. بۇ ‹چىللاشقۇ› دەپ ئاتىلاتتى. تويىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى قىز تەرەپ يىگىت بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىلا چايغا ئېيتاتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت ـ كۈيئوغۇل ۋە قۇدىلار بىلەن ئوبدانراق تونۇشۇش ئىدى».

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئىز» رومانى شۇ دەۋردىكى قۇمۇل رايونىدىكى بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمىنى، ئاۋام ـ خەلقنىڭ قارشىلىقىنى، قىسقىسى بىر قانلىق تارىخنى، تارىخقا ھەم قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىغا تۇتىشىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى، ئۆرپ ـ ئادەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ ئېتىقاد ـ چۈشەنچىلىرىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن.

«ئوغۇل تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن بۇغداي، توققۇز شىلڭ گۈرۈچ، توققۇز جىڭ ياغ، توققۇز شىرە مېۋە ـ چېۋە ۋە يېتەرلىك ئوتۇن ـ كۆمۈر، چاي ـ تۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى ھارۋىغا سېلىپ، قىز تەرەپكە داغدۇغا بىلەن ئەكىلىپ بېرەتتى». بۇ، قۇمۇل خەلقىنىڭ مۇقەددەس سان قارىشى بىلەن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ توي مۇراسىم ئادىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، يىگىتلەر ئۇنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈچ يەرگە يېقىلغان ئوتنىڭ ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆرگىلىتىپ، ئاندىن ھۇجرىغا ئەكىرىشەتتى». بۇنىڭدا مۇقەددەس سان، رەڭ قارىشى ۋە مانى، شامان دىنلىرىنىڭ بەزى قالدۇقلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا، مانى، شامان دىنلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. «مانى دىنىنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى قالدۇق ئادەتلىرىگە ئۇيغۇر، خۇيزۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئاق شاپاق بۆك كىيىشى، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغلاردا

ئاق كىيىم كىيىشى، قىزلارنى ياتلىق قىلغانىدا ئاق كۆڭلەك كىيگۈزۈشى قاتارلىق بىر قاتار ئادەتلەر ياخشى پاكىت بولالايدۇ»①.

**4. «ئىز» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قارىلىق تۇتۇش ئادەتلىرى**

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازا ئېچىش ئۇسۇلىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇش بىلەن بىللە، قايغۇنى ئىپادىلەشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى پەيدا بولغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى تىپىكرەك بولغىنى چاپاننى تەتۈر كىيىپ يىغلاش، ھاسا ياكى تاياق تۇتۇپ يىغلاش، «ھازا قوشىقى» ئېيتىپ يىغلاشتىن ئىبارەت. تاياق تۇتۇپ، ھازا قوشىقى ئېيتىپ يىغلاش ناھايىتى قەدىمگە تۇتىشىدىغان ئادەت بولۇپ، بۇ ئاتۇش، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. « ‹ھازا قوشىقى› ئۆلگۈچىگە قارىتىپ ئېيتىلىدىغان مۇڭلۇق ناخشا بولۇپ، ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك› تىكى ئالىپ ئەرتۇڭاغا ئوقۇلغان مەرسىيەرلەر مەشھۇر ھازا قوشاقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»②.

«ئىز» رومانىدا قارىلىق تۇتۇش ئادەتلىرى مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن توپ ـ توپ كىشىلەر روزىمەت بەگنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار، مۈكچىيىپ قالغان مومايلار، بالا كۆتۈرگەن ئايالالار ۋە ئۇششاق ئوغۇل ـ قىزلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بېلىگە ئاق باغلىغان، ئايالالار بېشىغا ئاق سېلىۋالغانىدى... چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى سارغىيىپ كەتكەن بىر موماي ھاسا تاياققا تايىنىپ قوشاق قېتىپ يىغلايتتى:

جان بالام، جېنىم بالام،
چۆللەردە جان بەرگەن بالام.
ئون گۈلۈڭنىڭ بىرىمۇ،
ئېچىلماي سولغان بالام».

ئۇيغۇرلار ئۆلۈم بولغانىدا ماتەم كىيىمى كىيىدۇ. ماتەم كىيىملىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بەدەننى تولۇق ياپىدىغان بولۇش، رەڭگى قارا ياكى ئاق بولۇش بولۇپ، بۇنىڭدا ئاق رەڭدىكى كىيىم ۋە بەلباغلار ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ماتەم مەزگىلىدە ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىش ئەنئەنىسى قەدىمكى ئاتاشپەرەسلىك ۋە مانى دىنى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، بۇ دىنلاردا «ئاق رەڭ» يورۇقلۇق، نۇر، قۇياشنىڭ بەلگىسى بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاق رەڭ ھاياتلارنىڭ ئۆلگەنلەرگە پاك ھالەتتە تۇرۇپ قىلىدىغان ھۆرمىتىنىڭمۇ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇيغۇرلار ماتەمدارلىق مەزگىلىدە ئاق كىيىم كىيىشنى «قارىلىق تۇتۇش» دەپ ئاتايدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيدۇ؟ چۈنكى، «كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆلۈم پالاكەتتۇر، زۇلمەتتۇر. شۇڭا، ئۇ ماتەمدارلارغا نىسبەتەن كۆڭۈلنى قارا قىلىدىغان ئىشتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەردە ‹قارا› سۆزى ‹رەڭدار› سۆزىگە قارشى مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاچقا، ‹قارىلىق تۇتۇش› قارا كىيىم كىيىۋېلىشقا ئەمەس، بەلكى ‹قارا› بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئېغىر، سۈرلۈك، قايغۇلۇق كەيپىياتنى ئىپادىلەشكە قارىتىلغان»③.

قارىلىق سۇندۇرۇش ئادىتى رومانىدا مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «داستىخان يىغىلىدىغان چاغدا، شېھىتلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قارىلىقنى سۇندۇرۇشى ئۈچۈن، ھەركىمگە ئۆز لايىقىدا بىرەر كىيىملىكتىن رەخت، دوپپا، كۆڭلەكلەر قويۇلدى».

يۇقىرىقى ئادەتلەردىن باشقا يەنە رومانىدا قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، مىمارچىلىق، نەزىر ئۆتكۈزۈش، قارىلىق تۇتۇش، قارىلىق سۇندۇرۇش، پوتا باغلاش، تۇمار ئېسىش، ئوۋچىلىق، پادىچىلىق، ئەنئەنىۋى داۋالاش ۋە ئىسىم قويۇش ئادىتى قاتارلىق بىر مۇنچە ئادەتلەرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر پۈتۈن فولكلور ئەنئەنىلىرىنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسى يارىتىلغان.

---

① ئابلىم قېيۇم: «تۇرپان يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 102 ـ بەت.

② ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 350 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانى ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتىدىن باشقا يەنە بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى، شۇنداقلا شۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدىغان فولكلور ھادىسىلىرىدىن بىۋاسىتە ئۇچۇر بېرەلەيدىغان ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. روماندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆپ قاتلاملىق مەزمۇن يەنى ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن فولكلور ئامىللىرى چىن تارىخ، دەۋر ماھىيىتى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئاۋام- خەلق تۇرمۇشى، پسىخىك- روھىي ھالەتلىرى... قاتارلىقلار ئارقىلىق يۈكسەك بەدىئىي دىتىنى، بەدىئىي ئۇسلۇبىنى نامايەن قىلغان. قىسقىسى، تارىخىيلىق بىلەن بەدىئىيلىك ناھايىتى تەبىئىي ماسلاشتۇرۇلغان. بۇ بىزگە پىروزىچىلىقتىكى ئەسەرلەرنى پەقەت پىروزا، تارىخ، ئەدەبىيات نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ھەرخىل گۇمانتار پەنلەر نۇقتىسىدىن، جۈملىدىن فولكلور نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**


1. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئىز» (رومان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى.

2. ئەنۋەر مەتسەيدى: « ‹سەپەرنامە› دە ئىپادىلەنگەن فولكلورغا ئائىت ئۇچۇرلار توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2006 - يىللىق 3 - سان.

3. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر رومانچىلىقى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2006 - يىللىق 3 - سان .

4. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى.

5. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت- سەنئىتىگە دائىر ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى.

6. ئابلىم قېيىۇم: «تۇرپان يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 1 - ئاي نەشرى.

7. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى.

8. ئەكرەم ئابدۇمجىت: «ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم- كېچەك ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى 2010 - يىللىق 5 - سان.

9. ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى، 350 - بەت.

10. پەزىلەت نۇرەخمەت: «بۈگۈنكى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا ئېكولوگىيە تېمىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2006 - يىللىق 2 - سان.


**ئاپتور:** شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2009 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھىنۇر يۇنۇس

# «كىرورەنلىك بالىلار» رومانىنىڭ تەربىيەۋى قىممىتى توغرىسىدا

شەرىپە ئابدۇغوپۇر

**مۇھىم مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە، بالىلار يازغۇچىسى پەرھات ئىلياسنىڭ «كىرورەنلىك بالىلار» ناملىق كۆپ قىسىملىق چۆچەكلىك رومانىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «كىرورەنلىك بالىلار»؛ تەربىيەۋى قىممەت

بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ـــ بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ چوڭلار ئەدەبىياتىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە بولۇپ مەخسۇس بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يېزىلىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن باشلانغان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرىدا مەمتىلى ئەپەندى، ل. مۇتەللىپ ۋە زۇنۇن قادىرىلار بالىلار ئۈچۈن شېئىر، چۆچەك، مەسەل يېزىپ، بالىلار ئەدەبىياتىغا ئاساس سېلىپ بەردى. دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، بالىلارنىڭ فىزىيولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈندى. بۇ ياخشى ۋەزىيەتتە بالىلار تەربىيەسىنىڭ مۇھىم ئوبرازلىق ۋاستىسى بولغان بالىلار ئەدەبىياتىمۇ تارىختىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن ئەۋزەل بولغان تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بالىلار ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان بىر تۈركۈم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئاپتورلىرىمىز مەيدانغا كېلىپ، ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، بالىلارغا ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنى تەربىيەلەش ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ باردى. 1996 ـ يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن: «رومان، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتى، بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، كىشىلەرنى پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك»① دەپ كۆرسەتمە بەردى. مەركەزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىنى ئۈچ چوڭ ئىجادىيەتنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەكىتلەپ يۈكسەك ئەھمىيەت بىلەن قارىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇ خىزمەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ھەمدە تەخىرسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا بالىلار تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، بالىلار ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلارغا روھىي جەھەتتىن ئىلھام بېرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار قوشۇنى تېخىمۇ زورىيىپ، بالىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يۈكسىلىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يۈكسەلگەن بولسىمۇ، ئەمما 2006 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاھالىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان ئۇيغۇر بالىلىرىغا بېغىشلانغان بىر پارچىمۇ بالىلار رومانىمىز يوق ئىدى. مانا بۇ بوشلۇقنى كىرزىس تۇيغۇسى بىلەن تونۇپ يەتكەن مول ھوسۇللۇق، كۆپ قىرلىق ياش يازغۇچىلاردىن پەرھات ئىلياس، جاسارەت جاپپار ۋە ئەخمەتجان قۇربان سابىرلار ئۆزلىرىنىڭ «كىرورەنلىك بالىلار»، «ياغاچ قۇلاق»، «ئەلقۇتنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى ساياھىتى» قاتارلىق بالىلار رومانلىرى بىلەن تولۇقلاپ، كەڭ بالا

① تۇرسۇن قۇربان: «بالىلار ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، 25 ـ بەت.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدەك ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوبزورچىلارنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇپ، باللار ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى قىياپىتىنى نامايان قىلدى. بولۇپمۇ پەرھات ئىلياسنىڭ يۇقىرى ماھارەت، باي تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يازغان «كرورەنلىك باللار» ناملىق چاتما رومانى 2008 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ھەم 2009 ـ يىللىق «بەش بىر قۇرۇلۇش» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ رومان يەنە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ خەنزۇ بالا ئوقۇرمەنلىرى بىلەنمۇ يۈز كۆرۈشۈپ، خەنزۇ ئوبزورچىلىرىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا نائىل بولدى. ماقالىدە، «كرورەنلىك باللار» ناملىق بۇ رومانىنىڭ باللارغا بولغان تەربىيەۋى قىممىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1. باللارنى كەڭ ۋە چوڭقۇر تارىخىي بىلىمگە ئىگە قىلغان

بىلىشكە تايانغاندا بار نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ، تەسەۋۋۇرغا تايانغاندىلا يېڭى نەرسىلەرنى بايقىغىلى بولىدۇ. ئىجادىيەت بىلىم كۈچىگە ئەمەس، تەسەۋۋۇر كۈچىگە باغلىق بولىدۇ. ئاپتور «كرورەنلىك باللار» ناملىق بۇ چۆچەكلىك روماندا، باي تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىيەتتىكى يۈكسەك ماھارىتىگە تايىنىپ، كرورەننىڭ تارىخى، قەدىمكى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مەشھۇر شەخسلەر، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ مىللىتىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى، دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئۇيغۇر 12 مۇقامى، ئالاھىدە كەشپىياتىنىڭ بىرى بولغان كارىز، شۇنداقلا مىللىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلارنى قويۇق مىللىي پۇراق ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋەقەلەر ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، باللارنىڭ تارىخنى، تارىخىي شەخسلەرنى، ئۆز مىللىتى ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنى، جۇملىدىن دۇنيانى چۈشىنىشىگە ئىمكانىيەت ھازىرلىغان. ئاپتور ئەسەردە يازلىق تەتىلدە دەم ئېلىشقا چىققان تۇرگۇن، تۇيغۇن، ئايچەش، زۇمرەت قاتارلىق تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان ھەم ئۆز خىياللىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن»لەرگە جاۋاب تېپىشقا ئىنتىلىدىغان، شوخ ئەمما ئەقىللىق باللارنى ئۈۋىسىدىن تاسادىپىي يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، يىلانغا يەم بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن، تېخى سىبىرىق تۈكمۇ چىقمىغان قاغا بالىسىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن تاجلىق دانىشمەن قاغىنىڭ رەھمەت ـ تەشەككۈرىنىڭ ئىنئامى بولغان زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ ئۆتىدىغان «چىكىلدا سائىتىم»، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تىلىنى بىلگىلى بولىدىغان «تىلىڭ چىق، تىلىڭ تاش»، خىيال قىلغانلىكى نەرسىنى شۇ ھامان پەيدا قىلالايدىغان «چىمچىق، شوك»، يامانلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ ئاجىزلارغا ياردەم بىرەلەيدىغان «تەپكەك باتۇر، تاز قارا» قاتارلىق بىر ـ بىرىدىن قالتىس سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە «تۆت ئەڭگۈشتەر»گە ئىگە قىلغان ھەم ئەڭگۈشتەرلەرنىڭ ياردىمىدە بۇ باللارنى قەدىمدىن ھازىرغا، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە بولغان نۇرغۇن جايلارغا ئاپىرىپ، ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق ئەھمىيەتلىك ساياھىتىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن. ئاپتور يەنە كىروەن مەلىكىسىنىمۇ رومانىدىكى پېرسوناژلار قاتارىغا قوشۇپ، ئۇنى ئاجايىپ قىزىقارلىق ساياھەتكە قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق، رومانىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. شۇ ئارقىلىق باللارنى قەدىمكى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن، ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە مىللەتتىكى مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر بىلەن بىمالال ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، ئاپتور بۇ باللارنى بۈددىست شائىر ۋە تىلشۇناس، تەرجىمان كۇچارلىق كومىراجىۋا، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ باشلامچىسى يەنى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرى قاتارلىق ئالىملار بىلەن ھەتتا ئۇلارنىڭ باللىق دەۋرى بىلەنمۇ ئۇچراشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتور بۇ باللارنى ئېلىمىزنىڭ مىڭ دەۋرىدە ياشىغان، 18 يېشىدىن باشلاپ ئەمەل تۇتۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى كېزىش، تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان، داڭلىق سەيياھ، جۇغراپىيەشۇناس، «شەرقنىڭ ماركوپولوسى» دەپ نام ئالغان شۈي شياكې بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، گۈزەل خۇاڭشەن تېغىدا شۈي شياكې بىلەن بىللە ساياھەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. باللارنىڭ ھەممىنى بىلىشكە ئىنتىلىدىغان گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئاپتور قەلىمى ئاستىدا ناھايىتى ئاسان رېئاللىققا ئايلىنىپ،

باللارغا چەكسىز شادلىق ئاتا قىلىدۇ. ئاپتور بۇ تارىخىي شەخسلەرنى باللارغا تونۇشتۇرۇشتا سېھىرلىك ئەڭگۈشتەرلەرنىڭ ياردىمىدىن ھەم باللارنىڭ ئويۇن ئويناشقا ئامراق بولۇشتەك تۇغما ئالاھىدىلىكىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. باللارنى يەنە «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» ناملىق باللار چۆچىكى بىلەن دۇنيا باللىرىنىڭ گۆدەك قەلبىگە ئىنسانپەرۋەرلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، باللار چۆچەك ئىجادىيىتىنىڭ «پىرى» (ئۇستازى) دەپ نام ئالغان دانىيەلىك ئاندېرسېن ۋە سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ئۇلار بۇ قىزنىڭ توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىمايدۇ، ئۇنىڭغا كەپسىز بالا ئېلىپ قېچىپ كەتكەن بىر پاي كەشنى تېپىپ بېرىدۇ، ساتالمىغان سەرەڭگىلىرىنى سېتىپ ئۇنى دادىسىنىڭ تاياق ـ دەشنامىلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. بۇ يەردە، ئاپتور باللارنىڭ سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاققا بولغان ھېسداشلىقى ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئارزۇلىرىنىمۇ ئاشۇ سېھىرلىك ئەڭگۈشتەرلەرنىڭ ياردىمىدە رېئاللىققا ئايلاندۇرغان. باللارنى مەشھۇر رەسىم «مونالىزا»نىڭ ئاپتورى داۋىنچى ۋە تىنچلىق كەپتىرىنى سىزغان مەشھۇر رەسسام پىكاسسو بىلەنمۇ ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رەسىم سىزىشتىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇتىدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇنداق گۈزەل ئارزۇلارغا تويۇنغان قىزىقارلىق توقۇلمىلار ئارقىلىق بالا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرغان. روماندىكى ھەر بىر ۋەقەلىك، ھەر بىر مەزمۇن بىر خىل ھايات پەلسەپەسىنى ئىپادىلىگەن. پەرھات ئىلياس بۇ چۆچەكلىك رومان ئارقىلىق، باللار كۆرۈشنى، بىلىشنى ۋە بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان دۇنيانى سەيلە قىلدۇرغان. ئاپتور يەنە باللارنى قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ھەر قايسى تارىخىي دەۋردە ياشىغان، تۆھپىكار ئالىم، تەتقىقاتچىلار، يازغۇچى، رەسساملار بىلەن بىمالال ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، نۇرغۇن ھايات ھېكمەتلىرىنى، يېڭىلىقلارنى، چۈشىنەلمىگەن سىرلارنى خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق يېشىپ، باللارنى مول ۋە چوڭقۇر تارىخىي بىلىمگە ئىگە قىلغان.

### 2. قەدىمكى تىل ـ يېزىق ۋە يازما مەدەنىيەتنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتقان

تىل ـ يېزىق ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە گېرمانىيەلىك تىلشۇناس ياكوپ گىرىم: «بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر. بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئۇستىخان ـ سۆڭەك، قەبرە ـ كېپەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بىر پاكىت باركى، ئۇ بولسىمۇ دەل ئۇلارنىڭ تىلىدۇر»① دەيدۇ. ئاپتور روماندا تىل ـ يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى خاتىرىلەشتە، بىر پۈتۈن مەدەنىيەتنى ساقلاپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتە موھىم رول ئوينايدىغانلىقى، ئۇنى توغرا قوللىنىشنىڭ تىل ـ يېزىق ۋە ئالاقە ئىشلىرىدىلا مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مېدىتسىنا ئىلمىدىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى، ئەگەر مېدىتسىنا ئىلمىدە بىرەر ھەرىپنىڭ ئورنى ۋە كۆرسەتمىسى ئالمىشىپ قالسا ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقى، خىمىيەلىك بەلگىلەر توغرا بولماي ئالمىشىپ قالسا، ئېغىر ئاقىۋەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، باللارغا يېزىق ۋە ھەر بىر ھەرىپنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنى مۇكەممەل ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتقان.

ئەسەردە ئاپتور سېھرىي ئەڭگۈشتەرلەرنىڭ ياردىمىدە گېرمانىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدىكى مىڭئۆي رەسىملىرى، ھەر خىل قول يازمىلار، ھەتتا ھەرپلەرنىڭ نالە ـ پەريادلىرى، ئۇلارنىڭ يۇرتقا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىنى مۇنداق سۈرەتلىگەن:

«ــ ھەي، نېمىسنى دەيسەن، ــ دېدى كاسىپ بۇرخان ئېغىر خۇرسىنىپ،ــ بۇ يەردە مەھبۇسلۇقتا ياشاۋاتقىنىمغا بىر ئەسىر بولاي دېدى. ئۆز يۇرتۇمنى، ئۆز ئېلىمنى خويمۇ سېغىندىم. ئۇۋۇلۇپ توپىغا ئايلىنىپ كەتسەممۇ، ئۆزۈم ئاپىرىدە بولغان ئاشۇ تۇپراققا قوشۇلۇپ كەتسەم دەيمەن....

ــ بۇنىڭدىن توقسان يىل ئىلگىرى مۇشۇ يەرلىك لېكوك دېگەن بىر سەيياھ قىزىل مىڭئۆينىڭ تېمىدىن مېنى ئويىۋېلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن. بۇ يەردە مەن بىلەن بىللە كەلگەن باشقا قېرىنداشلىرىممۇ بار....

① ئەسئەت سۇلايمان: «نەۋائىي ۋە ئانا تىل غۇرۇرى »، «مىراس ژۇرنىلى» 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان.

ـ بىز ئانا ماكانىمىز دۇنخۋاڭدىكى مىڭئۆيدە تۇرساقلا ئاندىن ئۆزىمىزنى بەختلىك سېزىمىز، ــ دېيدى رەسىمدىكى بىر راھىپ»①.

ئاپتور بۇ دىئالوگلار ئارقىلىق، باللارغا دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ماددىي، مەنىۋى بايلىقىنى قوغداشنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغان.

## 3. باللارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بەرگەن

«سەن ۋەتەننى قوغدايدىغان جەڭچى بولۇپ قالسەن، بىلىشىڭ كېرەككى، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ــ ۋەتەن، سۆيۈملۈك خەلق، سۆيۈملۈك دۆلەت. ئارىمىزدىن بىرەر كىشى كەم بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ۋەتەن ئاۋالقىدەكلا مەزمۇت تۇرۇۋېرىدۇ؛ لېكىن ئارىمىزدىن بىرەر كىشى ۋەتەندىن ئايرىلىدىكەن، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ②. پەرھات ئىلياسنىڭ بۇ باللار رومانىنى باللارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا يۇقىرى قىممەت ياراتقان نادىر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

ئاپتور ئەسەر قەھرىمانلىرىنى جوڭغار ئويمانلىقىدىكى «شەيتانكەرەش» دېگەن جايغا باشلاپ بېرىپ، ئەڭگۈشتەرنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسمى، تەققى ـ تۇرقى بىر ـ بىرىدىن غەلىتە، قورقۇنۇشلۇق شەيتانلار بىلەن ئۇچراشتۇرغان ھەم ئۇلارغا شەيتانىنڭمۇ ئاجىز قورقۇنچاقلارنى بوزەك قىلىپ ھوزۇرلىنىدىغانلىقى، كۈچلۈكلەردىن قورقۇپ چىقالمايدىغانلىقىنى، باتۇر، چىداملىق، ھوشيار بولۇپ يېتىلىشنىڭ ئۆز ۋەتىنى، يۇرتى ۋە خەلقىنى قوغداشتا قىممەتلىك روھ ئىكەنلىكىنى تونۇتقان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەرگە يەنە لوپ كۆلى، باغراش كۆلى، ئوپالدىكى تاش بېلىق تېغى، ئەجدەرھا غارى، نورۇز بۇلاق، ئىلىنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى، ئىچكىرىدىكى مەشھۇر تاغلاردىن خۇاڭشەن تېغىدەك گۈزەل مەنزىرىلىك جايلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى گۈزەل ئەپسانە رىۋايەتلەرنى قىستۇرۇش بىلەن بىللە، باللارنى يەنە چىگرا ئاتلاپ باللارنى ياپونىيەدىكى دېىسنىي باغچىسىغا، پارىژنىڭ سىمۋولى بولغان «ئېففىر تۆمۈر مۇنارى» جايلاشقان ئورۇنلارغىمۇ باشلاپ بېرىپ، ئۇلارغا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار ئەۋلادلاردىن ئىكەنلىكىنى تونۇتقان.

## 4. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتقان

پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا نۇرغۇنلىغان قولايلىق شارائىتلارنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، يەنە كىشىنى چۆچۈتكىدەك ئېغىر كىرزىس ئېلىپ كەلدى. ئېكولوگىيە كىرزىسى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىشى ھەر قايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇ قاتاردا توختى ئايۇپتەك بىر قىسىم مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىلىرىمىز بۇ مەسىلىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ مۇھىتقا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى مۇھىتنى ئاسراشقا چاقىردى...

پەرھات ئىلياس ئېكولوگىيەنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى تېمىنى ئىنسانلارنىڭ ئۆز پۇشايمانلىرى ياكى كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەبىئەتنى ۋە تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزىنى سۆزلىتىش ئارقىلىق باللارنى قايىل قىلغان ھەم ئۇلارغا ئانا تەبىئەتنى قوغداشنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چوڭقۇر ھەقىقەتنى بىلدۈرگەن.

ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بۇ ئۆسمۈرلەر ئەڭگۈشتەرلەرنىڭ ياردىمىدە توغراقلارنىڭ يىغا ئاۋازىنى، قومۇشلۇقلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى، ئىشەكلەرنىڭ نارازىلىقىنى، ياۋا تۆگىلەرنىڭ چۆلگە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى ئاڭلايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئارقىمۇئارقا تاسادىپىي ئۇچرىشىشلار باللىق قەلبىنىڭ تەبىئەتكە بولغان ئۆزۈلمەس قىزىقىشىنى نامايان قىلىدۇ.

---

① پەرھات ئىلياس: «كرورەنلىك باللار»، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 85 ـ، 88 ـ بەت.

② ئادىل مۇھەممەت، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «سۇخوملىنسكىي مۇنداق دەيدۇ»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 28 ـ بەت.

«ــ ئادىمىزاتنىڭ ئايىغى يەتتىمۇ، بولدى، بىز قۇمۇشلارغا ياخشى كۈن يوق، ــ دېدى يانىدىكى ئېگىز ئۆسكەن بىر تال قۇمۇش يەنە بىر تال قۇمۇشقا پۈپۈكلۈك بېشىنى يىقىن ئاپىرىپ شىۋىرلىغىنىچە.

ــ مۇنۇ ئادىمىزات بالىلىرىنى باشلاپ پۈتكۈل قۇمۇشلۇق ئېلىنى كۆرسىتىپ چىققىن، ئۇلارغا بىز قۇمۇشلارنىڭ قانچىلىك بۈيۈك ئەل ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قوي، ئاندىن ئۇلار پۈتكۈل ئادىمىزاتقا ئادىمىزاتنىڭ بىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلسۇن.

ــ سۇنى ساپلاشتۇرۇش بىز قۇمۇشلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىمىز، بىز پايانسىز سوزۇلۇپ كەتكەن يىلتىزلىرىمىز بىلەن سۇدىكى فوسفور، سىنىك، كاربون قاتارلىق يۈز نەچچە خىل زىيانلىق ماددىنى سۈمۈرۈپ، سۇنى ساپلاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشتا غايەت زور تۆھپە قوشۇپ كەلگەن. ئادەملەردىكى مۇھىت ئېلمىنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە ئاران قىرىق، ئەللىك يىل بولدى. ئۇلار تەرەققىي قىلدۇق دەپ زاۋۇت ـ كانلارنى ھە دەپ كۆپەيتتى، كېرەكسىز، پاسكىنا سۇلارنى كۆپلەپ قويۇپ بېرىپ، نۇرغۇن كۆل ـ دەريا، باغ ـ بوستانلىقلارنى ۋەيران قىلدى، تاپقان ئازغىنە پۇل بەدىلىگە ئاقىۋەتتە يۇرت ـ ماكان چۆللىشىپ خانىۋەيران بولدى... شۇڭا، ئادىمىزاتتىكى بۇ خىل تەرەققىياتنى ھەرگىزمۇ نورمال تەرەققىيات دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت مۇھىت ئېگىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان تەرەققىياتلا ھەقىقىي تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ...

ـ قاراش جەھەتتە ئىنسانلار بىلەن ئەڭ چوڭ پەرقىمىز شۇكى، سىلەر ئۆز خاھىشىڭلارغا ئاساسەن تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىسىلەر، ئەمما، بىز قۇمۇشلارچۇ، تەبىئەتنى بەك مۇقەددەس بىلىمىز. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگەرسەك ئۆزگىرىمىزكى، ھەرگىز ئۇنى ئۆزگەرتىش ئويىدا بولمايمىز...»

ئاپتور بۇ دىئالوگلار ئارقىلىق، بالىلارغا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆزگىچە خاس رولى بارلىقىنى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، تەبىئەتنىڭمۇ ئىنسانلاردىن ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى قۇمۇشلار ئېچىدىن چىققان ئۇقۇمۇشلۇق يىگىت بىلدۈرگەكنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئارقىلىق ھېس قىلدۇرغان. ئاپتور ئەسەردە قۇمۇشلارنىڭ شىكايەتلىرىدىن باشقا يەنە «غېرىپ ئۇۋا»، «ماڭالايدىغان ئورمان» قاتارلىق كىچىك ماۋزۇلار ئاستىدا چوڭقۇر پەلسەپەۋىلىك ھېكمەتنى يەنى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ ئاجرالماس بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى، ئەگەر تەبىئەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلسا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە زور بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرگەن. شۇڭا، بۇ رومان بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپ تەبىئەتنى سۆيۈش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتە ئەڭ ياخشى قوللانمىلىق رول ئوينايدۇ.

ئاپتور ئەسەرنى «ئاي سەيلىسىگە يەنە كېلىڭلار» ناملىق ماۋزۇ ئاستىدا بالىلارنىڭ مۇراجىئەتنامىسى ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن خۇلاسە ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە تەتقىقاتچىلاردىن تەبىئەتنى قوغداپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلىگىدەك نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىشنى ئۈمىد قىلغان.

**5. بالىلارنى ئېستېتىك تەربىيەگە ئىگە قىلىشتا يۇقىرى قىممەت ياراتقان**

ئېستېتىك تەربىيە ـ پېداگوگىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا، توغرا گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈش، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ۋە گۈزەللىك يارىتىش توغرىسىدىكى تەربىيەدىن ئىبارەت. پەرھات ئىلياسىنىڭ «كرورەنلىك بالىلار» ناملىق رومانى بالىلارغا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك تەربىيەسى بەرگەن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پېداگوگىكى ۋ. ئا. سۇخوملىنىسكىي گۈزەللىك ھەققىدە توختىلىپ: «گۈزەللىك ئىنسان تەبىئىتىنى چېنىقتۇرىدۇ. بىر ئادەم بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا گۈزەللىك تەربىيەسى ئالسا، بولۇپمۇ بەزى ياخشى كىتابلارنى ئوقۇسا، بارلىق گۈزەل نەرسىلەردىن تەسىرلىنىشكە ۋە تولۇق بەھىر ئېلىشقا ماھىر بولسا، ئۇنى باغرى قاتتىق، رەھىمسىز، شەرمەندە، چاكىنا، شەھۋانىيپەرەسلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن»① دېگەن. روماندا تەسۋىرلەنگەن بۇ بالىلار ئەڭگۈشتەرلەرنىڭ

---

① تۇرسۇن قۇربان: «مائارىپ ۋە بالىلار ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 97 ـ بەت.

ياردىمىدە، توغرۇل دېگەن بىر زالىم نەپسانىيەتچى تەرىپىدىن خاسىيەتلىك يىپ ئىگىرىش چاقى بىلەن دەستىگاھى تارتىۋېلىنىپ، جىنكەشىنىڭ ئەپسۇنى بىلەن توغراققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جەم بولۇشىغا، ئايىوروۇق مەلىكىسىنىڭ كۆكۈلدىكى سۆيگەن يىگىتى بىلەن توي قىلىشىغا، يالغۇزلۇق دەستىدىن ئۈمىدسىزلىكتە قالغان فىرانسىيەلىك رۇسسۇ بوۋاينىڭ ياشاش ئىشەنچىسىنىڭ قايتا تۇغۇلۇشىغا، ھاراقكەش كاباتانىڭ ھاراق تاشلاپ ياخشى ئادەم بولۇشىغا، ئافرىقىلىق ئەما بوۋاينىڭ بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن پەيدا بولغان ئازابتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، رەزىللىكنى يوقىتىش، نامراتلارنى يۆلەپ، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى بۇ ھېكايىلەر بالىلارنىڭ گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خوشاللىق دەپ بىلىدىغان تۇغما ئاقكۆڭۈللۈكىنى، ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ رومان بالىلارغا ئادىمىيلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك تەربىيەسى بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى — بالىلارنى سەنئەت جەھەتتىن ھوزۇرلاندۇرۇپ تەربىيەلىگۈچىلەردۇر. چۈنكى، بالىلار ئۆزلىرىگە بېغىشلانغان ئەسەرلەردىن ھوزۇر ئالىدۇ ۋە ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا، بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يېزىشتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۈل ئەمما ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بالىلارنى ھەقىقىي، ساغلام گۈزەللىك (ئېستېتىك) تەربىيەسىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىكى ھالقىلىق مەسىلە، ئالدى بىلەن يازغۇچى ئېستېتىك تەربىيەگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پەرھات ئىلياسنى سەنئەت جەھەتتە مۇكەممەل تەربىيەگە ئىگە تالانت ئىگىسى دېيىش ئارتۇق كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

يىغىپ ئېيتقاندا، «كرورەنلىك بالىلار» رومانى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى كۆپ قىسىملىق بالىلار رومانى بولۇشىغا قارىماستىن، كۆپ قاتلاملىق تەربىيەۋىچانلىققا ئىگە قىلىنغان، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ بالىلارنىڭ پسىخىكىسىغا مۇۋاپىقلاشقان نادىر رومانىدۇر. ئەسەر باشتىن ـ ئاخىر نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، تار مەھكىمچىلىكنى قامچىلاش، پاكلىق، ئادالەت، مېھىر ـ مۇھەببەتنى مەدھىيەلەش روھىغا تولغان. شۇڭا، بۇ ئەسەر يالغۇز بالىلارنىلا تەربىيەلەپ قالماستىن، يەنە ئاتا ـ ئانىلارنى تەربىيەلەشتىمۇ قىممەتلىك قوللانما.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھنۇر يۇنۇس

# ئاكادېمىيەمىزدىكى نوپۇزلۇق ئاز سانلىق مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى



جاقىپ مىرزاقان، قازاق، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر تارىخى، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ، مىللەت، دىن، قازاق مەدەنىيىتى ۋە يىپەك يولى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ش ئۇ ئا ر تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ۋە باشلىقى، قازاق خەلقىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى، قازاق تارىخى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچى. ئۇ 1940- يىلى ئىلى ئوبلاستىنىڭ قورغاس (بۇرۇنقى سۇيدۇڭ) ناھىيەسى ساربۇلاق يېزىسىدا ئاددىي قازاق چارۋىچى بىرلىك مىرزاقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1958- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) تارىخ- جۇغراپىيە فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1959- يىلى فېۋرالدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسى تارىخ تەتقىقات بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان. 1960- يىلدىن 1981- يىلغىچە ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا، 1981- يىلدىن 1986- يىلغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تارىخ ئىنستىتۇتىدا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئارىلىقتا 1981- يىلى بېيجىڭدا لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىر يىلى بىلىم ئاشۇرغان، 1983- يىلدىن 1985- يىلغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ ئاسپىرانتلىق ئوقۇش ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

جاقىپ مىرزاقان 1979- يىلدىن بۇيان شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، 1982- يىلدىن بۇيان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ تۇنجى رومانى «ئارمان يولىدا» (1979- يىلى)نىڭ ئاپتورى، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «تاڭقوراي» رومانى (1984- يىلى)، «دالا گۈلى» (1984- يىلى)، «تەقدىرنىڭ تارتۇقى» (2005- يىلى)، «ئالتۇن ئۇۋا» (2010- يىلى) قاتارلىق ھېكايە- نەسرلەر، ئوچېرىك- ئەسلىمىلەر توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرغان.

جاقىپ مىرزاقان شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە تۆت توملۇق «قازاق ئەدەبىياتى تارىخى»، «قازاق مەدەنىيىتىگە نەزەر» ۋە كۆپ توملۇق «جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى قازاقلارغا مۇناسىۋەتلىك دېرەكلەر» قاتارلىق دۆلەتلىك ئىلمىي تېمىلارنىڭ يېزىلىشى ۋە تەرجىمە قىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، باش تۈزگۈچى ۋە باش مۇھەررىر بولغان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن چىقىدىغان «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (قازاقچە) ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» ۋە «جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان. «قازاقشۇناسلىق ھەققىدە مۇھاكىمە»گە يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇ تەتقىقاتلار ئاساسىدا نەشردىن چىققان كىتابلارنىڭ باش تۈزگۈچىسى بولغان. 2000- يىلدىن بۇيان «قازاق تارىخىدىكى داڭلىق شەخسلەر» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتىدىن چىقىۋاتقان 40 نەچچە كىتابقا باش مۇھەررىر بولغان. قازاقىستاندا چىقىدىغان «ۋەتەن تارىخى» ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا چىقىدىغان «شۇغىلا»، «مۇرا (مىراس)» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى. مەملىكەت ئىچى- سىرتىدا ھازىرغىچە نەشردىن چىققان «جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى قامۇسى»، «جۇڭگو يازغۇچىلىرى قامۇسى»، «جۇڭگو ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر قامۇسى»، «قازاقىستان مىللىي ئېنسكلوپېدىيەسى»، «دۇنيادىكى داڭلىق شەخسلەر قامۇسى»، «قازاقىستان ئەدەبىيات ئېنسكلوپېدىيەسى»، «شىنجاڭ ئېنسكلوپېدىيەسى» قاتارلىق 10 نەچچە ئېنسكلوپېدىيە- قامۇستا ئۇنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئەسەرلىرى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ «ئارمان يولىدا» ناملىق رومانى 1982- يىلى جۇڭگو قازاق يازغۇچىلىرىنىڭ رومانلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. «قازاق مىللىتى» (1989- يىلى)، «قازاق خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئۆرپ- ئادىتى» (1999- يىلى)، شۇنداقلا ئۇ باش تۈزگۈچى بولغان «قازاق مەدەنىيىتىگە نەزەر» (2001- يىلى) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى ئىلگىرى- كېيىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان ھەمدە 1-، 2-، 3- دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر ۋە مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىلىم- پەن مىنىستىرلىقى ۋە پەنلەر ئاكادېمىيەسى 1998- يىلى جاقىپ مىرزاقانغا «ھۆرمەت ساھىبى» نامىنى بەرگەن. ئۇنىڭ «قازاق مىللىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆرپ- ئادىتى» ناملىق ۋەكىللىك ئىلمىي ئەسىرى قازاقىستاننىڭ «يالقۇن» نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004- يىلى «تارىخ سەھىپىسىدە» دېگەن نام بىلەن نەشردىن چىققان. ئۇ باش تۈزگۈچى بولۇپ نەشر قىلدۇرغان «جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى قازاقلارغا مۇناسىۋەتلىك دېرەكلەر» ناملىق تەرجىمە ئەسىرىنىڭ 1-، 2- تومى 2006- يىلى قازاقىستاننىڭ «ھۆنەر» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

جاقىپ مىرزاقان 1981- يىلدىن باشلاپ ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ھازىرغىچە 100 دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. «قازاق مىللىتى» (1989- يىلى)، «قازاق خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى» (1992- يىلى)، «تارىخىي ئېتنوگرافىيەلىك تەتقىقاتلار» (1990- يىلى)، «ئەسىرلەر سەھنىسىدە» (2004- يىلى)، «ئابىلايخان» (2000- يىلى)، «كۆچلۈكخان» (2002- يىلى) ۋە «قازاق تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» (2001- يىلى) قاتارلىق سەككىز ئىلمىي ئەسەرنى نەشر قىلدۇرغان. 1980- يىلى ياردەمچى تەتقىقاتچى، 1987- يىلى كاندىدات تەتقىقاتچى، 1992- يىلى تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1988- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ياش- ئوتتۇرا ياش مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان. 1988-، 1995-، 2000- يىللىرى ئۈچ قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس نامىغا ئېرىشكەن. 1991- يىلدىن تارتىپ گوۋۇيۈەنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولىدىغان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس نامىغا ئېرىشكەن.

主 管 单 位：新疆社会科学院
主 办 单 位：新疆社会科学院
出　　版：新疆社会科学杂志社
编　　辑：新疆社会科学杂志社维吾尔文编辑部
总　　编：阿不都热扎克·铁木尔
临时负责人：买买提·莫明
地　　址：新疆乌鲁木齐市北京南路 246 号
邮　　编：830011
电　　话：(0991)3837937
电 子 信 箱：pantatkikat@sina.com
国际标准刊号：ISSN1002—9052
国内统一刊号：CN65—1038/C
邮 发 代 号：58—81
国内总发行：新疆乌鲁木齐市邮政局
封 面 印 刷：新疆新华印刷厂
内 页 印 刷：新疆八百印务有限公司
广告经营许可证：6500006000035
定　　价：5.00 元

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەرى ژۇرناللار نەشرىياتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: ئابدۇرازاق تۆمۈر
ۋاقىتلىق مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەدجان مۆمىن
ئادرېسى: ئۈرۈمچى بېيجىڭ جەنۇبىي كوچىسى 246- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830011
تېلېفون نومۇرى: 0991–3837937
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: pantatkikat@sina.com
خەلقئارا ئۆرتاق نومۇرى: ISSN1002–9052
دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 – 1038 /C
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 81 – 58
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مۇقاۋا شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئىچكى بەتلىرى شىنجاڭ بابەي باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000035
باھاسى: 5.00 يۈەن